موللا سىدىق يەركەندى

# سەددى ئىسكەندەرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سەددى ئىسكەندەرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

موللا سدىق بەركەندى

# سەددى ئىسكەندەرى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقەييۇم خوجا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر كلاسسىك
# ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار
## تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

تۆمۈر داۋامەت ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى )

مىجىت ناسىر ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

مەمتىمىن يۈسۈپ ( تەتقىقاتچى )

مۇھەممەت ئىسمايىل ( ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى )

ئابدۇرېھىم رەجەپ ( دوتسېنت )

ئوبۇل ئىسلام ( ئالىي مۇھەررىر )

جاڭ خۇڭچاۋ ( كاندىدات تەتقىقاتچى )

قەييۇم تۇردى ( 1- دەرىجىلىك يازغۇچى )

ئىمىن تۇرسۇن ( ئالىي مۇھەررىر )

شەرىپىدىن ئۆمەر ( پروفېسسور )

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

لىيۇ بىڭ ( تەتقىقاتچى )

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# سۆز بېشى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى . ئۇ قەدىمىيلىكى ، كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى ، تۈرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى ، شەكلىنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى ، دەۋرى جەھەتتە ئىزچىللىقى ، بەدىئىي سەنئەت يېقىدىن دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقى ، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي ، تەربىيىۋى قىممىتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە ، مەسىلەن : پەلسەپە ، تارىخ ، ئېتنوگرافىيە ، دىن ، سەنئەت ، جۇغراپىيە ، لوگىكا ، تىلشۇناسلىق ، ئاسترونومىيە ، ئەخلاق ۋە ئىنسانشۇناسلىق ، ھوقۇقشۇناسلىق ، ئۆرپ - ئادەت ، تېبابەت ، مىللەتشۇناسلىق ، سىياسەت ، ئىقتىساد ، ھەربىي ئىشلار ... قاتارلىق ساھەلەرگىچە بېرىپ چېتىلىدۇ . بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى نوقۇل ئەدەبىي نۇقتىدىنلا ئەمەس ، بەلكى ئىلىم - پەننىڭ باشقا بارلىق ساھەلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن . ئۇلار بۇ مىراسلار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقچىللىق ، قەھرىمانلىق غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببەتكە ، ۋاپادارلىققا ، ساداقەت ۋە سەمىمىيلىككە ، چىنلىق ۋە گۈزەللىككە ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇغان . مۇناپىقلىق ، زالىملىق ، رىياكارلىق ، ۋاپاسىزلىق ، ساختىلىق ، ياۋۇزلۇق ، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت بىلدۈرگەن . ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى ، ئىزگۈ

ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل شەكىل ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلغان .

ئەدەبىي مىراسلىرىمىز گەرچە تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەل- گەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس . كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ ، كۆچۈرۈلۈپ ، خېلىلا كەڭ تۈردە تارقالغان . بۇ ئەدەبىي مىراسلار مەيلى سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن ، ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر .

ئازادلىقتىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش ، رەتلەش ، نەشىر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى . بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يە- غىش ، رەتلەش ، نەشىر قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى . ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت يېزىلغان ، مىڭلىغان قول يازمىلار ساقلىنىپ ياتماقتا . بۇ قول يازمىلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلار ، سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە - يېگانە نۇسخىلارمۇ بار . ئۇلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇشى- مىزنى ، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا . كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ، دەسلەپكى قەدەمدە 30 پارچە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى نەشىر قىلىپ قۇتقۇزۇشنى پىلانلىدى . بۇ ئەسەرلەر قىسمەن قەدىمكى

ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، كۆپ قىسمى 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان بۇ 30 پارچە ئەسەر ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۈرلۈك قول يازمىلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر. يەنە بەزىلىرى باشقا نۇسخىلىرى تېخى بايقالمىغان، يەككە-يېگانە قول يازمىلاردۇر. بۇلارنى قۇتقۇزۇش، تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت — قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيىتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئېنىقلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكستولوگىيىلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى.

جەمئىيىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇشنى پىلانلىغان بۇ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا جەمئىيىتىمىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت

ئورگانلىرى ، كۆپلىگەن كەسپىي ئورۇنلار ، كارخانىلار ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قەدىرلىگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى . بۇ جەھەتتە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى گەرچە يۈزلىگەن پېشقەدەم ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى ، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشتا قەدەم قويغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە ، ماسلىشىشىغا موھتاج . شۇڭا ، جەمئىيىتىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىمىزگە يەنىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى ، يېڭىدىن بايقالغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈشىنى ، شۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ . تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ .

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، ئۇنىڭدا يا ئۇنداق ، يا مۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال . شۇڭا ، كلاسسىكلار ۋە كلاسسىك مىراسلارغا باھا بەرگەندە ، تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم .

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى، ئەدىب، موللا سىدىق يەركەندى ئۆز زامانىسىدىكى يەركەننىڭ ھۆكۈمدارى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە تەشەببۇسى بىلەن ئۇلۇغ ئەدىب ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقىپ، مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگنىڭ ھۆكۈمى، تەشەببۇسى ئىتنۋارى بىلەن بۇ كاتتا ئەسەرگە «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» دەپ نام بېرىدۇ.

«سەددى ئىسكەندەريى» ئەنە شۇ «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» ناملىق ئەسەر ئىچىدىكى زور ھەجىملىك مۇھىم تارىخىي قىسسىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇلۇغ ئەدىب ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ مەشھۇر «خەمسە» سى ئىچىدىكى «سەددى ئىسكەندەريى» نى تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساسىي تېما قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەردە مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 - يىلدىن 323 - يىلغىچە ھايات كەچۈرگەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 336 - يىلدىن 323 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا 13 يىللىق پادىشاھلىق ھاياتىدا ئۆز دۆلىتىنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئىستىلا قىلغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) نىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرى، ھەيران قالارلىق ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنغان. ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسىرىدە ئىسكەندەر توغۇلغاندىن تارتىپ

ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى، ئەتراپتىكى پادشاھلىقلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەمەلىي ئەھۋاللىرى، جەڭگى - جېدەللىرىنى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا سۈرەتلەپ بېرىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «سەددىي ئىسكەندەرىي» نوقۇل ھالدا تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ گۈزەل، باياشاد، غايىۋى جەمئىيەت ۋە ھەققانىي، ئادىل، قابىلىيەتلىك پادىشاھ ھەققىدىكى تىپىك تەسەۋۋۇرلىرى، دۆلەت، پادشاھ ۋە پۇقرالاردىن كۈتىدىغان تىلەك، ئارزۇ - ئارمانلىرى گەۋدىلىك ھالدا سۈرەتلەنگەن بىر بەدىئىي ئەسەردۇر. بولۇپمۇ ئىسكەندەر ئوبرازى تارىخىلىق بىلەن غايىۋىلىك يۇكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان بەدىئىي تىپ. ئۇ تارىختىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئەينەن ئۆزى بولماستىن، بەلكى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بەدىئىي پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەن، يۇكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۇرۇلگەن ۋە تاكامۇللاشتۇرۇلغان ئىدېئال ئوبراز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىك سۇژىتلىرى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنىڭ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۇرۇلۇش بىلەن بىللە يەنە مۇئەييەن دەرىجىدە ئىدېئاللاشتۇرۇلۇش ۋە بەدىئىي يۇكسەكلىككە كۆتۇرۇلۇش ئارقىلىق، تېخىمۇ مۇكەممەل، كەم - كۈتىسىز قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتىشىمىز كېرەك. «سەددىي ئىسكەندەرىي» داستانىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرلەشتۇرۇلگەن نۇسخىدىمۇ ئەسلى تېكىستىگە سادىق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا، بۇ كاتتا تارىخىي قىسسىدىكى بەزى ئەپسانىۋى دېتاللارغا، مۇبالىغە ۋاستىلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، ئۇنى توغرا ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئامىللارنى ئەسەردىكى

www.uyghurkitap.com

تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن بولغان ۋەقەلىك ھەم پېرسوناژلار تەسۋىرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز ، ئۇلارنى قارا - قۇيۇق ئارىلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋالماسلىقىمىز كېرەك .

« سەددى ئىسكەندەرىي » نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يەشمىسى « نەسىرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ » نىڭ شىئۇئار تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 0013 - نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

*بۇ سۆز گۆھەرلىرىنى چىچىشتىن بۇيۇك مەقسەت تارىخ ئىلمى خەزىنىسىدىن خەۋەر بېرىش؛ بۇ ھېكايەت جەۋھەرلىرىنى ئېچىشتىن مۇراد بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، تۆت تەبىقە ئەجەم پادىشاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى*

## بىرىنچى تەبىقە پىشدادىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بايان قىلىندى

ھەقىقەت ئەھلىنىڭ يېزىشىچە، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام خىلافەت تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن تاكى مەككە پادىشاھى دەپ لەقەم ئالغان، ئەجەم ۋە ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبىرى، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ پادىشاھى، ئىلاھىي ئىلىملەرنىڭ خەۋەردارى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پادىشاھلارنىڭ ئارىسىدا بولغان ۋەقەلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، تارىخلارنى ئوقۇشقا ناھايىتى كۆپ بېرىلدىم. نەتىجىدە ئەجەم پادىشاھلىرىدىن تۆت تەبىقە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئېنىقلاندى، تارىخ يېزىشقا كىرىشكەن ھەقىقەت ئىگىلىرى ئۇلارنى «مۇلۇكى ئەجەم» دەپ يازغان. گەرچە ئۇ تارىخ كىتابلىرىدا ئىختىلاپ بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ئىختىلاپلارنى ئەپۇ قىلغان. چۈنكى، بۇ دەۋرانىنىڭ ئىختىلاپلار بىلەن تولغان ھاۋادىساتلىرى تۈپەيلىدىن تارىخ كىتابلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، بۇ پەندە نۇرغۇن كەمتۈك جايلار پەيدا بولغان. شۇنداقتىمۇ تارىخ ئەھلىنىڭ كىتابەت

بـايانـلـرى ئىچىدە ھەزرىتى شەيخ نىزامىنىڭ تارىخىي ئەسىرى ئەڭ مۆتىۋەر- دۇر . مەن باشقىلارنىڭ تارىخ كىتابلىرى بىلەن شەيخ نىزامى يازغان تارىخنى قـۇرمـۇ ـ قـۇر سېلىشتۇرۇپ ، بۇ تارىخنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ چىقتىم - دە ، ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ تۆت تەبىقىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، تارىخقا ئالدىم .

بـىرىـنچـى تەبىقە ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ لەقىمى پىشداد ، ئىككىنچى تـەبىقىنىڭ لەقىمى كەيانىي ، ئۈچىنچى تەبىقىنىڭ لەقىمى ئەشكانىي ، تۆتىنچى تەبىقىنىڭ لەقىمى ساسانىي دېيىلىدۇ .

پىشدادلاردىن ئون بىر كىشى سەلتەنەت تۇتتى . ئۇلار تەخت ئۈستىدە ئادالـەت ۋە يـاخـشـىـلـىقنى ئادەت قىلىپ ، ئاجىز بىچارىلەرنىڭ دادىغا يەتتى . ئۇلارنــىڭ پـېـشـۋاسى **كەيۇمەرس** ئىدى . بۇ جاھاننى ئۇنىڭ دەبدەبىسى قاپ- لـىـدى . ئۇ ئالـەمـنى ئاۋات قىلدى . لېكىن ئۇنىڭ كىيىدىغان لىباسى ۋەھشىي ھايـۋانلارنىڭ تېرىسى ئىدى . ئاندىن كېيىن **ھوشەڭ** جاھاندار بولدى . تاج ۋە تـەخـت ئۇنــىڭ بــىلـەن زىننەت تاپتى . ئۇمۇ ئالەمنى ئاۋات قىلدى . دانالىقتا ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئادەم يوق ئىدى . ئۇمۇ بۇ ۋاپاسىز ئالەمدىن كەتتى . ئاندىن **تـەھـمۇرەس** پـەيدا بولدى ، تەھمۇرەس شۇنداق ياخشىلىقلارنى قىلدىكى ، پۈت- كـۇل ئالـەم خـەلـقـى ئۇنـىڭغا ئۈمىد بىلەن كۆڭلىنى باغلىدى . تەھمۇرەس بۇ ئالـەمـدە نـىشاپۇر شەھرى ، مەرۋ شەھرى ، سىفاھان شەھرى قاتارلىق كۆپ- لـىـگـەن شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ، ئاۋاتلىقتا يەتكۈزگەندىن كېيىن ، ئاخىرەت يولىغا كىردى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جەمشىد ئالەمدە ئات چاپتۇرۇپ ، سەلتەنەت تۇتتى . تاجدارلىقنى چېكىگە يەتكۈزۈپ ، خالايىققا نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قـىـلـدى . ئاجـايـىـپ ـ غـارايىپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ، دۇنيانى ئاۋات قـىـلـدى . ئانـدىن كېيىن **زەھھاك** ئۆزىنى شاھ دەپ نامايان قىلدى . ئۇ جەبىر - زۇلـۇم يـولـىـنى تۇتتى . خەلقنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن تەپ تارتمىدى . ئۇنىڭ ھۆكـۈمـرانـلـىـقـى ئۇزۇنـغـا بارماي ، پات پۇرسەتتە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى .

ئاندىن جاھانگىرلىك نۆۋىتى ئەفرىدۇنغا يەتتى. پۈتكۈل ئالەم ئۇنىڭ پەرمانىغا قارشىلىق بىلدۈرەلمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەيانىيلارچە تاج نېسىپ بولدى. **كاۋىيانىي** ئەلەممۇ ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن **مەنۇچېھرە** تەخت ۋارىسى بولدى. ئۇ شۇ قەدەر دەۋر سۈردىكى، بۇ كونا پەلەك گۈمبىزى ئۇنىڭغا تەختگاھ بولدى. فىرات دەرياسىنى مەنۇچېھرە بارلىقا كەلتۈرۈپ، سۇ ئېقىتىپ، باغۇ ـ بوستانلارنى ۋە كۆكۈلمەيدانلارنى بىنا قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن **نەۋدەر** جاھان مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، بىچارىلەرنى يۆلىدى. لېكىن بۇ مەككار ئالەم ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزمەستىن ئۇ ئالەمگە يولغا سالدى. ئاندىن كېيىن **ئەفراسىياب** پادىشاھلىق قىلىپ، ئالەمنى زۇلۇم بىلەن ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭ زامانىسىدە ئاۋاتلىق ئاز ئىدى. بۇ پەلەك ئۇنىڭ ئۆمرىنىمۇ ئاۋات قىلماستىن، ئۇنى دۇنيادىن يوق قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن **تۇھماسىپ** شاھلىق تەختىگە چىقتى. ئۇنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى پەلەكتىن ھالقىغانىدى. تەخت ۋە تاج ئۇنىڭ بىلەن كامىل تاپتى. ئۇ يەتتە يىللىق باج ـ خىراجىنى خەلققە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن **گۇرشەسپ** تەخت ۋارىسى بولدى. تەخت بىلەن تاج گۇرشەسپتىن زىننەت تاپتى. ئۇ پەلەك تۈلپارىنى ئۆزىگە كۆندۈرۈپ، دەۋران سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەجەل ۋاقىتىدا ھېچ ئامال تاپالماي، بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جاھاننىڭ ئۇلۇغۋار كىشىلىرى ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئاز ۋاقىتلار دەۋران سۈرۈپ، ئاخىرىدا بۇ جاھاننىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇ ئالەمگە كەتتى. **ساقىينامە**:

كېتۈر، ساقىي، ئۇل جامى جەمشىدساز،
كى قىلغاي جەھاندىن مېنى بىنىياز.
چۇ يوق شاھلىق رەسمى ئاگاھلىق،

ئېرۇر مەيدىن ئاگاھلىق شاھلىق .
مۇغەننى ئەجەم ئىچرە تۇتغىل نەغەم ،
سىغۇر ئاندا زىكرى مۇلۇكى ئەجەم .
ئۇلار پىشداد ئىركەنىن ياد قىل ،
ماڭا سەن داغى تەركى بىداد قىل .
نەۋائى ، ئەجەب يەرگە يەتمىش سۆزۈڭ ،
نە ئەلدۇر بۇلار ، خۇد بىلۇرسەن ئۆزۈڭ .
ئەدەب بىرلە شاھانە ساغەر سۇمۇر ،
دىماغىڭ چۇگەرم ئولدى ئەفسانە سۇر .

**ئىككىنچى تەبىقە كەيانىيلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تەخت ۋارىسلىرى ۋە كەيانىي تاجلىرى باشتىن ئاخىرغىچە بايان قىلىندۇ**

تارىخ پىيىنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرى پارس پادىشاھلىرىنىڭ تارىخنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

ئىككىنچى تەبىقە كەيانىيلار ئىدى . جاھاندا ئۇلارنىڭ كۆپ ياخشىلىقلىرى نامايان بولدى . بۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى **كەيقۇباد** ئىدى . ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە يۇقىرى دەرىجىدە ئىدى . رۇستەم ئۇنىڭ ۋاقتىدا ياش يىگىت بولۇپ ، كەيقۇبادنىڭ ئالدىدا يېتىلىپ ، پالۋان بولدى . ئىككىنچىسى **كەيكاۋۇس** بولۇپ ، ئۇ بارچە ئالەمنى ئۆزىگە قاراتتى . توققۇز قات ئاسماننىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزۈشنى تەمە قىلاتتى . ئۇنىڭ سەركەردىلىرى تۇس ۋە گۇدەز قاتارلىقلار سىياۋۇشنىڭ قەلبىدە ئاتەشپەرەسلىك ئوتىنى تۇتاشتۇرغانىدى . ئۈچىنچىسى **كەيخۇسرەۋ** ئىدى . بۇنىڭ نىيىتى ناھايىتى پاك بولغاچقا ، جاھان خەلقىگە تونۇلۇپ ، ئالەمنى ئاۋات قىلدى . ئۇنىڭ سىپاھلىرى : تۇس ، گۇدەز ، گىۋ ، فەرامۇز ، زال ، رۇستەم قاتارلىقلار ئىدى .

تۆتىنچىسى **لۆھراسپ** ئىدى. ئۇ جاھان ئەھلىگە پادىشاھ بولدى. بەلخ شەھىرى ئۇنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى بەختۇننەسەر ناملىق پالۋان ئىدى. بەشىنچىسى **گۇشتاسپ** ئىدى. ئۇمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە پادىشاھ بولۇپ، ھۆكمىنى يۈرگۈزدى. لېكىن زەردۇشت دىنىغا كىرىپ، ئاتەشپەرەس بولۇپ كەتتى. ئالتىنچىسى **بەھمەن** ئىدى. ئۇ پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئازغۇنلۇق يوللىرىنى ئۆچۈرۈپ، زابۇلستانغا يۈرۈش قىلدى. تەگرى ئۇنىڭ مەملىكىتىنى ئۇنىڭ قىزى **ھۇمايغا** بەردى. بۇ كەيانى شاھلىرىنىڭ يەتتىنچىسى ئىدى. تەگرىنىڭ توغرا يولى ئۇنىڭغا مەدەتكار بولدى. سەلتەنەت نەچچە يىللارغىچە ئۇنىڭ قولىدا بولدى. ئاخىر بۇ ئالەم ئۇنىڭغىمۇ ۋاپا قىلماي، ئۇ ئالەمگە كەتتى. سەككىزىنچىسى **دارا** ئىدى. بۇ ئالەم ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، شاھلارنىڭ شاھى بولدى. ئۇنىڭ ئادالەتتىن ئۆزگە ئادىتى يوق ئىدى. دارا جاھان خەلقىنى ياخشىلىق بىلەن ئۆزگە رام قىلىپ دەۋران سۈردى. توققۇزىنچىسى ئۇنىڭ ئوغلى **دارا ئىبنى دارا** ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئالەمگە زىننەت بېرىپ ئاۋاتلاشتۇردى. لېكىن ۋەزىرى ئۇنىڭغا خۇسۇمەت ساقلاپ، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردى. ئىسكەندەرمۇ شۇنىڭ زامانىسىدا ھۆكۈمران بولۇپ، شاھلىق تۇغ ئەلەملىرىنى پەلەك ئۈستىگە تىكلىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردە سۆزلىمەيمەن، تەگرى خالىسا، ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغاي. بۇ توققۇز ئەۋلاد كەيانى شاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەلەكتەك يۈكسەكلىككە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاقىۋەت ئۆزلىرى قارا يەر تېگىدىن ئورۇن ئالدى. **ساقىينامە** :

ئاياقچى، مەيى دوستىگانى كېتۈر،
تولا ئەيلە، جامى كەيانى كېتۈر.
كى دەۋرانكى ئائىنى ئۇلمىش جەفا،



www.uyghurkitap.com

نې كەيگە ، نې داراغە ئەيلەر ۋەفا .
مۇغەننى تۈزۈپ نەغمەئى پەھلەۋى ،
سۇرۇدى ئانىڭ بىرلە چەك مەئنەۋى .
بۇ شەھلەركى نەزم ئىچرە قىلدىم سەۋاد ،
سۇرۇدۇڭ ئارا سەن داغى ئەيلە ياد .
نەۋائى ، مەي ئىچ ، داغ بول رەھشۇناس ،
بۇ شەھلەردىن ئەت ئۆز ئىشىڭنى قىياس .
جەھاندارلارنى جەھان قىلسە پەست ،
تاپا ئالماغايمۇ گەدالارغە دەست .

**ئۈچىنچى تەبقە ئەشكانىيلار بولۇپ ، ئۇلارنى « تەۋايىف شاھلىرى » دەپمۇ ئاتىشىدۇ .**
**ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىنىڭ داستانى بايان قىلىنىدۇ**

تارىخشۇناسلار ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ داستانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ : ئۈچىنچى تەبقە ئەشكانىيلار ئىدى . ئۇلاردىن جەمئىي 19 ئەۋلاد پادىشاھ ئۆتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاھان ئىچىدە ھۆكۈمران بولۇپ دەۋران سۈرگەنلىكى تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان . بۇلار « تەۋايىف پادىشاھلىرى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇلارنىڭ بىرى : **ئەشك ئىبنى دارا** ئىدى . ئۇ جاھاندا شان - شەۋكىتىنى نامايان قىلىپ ، گاھ زۇلۇم قىلسا ، گاھى ئادىللىق قىلىپ ، ئاخىر جاھان مەملىكىتى بىلەن خوشلاشتى . يەنە بىرى : **ئەشكان ئىبنى دارا** ئىدى . بۇ جاھان ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ، خالايىقنىڭ كۆزلىرىدىن زۇلۇمنى يوق قىلدى . يەنە بىرى : **ئەشك ئىبنى ئەشكان** ئىدى . ئۇنىڭغىمۇ جاھان شاھلىقى نېسىپ بولدى . ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ زامانىسىدە دۇنياغا كەلگەنىدى . يەنە بىرى : **بەھرام ئىبنى شاپۇر** ئىدى . بۇ ئالەم ئۇنىڭ پەرمانىدا بولغان چاغلاردا تامامى جاھان ئۇنىڭ

ئادالىتىدىن بەھرىمەن بولغانىدى . يەنە بىرى : **يەلاش ئىبنى بەھرام** ئىدى . ئۇ سەلتەنەت تۇلپارىغا مىنىپ ، پەلەك مۇنارلىرىغا سىرتماق تاشلاپ ، جاھاندىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **ھۇرمۇز ئىبنى يەلاش** ئىدى . ئۇ مەملىكەتنى قولغا ئېلىش بىلەنلا ، دۇنيادا ئادالەتنى كۆچەيتتى . يەنە بىرى : **نەرس ئىبنى يەلاش** ئىدى . ئۇ جاھان تەختىنى ئېلىپ ، بىر مەزگىل ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپ ، ئۇ دۇنياغا كەتتى . يەنە بىرى : **فىرۇز ئىبنى ھۇرمۇز** ئىدى . شەۋكەتلىك تاج ئۇنىڭغا يېتىش بىلەنلا ، ئۇ ھەممە تاجدارلاردىن باج خىراجەت ئېلىپ ، جاھاندىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **يەلاش ئىبنى فىرۇز** ئىدى . ئۇ جاھان مەملىكىتىنى قولغا ئالغاندا ، پۈتۈن مەملىكەت ئۇنىڭ ئادالىتىدىن بەخىرلىنەتتى . يەنە بىرى : **خۇسرەۋ ئىبنى يەلاش** ئىدى . ئۇ پادىشاھ بولغاندا ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى يەر يۈزىگە تولدى . يەنە بىرى : **يەلاش ئىبنى يەلاش** ئىدى . ئۇ پادىشاھلىق قىلغان مەزگىلدە ، ئۇنىڭ بىلەن يۇرتنى تالىشىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ئىدى . يەنە بىرى : **ئەردەۋان ئىبنى يەلاش** ئىدى . ئۇ جاھانگىر بولۇپ ، بۇ ئالەمنى ئۆزىگە قاراتتى . ئەمما ئاقىۋەت يەنە بۇ مەككار پەلەك ئۇنىڭ ئۆمۈر قىلىچىنىڭ بىسىنى قايرىدى . يەنە بىرى : **ئەردەۋان ئىبنى ئەشقان** ئىدى . ئۇ تەخت ۋارىسى بولغاندا پۈتكۈل زامان ئەھلى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى . يەنە بىرى : **گۇدەرز ئىبنى ئەشقان** ئىدى . ئۇ جاھاننى ئۆزىگە تەۋە قىلدى . ئەمما دەۋران ئاقىۋەتتە ئۇنىڭغىمۇ ۋاپا قىلماي ، جاپا قىلدى . يەنە بىرى : **تىز ئىبنى گۇدەرز** ئىدى . ئۇمۇ پادىشاھ بولۇپ ، بۇ كونا پەلەكنى ئۆزىگە بىر مەھەل ئارامگاھ قىلىپ ياندى . يەنە بىرى : **گۇدەرز ئىبنى تىزى** ئىدى . ئۇمۇ بۇ جاھاننىڭ بۈيۈك پادىشاھلىرىدىن ئىدى . لېكىن ئاخىر زاۋال تېپىپ ، قايغۇ بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **شاھ ئىبنى ئەردەۋان** ئىدى . ئۇمۇ يەر يۈزىنى ئۆزىگە قاراتقانىدى . ئەمما بۇ تەتۈر پەلەك ئاخىر ئۇنى يەر يۈزىدىن يوق قىلدى .

ئەلقىسسە ، بۇ پادىشاھلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ھاياتلىق مەڭگۈلۈك يار

بولمىدى . بۇ ھىيلىگەر پەلەك ئۇلارغا سەلتەنەتنى بىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ياندۇرىۋالدى . **ساقىينامە :**

كېتۇر ، ساقى ، ئول ساغەرى لەئل رەڭ ،
ئانىڭ دەۋرىدە زاھىر ئەتمە دەرەڭ .
چۇ يوقتۇر دەرەڭگى فەلەك جامىغە ،
كۆڭۈل قويمە ئاغازۇ ئەنجامىغە ،
مۇغەنىي بۇ شەھلەرغە چەكتىم تىراز ،
ئۇلار يادىغە نەغمە چەك دىلنەۋاز .
كى نەغمەڭ بىلە بىر قەدەھ نۇش ئېتەي ،
دەمى نۇكتەدىن تىلنى خامۇش ئېتەي .
نەۋائى ، بۇ شەھەرلەركى كۆردى جەھان ،
بۇ كۇن بارچە تۇپراغ ئارادۇر نىھان .
چۇ بارىغە ئول يان ئەزىمەتدۇرۇر ،
زەمانىي خۇش ئولماق غەنىمەتدۇرۇر .

**تۆتىنچى تەبىقە ساسانىيلار بولۇپ ، ئۇلار پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ئۆزىگە قاراتتى ، يەر يۈزىگە ئۇلارنىڭ داڭقى تارالدى**

سۆز خامىنىنىڭ دىھقىنى ئېغىز ئېچىپ ، بۇ تارىخنىڭ سۆز رىشتىسىنى مۇنداق باغلىدى : تۆتىنچى تەبىقە ساسانىيلار بولۇپ ، بۇ پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەرتىۋىسى پەلەكتىن يۈكسەك ، لەشكەرلىرىنىڭ سانى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپرەك ئىدى . ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوقلۇق تەختىدىن ئورۇن ئالدى . بۇ تەبىقىدە جەمئىي 29 نەپەر پادىشاھ ئۆتكەن .

ئۇلاردىن بىرى : **ئەردەشىر ئىبنى بابەك** ئىدى . خالايىق ئۇنى

www.uyghurkitap.com

«ئەۋلىيا» دەپ چوقۇناتتى . يەنە بىرى : **شاپۇر ئىبنى ئەردەشىر** ئىدى . ئۇ بارچە
پادىشاھلار ئىچىدە قابىلىيەتلىك ۋە باتۇر ئىدى . ئۇمۇ ئاخىر يوقلۇق
مەملىكىتىگە كەتتى . يەنە بىرى : **ھۇرمۇز ئىبنى شاپۇر** ئىدى . ئۇ ئاتىسىنىڭ
تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئالەمدىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **بەھرام ئىبنى ھۇرمۇز**
ئىدى . ئۇمۇ شاھانە تاجنى كىيدى . جاھاندا ئادالەتنى راۋاج تاپقۇزدى . يەنە
بىرى : **بەھرام ئىبنى بەھرام** ئىدى . ئۇ تىرىشىپ بۇ جاھانىنى بويسۇندۇرۇپ ،
ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزدى . يەنە بىرى : **بەھرام ئىبنى بەھرام** ئىدى . ئۇ جاھان
شاھى بولۇپ ، ئالەم ئىچىدە مۇراد تاپتى . لېكىن ئاقىۋەتتە ھاياتتىن مۇراد تا-
پالماي ، ئالەمدىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **نەرس** ئىدى . ئۇنىمۇ بۇ پەلەك باشتا
ئەزىز قىلدى . ئاخىردا يەنە ئۇنىڭ ئىتىنىمۇ يوقلۇق تەرەپكە قارىتىپ ھەي-
دىدى . يەنە بىرى : **ھۇرمۇز ئىبنى نەرس** ئىدى . ئۇ پۈتۈن ئالەمگە سۈرەن -
چۇقان سېلىپ ، مەرتىۋىسىنى پەلەكتىن ئاشۇرۇپ ياندى . يەنە بىرى : **شاپۇر
ئىبنى ھۇرمۇز** ئىدى . ئۇمۇ كۈچ تېپىپ ، لەشكەرلىرى بىلەن بۇ ئالەمگە غوۋغا
سېلىپ ، جاھاندىن كەتتى . يەنە بىرى : **ئەردەشىر ئىبنى ھۇرمۇز** ئىدى . ئۇمۇ
تەگرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتتى . يەنە بىرى : **شاپۇر
ئىبنى شاپۇر** ئىدى . بۇ دۇنيا ئۇنىڭ پەرمانىغا كىرگەنىدى . يەنە بىرى : **شاپۇر
ئىبنى بەھرام** ئىدى . ئۇ لەشكەر توپلاپ جاھانىنى ئېلىپ ، ئىشرەت جامىنى
قولغا كەلتۈرۈپ ئىچىپ ئۆتتى . يەنە بىرى : **فىرۇز ئىبنى يەزدجىرد** ئىدى .
ئۇمۇ راھەت - پاراغەت جامىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، بۇ جاھاندىن ئادالەت ۋە
ئىنساپ بىلەن ئۆتتى . يەنە بىرى : **يەلاش ئىبنى فىرۇز** ئىدى . ئۇ شۇ قەدەر
ياخشى پادىشاھ بولدىكى ، ئادالەتنى بىلەن ئالەمنى ئاۋات قىلىپ جاھاندىن
كەتتى . يەنە بىرى : **قۇباد ئىبنى فىرۇز** ئىدى . ئۇ بۇ پەلەك گۈمبىزى ئاستىدا
ئۆز سەلتەنىتىنى ئورنىتىپ ، تەخت ۋە تاجلىرىنى زىننەتلەپ بەزمە - مەشرەپ
تۈزۈپ ، ئالەمدىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **جاماست** ئىدى . ئۇ جاھانگىر پادىشاھ

ئىدى . جاھان ئۇنىڭ ئادالەت ۋە ئىنساپىدىن باغۇ ـ بوستانلىققا ئايلاندى . يەنە بىرى : **نۇشىرۋان ئىبنى قۇباد** ئىدى . ئۇ سەلتەنەت تەختىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئادالەت بىلەن جاھان سورىدى . يەنە بىرى : **ھۇرمۇز ئىبنى نۇشىرۋان** ئىدى . ئۇمۇ جاھاننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ، بىر مەزگىل جاھان سوراپ ، ئاخىر يەنە جاھاندىن ئۆز جىسمىنى پاك قىلدى . يەنە بىرى : **پەرۋىز ئىبنى ھۇرمۇز** ئىدى . بۇ پەلەك ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەكتە بولدى . ئۇنىڭ زامانىسىدە يۇرتلار ئاۋات ۋە شاد ـ خۇرام بولدى . يەنە بىرى : **شىرۇيە** ئىدى . ئۇ سەلتەنەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئاداۋەت تىغىنى قىنىدىن چىقىرىپ ئەزىز كىشىلەرنى خارۇ زار قىلىپ ، جاھاندىن كەتتى . يەنە بىرى : **ئەردەشىر** ئىدى . ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ غەزەپكارلىقى ۋە قانخورلۇقى بىلەن جاھان خەلقىنى قەھرى ـ غەزىپىگە دۇچار قىلىپ ، ئۇلارنى خارۇ زار قىلىپ ، ئالەمدىن كەتتى . يەنە بىرى : **كىسرى ئىبنى ئارسلان** ئىدى . ئۇمۇ زەپەر قۇچۇپ جاھان مەملىكىتىنىڭ تەختىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ، يوقىلۇق مەملىكىتىگە قاراپ يول ئالدى . يەنە بىرى : **كىسرى** ئىدى . ئۇ جاھاندار بولغاندا ، ئۇنىڭ تاجۇ تەختىنىڭ ھەيۋەت ـ ھەشىمىتى پەلەكتىن ھالقىغانىدى . ئاخىر ئۇ قارا يەر تېگىگە كىرىپ تۇتقۇن بولدى . يەنە بىرى : **پەرۋىز قىزى تۇران** ئىدى . ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، پۈتكۈل جاھان شاھلىرى ئۇستىدىن زەپەر قۇچۇپ ئالەمدىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **پەرۋىز ئىبنى بەھرام** ئىدى . ئۇ جاھاندار بولغاندىن كېيىن ، سەلتەنەت بەزمىسىدە دەۋران سۈرۈپ ، بىر قولىدا قىلىچ ، يەنە بىر قولىدا ئىشرەت جامىنى تۇتقان ھالدا جاھاندىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **ئازەرم** ئىدى . ئۇ پۈتكۈل ئالەمنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن ، تۇران ئوردىسىدا تەختكە ئولتۇرۇپ ، ئالەمدىن ئۆتتى . يەنە بىرى : **فەررۇخ** ئىدى . ئۇ جاھان ئەھلىنى ئۆزىگە تەۋە قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ دانا ھەم زىرەكلىكى بىلەن ئادالەت يولىنى تاللىدى . يەنە

بىرى : **يەزدىجىرد** ئىدى . ئۇمۇ جاھان مەملىكىتىنى قولىغا ئېلىپ ، ھۆكۈم سۈردى . ئۇنىڭ لەقىمىنى « شەھرىيار » ( بۈيۈك پادىشاھ ) دەپ ئاتاشتى .

ئەلقىسسە ، ھەر بىر پادىشاھ جاھان مەملىكىتىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈش بىلەنلا شاد - خۇرام بولدى . شاد - خۇرام بولۇش بىلەنلا تەكەببۇر ، مەنمەنچى بولدى . مەغرۇرلىنىپ ، كېرىلىپ ، جاھان مەملىكىتىنى ئۆز مۈلكۈم دەپ گۇمان قىلىشتى . ئۇلار شۇنداق گۇمان قىلىش بىلەنلا ئاخىرەت مۈلكىگە كېتىپ قالدى . **نەزمە** :

قايۇ بىركى مۈلك ئالدى ، تاپتى سۇرۇر ،
مۇ بەددەل سۇرۇرىغە بولدى غۇرۇر ،
جەھان مۈلكىن ئۆز مۈلكى قىلدى گۇمان ،
گۇمانى ھەمان ئېردى ، كەتمەك ھەمان .

ئۇ پادىشاھلارمۇ بۇ مەككار دۇنيانىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ ، بۇ ۋاپاسىز ۋە تۇراقسىز جاھاندىن كېتىپ قالدى . جاھان مەملىكىتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ قالدى . **ساقىينامە** :

ئاياقچى ، ماڭا جامى شاھانە تۇت ،
تۇگەنگەنسارى تولدۇرۇپ يانە تۇت .
چۇ كەتكۈمدۇرۇر ، دەھرى بەزمى قالىپ ،
كېتەي بارى كامىمنى مەيدىن ئالىپ .
مۇغەننىي ، سۇرۇد ئايتىبان رۇد تۈز ،
ۋەفاسىز جەھان بىرلە پەدرۇد تۈز .
نەۋائى ، بۇ يەڭلىغ ئىمىش دەھر ئىش ،
كىشى ھەرگىز ئاندىن ۋەفا كۆرمەمىش .
كىشىلىك بۇدۇركىم ، ئۇنۇتساڭ ئانى ،
چۇ تەركىڭ قىلۇر تەركى تۇتساڭ ئانى .

**ئىسكەندەر داستانىنىڭ باشلىنىشى ( ئىگەم ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈزگەي ) ۋە تارىخنىڭ مۇقەددىمىسى ( تەڭرىم ئۇنى خاتىمىسىگە ئۇلاشتۇرغاي ) . تارىخچىلارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى ئىختىلاپلىرى ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇ ئىختىلاپلارنى يوق قىلىپ ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە ئېرىشكەنلىكى ، پادىشاھ پەيلەقۇسنىڭ باقىي دۇنياغا كېتىپ قالغانلىقى ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ پانىي ئالەم تەختىگاھىدىن ئورۇن ئالغانلىقى**

رۇم ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغۇچى رەسسام تارىخنىڭ پەردىلىرىنى ئېچىپ ، مۇنداق سىرلارنى ئاشكارىلىدى : يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۆت تەبىقىگە مەنسۇپ پادىشاھلار ئالەمدە جەمئىي 4336 يىل 10 ئايغىچە دەۋران سۈرۈپ ، جاھان تۇتۇپ لەشكەر تارتىپ ئۆتتى . بۇ مۇددەت ئىچىدىن جەمئىي 1500 يىلدا زامان ئەھلى تىنچ - ئامان ئۆتتى . ئۇلارنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ بەختىيار بولدى . پادىشاھلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چېكىگە يەتكۈزۈپ مۇرادىغا يېتىش نېسىپ بولمىدى . لېكىن ئاشۇ ھەقپەرۋەر پادىشاھ ئىسكەندەرگە جاھاندا شۇنداق ئىشلار مۇيەسسەر بولدىكى ، ئۇنى سۆزلىگەنسېرى ھېس قىلىشقا بولىدۇ . مۇقەددەس تەڭرى ئۇنىڭدەك كىشىنى يارىتىپ باقمىغان . ئۇنىڭ ھەققىدىكى سۈپەتلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇم ، ئەمدى تەپسىلىي بايان قىلىمەن .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت تەبىقە پادىشاھلارنىڭ ئىككى تەبىقىسىدىن كېيىن ئىسكەندەر دۇنياغا كەلدى . كەيانىي پادىشاھلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ، بۇ جاھان داراغا قالدى . تەخت بىلەن تاج ئۇنىڭغا بەخشەندە بولۇپ ، پۈتۈن پادىشاھلار ئۇنىڭغا باج تاپشۇرماقتا ئىدى . شۇ زامانلاردا رۇم دۆلىتىنىڭ پادىشاھى پەيلەقۇس ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ئەخلاقىي سۈپەتلىرى بىلەن گويا پەرىشتىدەك

ئىدى .

ئەلقىسسە ، نەزمە ئەھلىنىڭ پادىشاھى بولغان شەيخ نىزامى رۇم پادىشاھى پەيلە قۇسنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن خەۋەردار ئىدى . ئۇ تەسنىپ قىلغان كىتابىدا پەيلەقۇسنىڭ داستانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

پەيلەقۇسنىڭ ئۆز نەسلىدىن بىر ئىز باسارى بولمىغاچقا ، ئۇنىڭ ئالەمدىكى بىردىنبىر ئارزۇسى پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى . بۇ سەۋدا ئۇنىڭ جىسمىنى ئۆرتەيتتى . بۇ ئىستەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىن زادى چىقمايتتى . بىر كۈنى ئۇ شىكاردىن خۇشال - خۇرام ھالدا قايتىپ شەھەر تەرىپكە ماڭدى . يېنىپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى يول ياقىسىدىكى خارابىگە چۈشۈپ قالدى . بۇ خارابىنىڭ ھەر بىر تاشلىرى پەلەك زۇلمىدىن گويا دەردمەنلەر دىلىدەك سۇنۇق ، خارابە ئىچى بولسا ماتەمدارلارنىڭ مىسكىن كۆڭلىدەك بۇزۇق ئىدى . پادىشاھ پەيلەقۇس ئېتىنى ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ۋەيرانىگە قاراپ ھەيدىدى . پادىشاھ بۇ جايدا بىر ھامىلدار خوتۇننىڭ يەڭگەنلىكىنى كۆردى . ئۇ ئايالنىڭ جىسمىدىن جانىدىن ئەسەر قالمىغانىدى . ئۇنىڭ تۇغقان ئوغلى ئايالنىڭ يېنىدا خارۇ زارلىق بىلەن ياتاتتى ، ئۇنىڭدىن بىلىنەر - بىلىنمەس يىغا ئاۋازى كېلەتتى . ئانىسى ۋاپات بولغان بۇ ئوغۇل بىر كۈن كەچكىچە يىغلاپ چىققانىدى . بۇ بوۋاق تۇغۇلۇپلا ئانىسىنىڭ ماتىمىنى تۇتۇپ يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى . بۇنى كۆرۈپ پەيلەقۇسنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى . پەيلەقۇسنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىرنەچچە ئايال كېلىپ ، ئۇ ئايالنى يۇيۇپ ، تاراپ ، شۇ يەرگە دەپنە قىلدى . پادىشاھ بوۋاقنى ئاۋايلاپ ئۆيىگە ئۆزى ئېلىپ كەلدى ، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن نازۇ نېمەتلەرنى تەييارلاپ پەرۋىش قىلدى . ئۇنى ئۆز ئوغلى بىلىپ «ئىسكەندەر» دەپ ئات قويدى . پەيلەقۇس باقىي ئالەمگە كېتەر ۋاقتىدا ، ئۇنى ئۆز ئورنىدا تەخت ۋارىسى قىلىپ ئۇنىڭغا پۈتكۈل دۆلەت ئىشلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى .

بەزى تارىخچىلار ئۆز بايانلىرىدا ئىسكەندەرنىڭ نەسەبىنى داراغا يەت-
كۈزىدۇ . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە رۇم پادىشاھى ئۆز قىزىنى داراغا ياتلىق قىلغان ،
دارا ئۇ قىزنى زىبۇ زىننەتلەر بىلەن ياساپ ، تويلاپ ، ئۆز نىكاھىغا ئالغان . دارا
ئۇ قىز ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ، ئۇنى ئاتىسىغا
قايتۇرغان . ئۇ قىز يەڭگىگەندىن كېيىن جاھان ئۇ يېڭى تۇغۇلغان گۆھەر
بىلەن شەرەپلىك بولغان .

يەنە بەزى زىرەك سۆزمەنلەر پارسلارنىڭ تارىخلىرىدا مۇنداق يېزىپتۇ :
بۇ ئالەمگە كېلىپ جاھاندارلىق قىلغان ئىسكەندەر ئىككىدۇر . بىرى : دارا
بىلەن جەڭ قىلغان ئىسكەندەر ، يەنە بىرى : سېپىل سوقتۇرغان ئىسكەندەر .

لېكىن بۇ زاماننىڭ داراسى ، پاكلىق جامىنىڭ ساقىيسى بولغان ھەز-
رىتى جامى (ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) بۇ قىسسىدىن ئەلگە مەنپەئەت
يەتكۈزمەكتە ئىدى . ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋاللىرى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى . بۇ ۋە-
قەلەرنى نەزمە قىلىپ كىتابمۇ يازغانىدى . مەنمۇ مۇشۇ ساھەگە ئائىت
تارىخلارنى ئالدىمغا تىزىپ ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم .
ئىسكەندەرنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى ئىختىلاپلىرى مېنى ھەيران قىلىپ ،
قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى . ئاخىر ھەزرىتى جامىنىڭ ئالدىغا سالامغا
بېرىپ :

— ئىسكەندەر زادى بىرمىدۇ ياكى ئىككىمىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئىسكەندەر بىردۇر ، — دېدى ئۇ ھەزرەت ئىسكەندەر ئىككى ،
دېگەن كۆز قاراشقا رەددىيە بېرىپ ، — بۇ سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئاشۇ بىرلا ئىسكەندەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن .

ھەزرىتى جامى بۇ ھەقتە كەسكىن ھۆكۈم بىلەن گۇۋاھلىق بەردى .
ئىسكەندەرنىڭ پەيلەقۇس ئوغلى ئىكەنلىكىنى ھەزرىتى نىزامىمۇ بايان قىلغا-
نىدى ، ھەزرىتى جامىمۇ ئۆز داستانىدا شۇنداق دەپ يازدى . ئىسكەندەرنى

www.uyghurkitap.com

دارانىڭ ئوغلى دەپ قەيت قىلغۇچى تارىخچىلارنىڭ ھۆكمى چىنلىقتىن يىراق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ مەسىلە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىنىدى. ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنى دىققەت بىلەن بايان قىلاي، ئالەم ئەھلى ئۇنىڭدىن پايدىلانسۇن.

ئەلقىسسە، پادىشاھ پەيلەقۇس ئىسكەندەرنى تاپقاندىن كېيىن، يۇرت ئىچىنى خۇددى زىبا قىزدەك ياساپ، زىننەتلىدى. ساخاۋەت ئىشىكلىرىنى ئاچتى. توي لازىمەتلىرىنى تەييارلاپ، ئۇلارنى شاھانە قائىدە بويىچە رەتلىدى. شاھنىڭ كۆزلىرى ئىسكەندەرنىڭ جامالى بىلەن روشەنلىك تاپتى. بۇ بوۋاقنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ھوشيار بولۇشتى. ھەر سائەت ئەڭ كۆپ تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۇنى پەرۋىش قىلدى. ئۇنىڭ غىزاسى ئۈچۈن ئەڭ لايىق تاماقلار بېرىلدى. پەيلەقۇس شاھ بۇ ئوغۇلغا ئۆز جېنى ئىچىدىن جاي بېرىپ ئاسرىدى. بارا - بارا ئۇنىڭ تىلى چىقىپ، سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. شاھ بۇ ئوغۇلغا ئىلىم ئۆگىتىشنى زۆرۈر تېپىپ، ئۇنى يەقۇماس ھېكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئالىم ئىلمىي ھېكمەتتە مەشھۇر ئىدى. كائىنات سىرلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. يەقۇماس ھېكىم ئىسكەندەرنىڭ چىرايىغا نەزەر سېلىش بىلەنلا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىقبالىنى بىلىپ يەتتى. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئالىمغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. ئەرەستۇ ① ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ دانا ھېكىم ئىسكەندەرنىڭ بەخت - تەلىيى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭغا كېلىدىغان بارلىق ئاپەتلەرنى تەدبىر بىلەن يوق قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئىسكەندەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بۇ ئوغۇلغا دانىشمەنلىك ئىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى ھاۋالە قىلدى.

---

① ئەرەستۇ ـــ يۇنان ئالىمى ئارستوتېلنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 384 - يىلىدىن 322 - يىلغىچە ياشىغان. شەرقتە «ئەرەستۇ»، «ئەرەستوتالىس» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

چۈنكى يەقۇماس ھېكىم بارلىق ئىلىملەردە پىششىق يېتىلگەن زات بولۇپ، ئۇنىڭدەك كامالەتكە يەتكەن ئالىم يوق ئىدى. يەقۇماس ھېكىم بۇ ئوغۇلغا ئۇستاز بولۇشنى ئۆزىگە شەرەپ دەپ بىلدى. بۇ دانىشمەن ھېكىم ئىسكەندەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ پەلەكنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىغا نەزەر سالدى. يۇلتۇزلارنىڭ نەس ۋە خاسىيەتلىكلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ، ئىسكەندەر تۇغۇلغان كۈننىڭ خاسىيىتىنى يېزىپ چىقتى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئىقبالىغا مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى:

بۇ پاك تەبىئەتلىك ئوغۇل جىمى شاھلارنىڭ شاھى بولغۇسىدۇر. ئۇنىڭ شان - شەۋكىتى يەتتە قات ئاسمانغا يەتكۈسى، ئۇ پۈتكۈل يەر يۈزىنى كېزىپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇسى، بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ قۇللىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ پەرمان ھالقىلىرىنى ئۆز بويۇنلىرىغا سالغۇسىدۇر. ئۇنىڭ ھىممىتى پەلەكنىڭ ئەۋجىگە يېتىپ، ئاسمان گۈمبىزى ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق نۆۋىتىنى نامايان قىلغۇسىدۇر.

ۋاقتىكى، بۇ دانىشمەن ھېكىم كۆپ تىرىشچانلىقلار بىلەن پەلەك مۈشكۈلاتلىرىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، بارلىق ئەھۋاللاردىن ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇ بالىنىڭ بەخت - ئىقبالىدىن شاد - خۇرام بولدى. ئاندىن كېيىن تەلىم - تەربىيە لەۋھەلىرىنى تەييارلاپ، ئىسكەندەرگە ساۋاق بېرىشكە باشلىدى. ھېكىم ھەرقانداق ئىلىمدىن تەلىم بەرسە، بالا ئاڭلاش بىلەنلا بىلىۋالاتتى. ئۇستاز توختاۋسىز ھالدا ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگەتتى. ئىسكەندەر ناھايىتى تالانتلىق ئىدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆگىنىلگەن بىلىملەردىن ئون ھەسسە زىيادە بىلىمنى ئىگىلەپ، پۈتكۈل ئىلىملەردە تەڭداشسىز بولۇپ يېتىشتى.

پادىشاھ پەيلەقۇس باشلىق دۆلەت كاتتىلىرى، ئالىملار ۋە باشقا خالايىق ئۇنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىگە قايىل بولۇپ، ئەمدى ئۇنى لەشكىرىي ئى-

لىمگە سايە قىلىشتى. ئىسكەندەر بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشكىمۇ بىلىنى چىڭ باغلىدى. ھەربىي ئىشلاردا دۈشمەننى يوقىتىشقا پايدىلىق بولغان بارلىق بىلىم، ھۈنەر ۋە ماھارەتلەرنى پۇختا ئۆگەندى. ئۇ گاھى ئاتقا مىنىپ، ئالەمگە قىقاس - چۇقان سالسا، گاھى پىيادە ھالدا ئۆزىنىڭ زور كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلاتتى. ئوق ئېتىشقا چۈشكىندە، ئۇنىڭ ئوقى ساۋۇتلارنىڭ بۇغۇچلىرىنى ئۈچۈرۈپ تاشلايتتى. بۇغۇچ ئەمەس، بەلكى خىيال يىپىنىڭ تۈگۈچلىرىنىمۇ يېشىۋېتەتتى. ئۇنىڭ نەيزىسى يۇلتۇزنىڭ كۆزىنى تىكەتتى، يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى بۇ زەڭگەر رەڭ ئاسماننىڭ كۆزىنى تىكەتتى. قىلىچىنى ئۈيۈل تاشقا ئۇرسا، تاش ئۇ قىلىچقا غىلاپ بولۇپ بېرەتتى. سالمىسىنى قولىغا ئالغىنىدا پەلەك گۈمبىزىنىڭ بېشىغا سىرتماق تاشلايتتى. گۈرزىسىنى قۇرام تاش ئۈستىگە ئۇرغىنىدا، ئۇ تاشنى تۇپراققا ئايلاندۇرۇپ، توزانلىرىنى كۆككە يەتكۈزەتتى. مەيدان ئىچىدە كۆچتۈڭگۈرلۈك قىلىدىغان بولسا، زور ئەجدىھانىمۇ گويا سېسىق يىپنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايتتى. لەشكىرىي ئىشلارنى ئۆگىنىپ شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، باشقا خالايىقنىڭ ئۇنداق بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ۋاقىتىكى، ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى پەيلەقۇسنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالدى. خالايىق بۇ پادىشاھنىڭ قامىتىنىڭ بارغانسېرى ئېگىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ جىسمىنىڭ تۇپراق تەرەپكە مايىللىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. پەيلەقۇسنىڭ جىسمى تازا زەئىپلەشكەن مەزگىلدە ئىسكەندەر ئۆسۈپ يېتىلىپ، پادىشاھلىق قىلالىغۇدەك بولدى. ئاتىسى تەگرى تەرەپكە يۈزلىنىپ، تاجۇ تەختىنى ئىسكەندەرگە تاپشۇردى. ئۆزى تاۋۇت تاختىسى ئۈستىگە چىقتى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر ئىچ ئاغرىقىدا تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىشكە تاسلا قالدى. ئىسكەندەر بۇ دۇنيادىن كېچىش نىيىتىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ يادىغا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى يېتىپ قالدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى: «مەملىكىتىمىزگە ياتلارنى ئاياغ

باستۇرما ، قەسرىمىزگە غەيرىينىڭ بېشىنى تىققۇزما . ھەرىمىمگە باشقىلار پۇت تىقىقۇچى بولمىسۇن ، ئۇنداق بولمىغاندا شەرمي ھايا پەردىلىرىمىز يىرتىلىپ ، ئاتاق - ئابرويىمىز بۇزۇلىدۇ . سېنى تېپىپ پەرۋىش قىلىشمدىن مۇرادىم شۇ . ئەگەر مەن بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ ، كېتىپ قالغۇدەك بولسام ، مېنىڭ نامىم ئۆچمەسلىكى ، ئىشلىرىمىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈ-چۈن ، سەن ئورنۇمنى بېسىپ ئولتۇرۇپ ، سەلتەنەت يۈرگۈزگىن ...»

ئىسكەندەر بۇ ۋەسىيەتنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن ، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئاتىسىنىڭ ھەرەمخانىسىغا باشپاناھ بولدى . بۇ ئىشتىن دۆلەت ئىمىن تاپتى . ئىسكەندەرنى تەركىدۇنيا بولۇشتىن ئار - نومۇس ، ھىممەت ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان غايەت زور مەسئۇلىيتى ساقلاپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەركىدۇنيا بولۇش نىيىتى گويا سۈزۈك سۇ ئۈستىدىكى ئەخلەت شامالغا دۇچ كەلگەندەك ئاللىقاياقلارغىدۇر سۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇ ئاتىسىنىڭ ماتەم - تەزىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، تاجىنى كى-يىپ ، تەختكە چىقتى . ئاتىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، زىياپەت راسلاپ ، مەي ئىچىشكە باشلىدى . **ساقىينامە :**

ئاياقچى ، بەر ئول جەۋھەرى غەمزەداي ،
دېمە غەمزەدا ، جامى ماتەمزەداي .
كى ئاندىن سۇمۇرسە غەمىم قالماسۇن ،
ئاتا سۇگىدىن ماتەمىم قالماسۇن .
مۇغەننىي ، قىلىپ ساز رودى نىشات ،
ئانىڭ بىرلە تۈزگىل سۇرۇدى نىشات .
كى سۆز تەختىدە بولدۇم ئارامگىر ،
بولاي تەھنىيەت بەزمىدە جامگىر .
نەۋائى جەھاننىڭ فەرىبىن يېمە ،
خىرەد ئالىدە نەقشۇ زىيبىن دېمە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۇ دەۋران ئىشى بىۋەفالىقدۇرۇر ،
فۇزۇن شاھلىقدىن گەدالىقدۇرۇر.
گەدايىكى قەيد ئولغاي ئاندىن يىراق ،
مۇقەييەد جەھانداردىن ياخشىراق .

**ھىممەت ① ھۇمايىنىڭ ② يۈكسەك ئۇچۇشلىرى تەرپىلىندۇكى ، قانىتىنىڭ سايىسى قۇياشنىڭ ئەنقا ③ سۈپەت ئالتۇن قاناتلىرىنى زۇلمەت قافىدا ④ ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئۇنىڭ جىسمىنىڭ بۈيۈكلۈكى تەسۋىرلىنىدۇكى ، پەلەكنىڭ كۈمۈش رەڭلىك تۇخۇمىنى قانىتى ئاستىغا يوشۇرىدۇ . ئۇنىڭ سايىسى ھەرقانداق بىر قەلەندەرنىڭ بېشىغا چۈشسە ، جىمى شاھلار ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا قەلەندەرگە ئايلىنىدۇ . شۇنداق ، ھەرقانداق شاھتىن ئۇنىڭ سايىسى كېتىپ قالسا ، ئۇ شاھنىڭ قېشىدا قەلەندەرمۇ پادىشاھ كۆرۈنىدۇ .**

ھەر كىمنىڭ ھىممىتى يۇقىرى بولسا ، ئۇ كىشى خەلقى ئالەم ئىچىدە ئەزىز ۋە شەرەپلىك بولغۇسى . ئەگەر بىراۋنىڭ قولىدا بىر يارماقچىلىق قارا مىس پۇل بولمىسىمۇ ، ئۇ ئادەم ھىممەتلىك بولسىلا ، ئۇنى نامرات دېگىلى بولمايدۇ . ئۆزى باي بولسىمۇ ، ھىممەتسىز بولسا ، ئۇ كىشى ئەڭ نامرات كىشىدۇر . مۇنداق ئادەملەر خالايىقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن مەھ-

① ھىممەت — غايە ، ئىستەك ، نىيەت ؛ بىرەر ئىشقا كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىش .

② ھۇماي — بىر خىل ئەپسانىۋى قۇش ، دۆلەت قۇشى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ قۇشنىڭ سايىسى ھەرقانداق كىشىنىڭ بېشىغا چۈشسە ، ئۇ كىشىنىڭ تىلەكلىرى ئىشقا ئېشىپ ، بەختىيار بولار ئىمىش .

③ ئەنقا — بىر ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ قۇش جىمى قۇشلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ ، كوھىقاپتا ياشار ئىمىش .

④ قاف — بىر ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ تاغ قاپقاراڭغۇ بولۇپ ، پۈتكۈل جاھاننى ئوراپ تۇرىدىكەن . تولۇق ئىسمى كوھى قاف ( قاف تېغى ) .

رۇمدۇر . ئالەم ئەھلىنىڭ ئادىتى شۇكى ، ئۆزىنى تۇتقان ، تەمەدىن قول يىغ-
قان كىشىلەر ئىزچىل ھۆرمەتلىنىدۇ . ئىنساننىڭ ھىممەتلىك بولۇشىنىڭ
ئۆزى بىر بايلىق . ساخاۋەتلىك كىشىلەر بۇ بايلىقتىن ھۆرمەت ، ئىناۋەت تا-
پىدۇ . ھىممەتسىز بايلارنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ . ھېسابسىز خەزىنىگە ئىگە
بولغان بىر كىشى ئەگەر ھىممىتى پەس بولسا ، ئۇ كىشىنىڭ خەزىنە يىغىشى
بىھۇدە مۇشەققەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس . بېخىل كىشىلەر ئەگەر بىر يارماقنى
تۇگۇپ قويغان بولسا ، ئۇنى ئېچىشتىن كۆڭلى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ . ئۇنى
بۇگۇن ياكى ئەتە ئاچاي دەپ ، تۇگۇن ئۈستىگە تۇگۇن تۇگىدۇ . ئەگەر
ئاچقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن مەقسەت ئۇ يارماقنى يەنە بىر يارماقنى قوشۇپ
تۇگۇنچەك قىلىشتىن ئىبارەت . بەلكى شۇ مەقسەت ئۈچۈنمۇ ئېچىشنى راۋا
كۆرمەي ، ئۇنى باشقا بىر تۇگۇنچىگە تۇگىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ
پۇللىرى قانچە كۆپ بولغانسېرى ، تۇگۇنلىرى ئۇنىڭدىن بەكرەك كۆپىيىدۇ .
ئەگەر بۇ تۇگۇنلەردىن بىرنى ئاچماقچى بولسا ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۇزلەپ
تۇگۇن چۈشىدۇ . ئويۇنچىلار ئىت ، ئېيىق ئويناپ نان تاپىدۇ . ئەمما ، ئۇ
ناندىن بىر قىسمىنى ئىت ، ئېيىقلىرىغا بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ . قاغا
قانچىلىغان ياڭاقلارنى ئوغرىلايدۇ . لېكىن ئۇنى مەخپىي تۇتۇش ئۈچۈن
يەرگە كۆمىدۇ . نەتىجىدە ئۇنىڭدىن ئۆزىمۇ بەھرە ئالالمايدۇ . چاشقان ئۆزى
ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى مەخپىي ئۆيلىرىگە توش-
قۇزىدۇ . ئۇنى ھەتتا ئۆزلىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتىدۇ . ئاقىۋەتتە ئۇ نەرسىلەردىن
مەھرۇم قالىدۇ . قارا قوڭغۇز دائىم تېزەك توشۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ ،
بېشىنى كۆتۈرمەي توشۇيدۇ . ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلسىمۇ تېزىكنى تاشلى-
مايدۇ . ئاقىۋەتتە ئات - ئۇلاغنىڭ ئاياغلىرىدا يەنجىلىپ ئۆلىدۇ . ساخاۋەت
ئىگىلىرى پۇلنى سەرپ قىلماي يىغىشنى ئەيىب كۆرگەندەك ، ھىممەتسىز كى-
شىلەر پۇل خەجلەشنى ئەيىب كۆرىدۇ . ساخاۋەتلىك كىشىلەر ئەلگە

ياخشىلىق قىلىش بىلەن چۆنتەكلىرىنى بوشاتسا ، ھەممەتىسزلەر بۇنى ئەيىب كۆرىدۇ ۋە بۇنداق ئىش ئۈچۈن چەكسىز ھەسرەت چېكىدۇ . ھېسابسىز ئەپسۇسلىنىدۇ . كەرەملىك كىشىلەرنىڭ ئادىتى ھەمىشىدىن پۇل چىقىرىپ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ، ھىممىتى پەس كىشىلەرنىڭ ئادىتى ئۆيىدە پۇل - مال ، خەزىنە - دەپىنلىرى تۇرۇپمۇ ئاچ قورساق يۈرۈشتىن ئىبارەت . بۇنداق خەزىنىدارلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى يوق . بەلكى ئۇلاردىن نامراتلارنىڭ كۆنى ياخشىراق ، چۈنكى بېخىللارنىڭ مال - مۈلكى بولمىسا ، ھېچ كىشىدىن ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ . ئەگەر دۇنياسى بولسا ، كىشىلەر ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلىدۇ . قىزىل تۈلكە بىلەن قارا قۇندۇزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىدىكى تۈكى سەۋەبچى بولغاندۇر . سەدەپ گۆھەرلەرنى يىغقانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەرنىڭ گۆھەرگە ئىگە بولۇشىنى كۆز-لەپ سەدەپنىڭ كۆكسىنى يارىدۇ . ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ بولغاچقا ، ئۇلار نەزەرىدە باي بىلەن كەمبەغەل ئوخشاش . ئۇلار كىشىلەرگە بىر خەزىنە مال - دۇنيانى بىرئۇەتسىمۇ پەخىرلىنىپ كەتمەيدۇ . پۇلى يوق چاغلاردا بىر يارماق بېرىشكە نومۇس قىلىپ كەتمەيدۇ . لەززەتلىك غىزالارنى يېيىش بىلەن سۆيۈنۈپ كەتمەيدۇ . ئۇماچ ئىچكەنگە مۇڭلىنىپ قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ . ئەقىل ئىگىلىرى ساخاۋەتلىك كىشىلەرنى ئىككى قە-سىمغا بۆلگەن . بىر خىلى قولىدا بارنى ساخاۋەت قىلىپ تۈگەتكەن ، جاھان ئەھلىدىن ئۇنىڭغا جاپا يېتىپ ، مۇشەققەتكە يولۇققان ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمىغان ھىممەت ئىگىلىرى . ئەگەر ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ داۋاملىق خەير - ئېھسان قىلىشىغا قۇدرىتى يەتمىسە ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىدە ھىممەت بولغىنىنىڭ ئۆزى كۇپايە . يەنە بىر خىل ھىممەت ئىگىلىرى باركى ، ئۇلار ئالىي ھىممەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ، جاھان ئەھلىنىڭ جەبرۇ جاپاسىغا ئاز يولۇقىدۇ . خۇددى ئېگىز ئۇچىدىغان قۇشلارغا ئوۋچىلارنىڭ قان تۆككۈچى ئوقلىرى يەتمىگەندەك ، گەرچە ئۇلارغا بېخىللار داۋاملىق ھەسەت ئوتلىرىنى چېچىپ

تۇرسىمۇ ، لېكىن ، ساخاۋەت بۇلۇتلىرىنىڭ مامۇقنى كۆيدۈرەلمەيدۇ . چۈنكى بالىلارنىڭ قانچە پۈۋلىگىنى بىلەن يۇلتۇز شامى ئۆچۈپ قالمايدۇ . يولۋاس ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قانچە سەكرىگىنى بىلەن ئاينى ئۈزۈپ ئالالمايدۇ . كىشىلەر ئۆز ھىممىتىنى قانچە يۇقىرى قىلغانسىرى ، تەڭرى ئۇنىڭ مېھنىتىنى شۇنچە ئاز قىلىدۇ . ئەگەر بىراۋنىڭ ھىممىتى يار بەرسە ، جاھان تۇتۇشنى تاشلاپ ، گادايلىقنى ئىختىيار قىلغاي . پېقىرلىقنى ئەلا بىلىپ ، جاھاندارلىقتىن نومۇس قىلغاي . كىچىك پېئىللىققا مايىل بولۇپ ، بۈيۈكلۈك-تىن كەچكەي . پېقىرلىق كوچىسىنىڭ گادىيىنى گاداي دېمە ، ئۇنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دەپ بىل . گادايلار پادىشاھلىققا ھەۋەس قىلغاندەك پادىشالارمۇ گادايلارغا زوقلىنىدۇ ، شۇلاردەك بىغەم پادىشاھلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ . تەڭرىتائالا بۇنداق پەم - پاراسەتنى ئاتا قىلغان خالايىق ئەل-ۋەتتە شاھلىقنى تاشلاپ ، پېقىرلىققا مايىل بولغاي . ئەي ئالەمنى يارىتقان بۈيۈك تەڭرىم سىددىقنىمۇ ① بۇنداق بۈيۈك ئىنئامىڭدىن مەھرۇم قىل-مىغايسەن .

**ئىسكەندەر بىلەن گادايلىقنى ئىختىيار قىلغان پادىشاھنىڭ ، ياق ، بەلكى ھەقىقىي پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن گادايىنىڭ ھېكايىسى ، ئىسكەندەرنىڭ ئۇنى خارلىق زىندانىدىن چىقىرىپ ، سەلتەنەت تەختىگاھىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانلىقى ، ئۇ گادايىنىڭ تاج كىيىشنى رەت قىلىپ ، تاجنى تاشلاش خىيالىنى ئىپسىدىن چىقارمىغانلىقى**

ھەزرىتى مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ :

ئىسكەندەر جاھان ئەھلىگە پادىشاھ بولدى . ئەل - ئايماقلارنى ئېگىلەپ ، پادىشاھلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى . ئۇ ھەر بىر پادىشاھنى ئۆزد-

① ئاپتور موللا سىددىق يەركەندى ئۆزىنى دېمەكچى .

نىڭ ئېلىگە مەسئۇل قىلىپ، پادىشاھ قىلاتتى. بىر پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ شەھىرىدىن كۆڭلى تىنىپ، خاتىرجەم بولسا، يەنە بىر شەھەرگە يۈرۈش قىلاتتى. مەغرىب زېمىنىنى بويسۇندۇرۇشقا كەلگەندە، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇش باشلىدى. ئۇرۇشتا ئۇ مەملىكەتنىڭ شاھى ھالاك بولدى. جەڭ ئىشلىرى توختىغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. ئىسكەندەر بۇ يەرگە پادىشاھ بەلگىلىمەكچى بولۇپ، مۇنداق خىتاب قىلدى:

— بۇ مەملىكەتنىڭ شاھزادىلىرى ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىلگۈدەك كىشىلەر بولسا، بۇ يەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام بولاتتى. چۈنكى مەملىكەت ئىشلىرى شۇنداق كىشىلەرگە تاپشۇرۇلسا، يۇرت باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

خالايىق ئىسكەندەرنىڭ گۆھەر چاچقۇچى سۆزلىرىگە جان پىدا قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى:

— جاھاندا تېخىمۇ بۈيۈك مەرتىۋىگە يەتكەيسەن، داۋاملىق خەلقپەرۋەر بولغايسەن. يۇقىرىلارغا شادلىق بەخش ئېتەلەيدىغان، پۇقرالارمۇ ئۇنى قوللايدىغان كىشىنى پادىشاھ قىلماقچى بولساڭ، ئۇنداق كىشى بۇ يەردىن تېپىلمايدۇ. بەلكىم بىر ئادەم بار، شۇ ياراپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ھازىر ئۇ كىشى خالايىقتىن نەپرەتلىنىپ قاچتى - دە، ئاجايىپ بىر ئىشنى ئىختىيار قىلدى: ئۇ ھازىر تىرىك ئادەملەر ئارىسىغا كىرمەي، ئەسكى گۆرلەردە ماكان تۇتماقتا. تىرىكلەردىن ۋاپا كۆرمىگەچكە، ئۆلۈكلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇپتۇ. ئۇ ئەسلى مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئەمدى تەخت بىلەن تاجنى تاشلاپ، بەختىيار بولۇپتۇ. كېچىلىرى ئۇنىڭغا ھوقۇشلار ھەمراھمىكىن، نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدىكىن؟ بۇنى بىلمەيمىز. ئۇ كىشىلەر بىلەن زادى ئارىلاشمايدۇ. ئادەملەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ. ئەمما، كۆڭلى سۇنۇق كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ بارسا، ئۇلارغا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ.

ئۇنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى ئالەم ئەھلىنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، ھەق يولغا باشلايدۇ.

ئىسكەندەر بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— دەرھال ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

شاھنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن، ئۇنى ھايالسىز تېپىپ ئەكىلىشتى. ئۇ گادايىنىڭ بېشى يالاڭباشتاق، پۇتى يالىڭاياغ، كىيىمى جۇل - جۇل ئىدى. ئۇنىڭ چاك - چاك بولۇپ يىرتىلغان ياقىلىرىدىن مۇشەققەت بىلەن چاك - چاك بولغان كۆكسى نامايان ئىدى. جاھان مەشغۇللۇقىدىن ئېتەك سىلكىگەن بۇ كىشى ئىككى قولىدا ئىككى ئۆلۈكنىڭ سۆڭىكىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەلدى. ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بۇ سۆڭەكلەرنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلغىن، يەنە مەن نېمىنى سورىسام، شۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن، — دېدى.

— بىر كۈنى قەبرىستانلىقتا كېتىۋېتىپ، — دېدى ئۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ — سۆڭەكلەرگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئىككى سۆڭەكنى قولۇمغا ئېلىپ، «بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى پادىشاھنىڭ، قايسىسى گادايىنىڭ سۆڭىكىدۇر؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنى ھەرقانچە كۆزەتكەن بولساممۇ پەرقلەندۈرەلمىدىم. شاھ بىلەن گادايىنىڭ تېنى ئۆلگەندە بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان دەرىجىدە مۇشۇنداق ئارىلىشىپ كېتىدۇ يۇ، نېمە ئۇچۇن ھايات ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن شۇنچە كەسكىن پەرقلىنىپ، شۇنچە ئايرىلىپ تۇرىدۇ؟

ئىسكەندەرگە بۇ سۆز خۇش ياقتى.

— ئەي دانىشمەن كىشى، — دېدى ئىسكەندەر ئۇنىڭغا، — سۆزلىرىڭدىن سېنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ ھېكمەتلەرگە باي كىشى ئىكەنلىكىڭنى

بىلدىم. ئۆزۈڭمۇ ناھايىتى ھىممەتلىك ئىكەنسەن. ئەمدى يۇرتۇڭدا سېنىڭ ھەيۋەت - ھەشەمىتىڭنى تىكلەپ، مەرتىۋەڭنى ئۆستۈرۈپ، سېنى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەيمەن.

— مېنىڭ ھىممىتىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، — دېدى ئۇ دانىشمەن ئىسكەندەرگە، — ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى پېقىرلىق دەسمايىسىنى تاشلاپ، شاھلىق دەرىجىسىنى لايىق تاپىدىغان ئۇنداق پەس ھىممەت ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى بەرسىمۇ ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان ئالىي ھىممەتتۇر. مېنىڭ ھىممىتىم تۆت خىل بايلىققا ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى: ئاخىرلاشمايدىغان ۋە چەك - چېگرىسى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولۇش؛ يەنە بىرى: قېرىلىققا ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان مەڭگۈلۈك ياشلىققا ئېرىشىش؛ يەنە بىرى: زادى نامراتلىققا ئۆزگەرمەيدىغان بايلىقنى تېپىش؛ يەنە بىرى بولسا: ئەبەدىي غەم - قايغۇسىز بولغان خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈش.

بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرنىڭ ھەيرانلىق ئىچىدە بېشى چۆشۈپ كەتتى.

— ئەي مۇبارەك پىكىرلىك دانىشمەن، — دېدى ئۇ خىجالەت بولغان ھالدا، — سەن بۇ قەدەر ئالىي ھىممىتىڭ بىلەن جاھان ھوشيارلىقىغا يېتىپسەن. مۇشكۈلچىلىكلىرىڭ ھەل بولۇپ بوپتۇ، ھەق دەرگاھىدىن ساڭا پېقىرلىق مۇيەسسەر، ماڭا شاھلىق بەخشەندە بولۇپتۇ. تەڭرى گەرچە شان - شەۋكەت جەھەتتە ماڭا بۈيۈكلۈك بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھىممەت بابىدا سېنى مېنىڭدىن بۈيۈك ۋە ھۆرمەتلىك قىپتۇ.

ھەرقانداق بىر گاداي ئەگەر ئالىي ھىممەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاھلىقنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىمۇ پەستۇر. ھەرقانداق پېقىر ئەگەر جاھان نېمەتلىرىنى تەرك قىلالىسا، ئۇنىڭ ئالىي ھىممىتى ئالدىدا دەۋر پادىشاھلىرى خارۇ زار كۆرۈنىدۇ.

## ئىسكەندەرنىڭ مەقسەت مەنزىلىگە قايسى يول بىلەن قانداق ماڭغاندا تېز ۋە ئاسان يەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەرەستۇدىن سوئال سورىغانلىقى ، ئەرەستۇنىڭ يوقلۇق يولىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە يەڭگىل يۈك بىلەن مېڭىش لازىملىقىنى ئەسكەرتكەنلىكى

ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر ( ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن ) ھەقىقەت ئەھلىنىڭ تىلىدىن مۇنداق رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ :

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن :

— مەقسەت مەنزىلىگە تېز يەتكىلى بولىدىغان يول قايسى ، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك ؟ — دەپ سورىدى .

— خالايىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كېرەك ، — دېدى ئۇ دانىشمەن ئالىم جاۋاب بېرىپ ، — يوقلۇق كوچىسىغا يۈزلىنىپ ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى يوق قىلىش لازىم . باي ۋە كۈچ قۇدرەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، خەير - ساخاۋەت ئۇلارنىڭ مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يول ۋە ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلدۇر . ھەرقانداق ياخشى ئىشلارنىڭ كىشىنى بەرىبىر مەقسەت مەنزىلىگە يەتكۈزىدىغانلىقى ئېنىق ، بىراق خەير - ساخاۋەت ئەھلىنىڭ بۇ مەنزىلگە تېخىمۇ تېز يېتىپ بېرىش ئېھتىمالى بار . ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭ ۋىسالغا يېتىشىدىن ئۈمىد كۆپرەك . بايلارنىڭ ساخاۋەت ئىشلىرى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتتىن خالىي ئەمەس : بىرى ، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ساخاۋەت . يەنە بىرى ، خالىسانە قىلىنغان ساخاۋەت . ئەگەر كىشى مەنمەنلىك ئۈچۈن ساخاۋەت قىلسا ، بۇ ساخاۋەت قىلغانلىق بولمايدۇ . مەقسەت مەنزىلىگە يېتىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن يوقلۇق مۇساپىسىنى بېسىش كېرەك . كىشى مەقسەت يولىدا ئۆزلۈكىنى يوق قىلغاندىلا ، ئاندىن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ . شەخسىيەت مەقسەت يولىدىكى

www.uyghurkitap.com

قاراقچىدۇر . كىشى ئەگەر مەنزىلگە ئامان ـ ئېسەن يېتەي دېسە قاراقچىدىن هوشيار بولمىقى لازىمدۇر . ھەققە يەتمەكچى بولغان كىشى چوقۇم ئۆزلۈكىنى يوق قىلىش ، بەلكى ھەقتىن باشقىسىنى يوق بىلىش لازىم . چۈنكى كىشى شاھ بەزمىسىگە كىرمەكچى بولسا ، چوقۇم قاراقچىدىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم . قاراقچى بىلەن ھەمكارلاشقان كىشى قانداقمۇ شاھ دەرگاھىغا داخىل بولالىسۇن . مەقسەت يولىدا ئۆزىنىڭ بار ـ يوقىنى ، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەرپ ئەتكەن ، جان ۋە جىسمى بىلەن مەقسەتكە يېرىلگەن ، شۇ ئارقىلىق مەقسەت بىلەن بىر جان ـ بىر تەن ، بىر گەۋدىگە ئايلانغان كىشىنىڭ تىلىكى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ . بۇ ناھايىتى بۈيۈك مەرتىۋىدۇر . بۇ مەرتىۋىگە يەتكەن كىشىنىڭ ئىشى پۈتكەندە ھېساب .

ئۇ گۆھەرپۇرۇش بۇ ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى چاچقىنىدا ، سوئال سورىغان كىشىنىڭ ئاغزى ھەيرانلىق ئىلكىدە سەدەپ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالدى .

**ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنەت تاجىدىن بويۇن تولغاپ خەلىپىلىك تەختىدىن ئاياغ**
**تارتقانلىقى ، رۇم خەلقىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا باش قويغانلىقى ،**
**ئىسكەندەرنىڭ قەدەم قويۇشى بىلەن تەخت مەرتىۋىسىنىڭ تاج**
**قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئۆسكەنلىكى ؛ ئىسكەندەرنىڭ ئادالەت قۇياشى**
**زۇلۇم كېچىسى شەپىرەڭلىرىنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ ،**
**جاھاننى يورۇتقانلىقى ؛ زۇلۇم ئەھلىنى گوياكى تاڭ**
**نۇرلىرى زۇلمەتنىقوغلىغاندەك جاھان**
**يۈزىدىن يىراق قىلغانلىقى**

قەلەمكەش بۇ سەھىپىلەرنى يېزىش ئۈچۈن ، قەلەم ئۇچىدىن مۇنداق ھېكمەتلەرنى تۆكىدۇ :

ۋاقتىكى ، پەيلەقۇس ئاخىرەت سەپىرىگە يول ئالدى . تاج ـ تەختنى

ئىسكەندەرگە تاپشۇردى. لېكىن ئىسكەندەرگە بۇ ئىش ماقۇل كەلمىدى. بەلكى ھېسابسىز غەم - ئەندىشىلەرگە مۇپتىلا بولۇپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «شاھلىق دېگەندە سان - ساناقسىز ئاپەتلەر مەۋجۇت، ھەر بىر ئىشنى قىلاي دېسەڭ پەلەكتىن بۇ ئىشقا بىر جازانى كۆرمەي قالمايسەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، پادىشاھلىقنى تەرك ئەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى يادىغا يېتىپ، يەنە بۇ ئىشتىن قول ئۈزەلمىدى. بۇ ئىشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپالماي كۆپ ئويلىدى. ئاخىر يۇقرالىرنى يىغىپ بىر مەرىكە تۈزدى. چوڭ - كىچىك ھەممە كىشى يىغىلدى. ئىسكەندەر ئۇلارغا ناھايىتى يېقىملىق ئىبارىلەر بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئەي رۇم ئەھلى، ھەممىڭلار بۇ يەرگە يىغىلدىڭلار، چوڭ - كىچىك ھەممىڭلار تەگرىنىڭ ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى بەندىلىرى. مەندەك ئاتىسىز بىچارە سىلەردىن كۆپ جەھەتلەردە تۆۋەن تۇرىمەن. ئاتامنى تەگرى مەرھەمەت قىلىپ بۇ مەملىكەتكە پاسىبان قىلغان، بۇ مەرتىۋىگە ئۇنى سازاۋەر قىلغان. چۈنكى، بۇ يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغان كۈچ - قۇدرەت ئۇنىڭدا بار ئىدى. تەگرى ئاتا ۋە ئەجدادىمنى يۇرت ئەھلىگە ھۆكۈمران قىلدى. تەخت ۋە تاجغا ئۇلاردىن زىبۇ - زىننەت بەخش ئەتتى. ئۇلارنى بەخت - تەلەيلىك ئاپىرىدە قىلدى. بىراق مەنچۇ؟ مەن ئۇلاردەك بەختىيار ئەمەسمەن. ئاتامدىن كىچىكلا ئايرىلىپ قالدىم. سەلتەنەت ئىشلىرى ناھايىتى خەتەرلىك، غەم — ئەندىشىسى كۆپ ئىش. بۇنداق ئىشقا كۈچ — قۇدرىتى، ئەقىل - پاراستى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشى لايىق كېلىدۇ. پادىشاھلىق مەندەك ناتىۋاننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا، شىر كۆتۈرگەننى چۈمۈلىگە يۈكلىگەندەك، پىلنىڭ يۈكنى پاشىغا ئارتىپ قويغاندەك ئىش بولىدۇ. پادىشاھلىق قىلاي دېسەم، ئۇنىڭغا لايىق قابىلىيىتىم يوق. شۇڭا، بۇ تەكلىپتىن ئىنتايىن قىينالماقتىمەن. بۇ قىيىنچىلىقتىن ئۆز - ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،

پادىشاھلىقنى تەرك قىلماقچىمەن. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر. ئەمەلىي ئەھۋالىمنى ئەينەن بايان قىلدىم. كۆڭلۈمنى شاھلىق ئەندىشىسىدىن ئازاد، پېقىرلىق ئەركىنلىكىدىن شاد قىلغايسىلەر. ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلارغا بىر پادىشاھنى تېپىپ، باشپاناھ قىلىڭلار. ئۇ كىشى دۆلەت ئەھلىگە باشچى بولۇپ، ھەممە ئىشتا زامان ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، پادىشاھلىق ئىشلىرىغا ھەقىقىي لايىق كېلىدىغان ئادەم بولسۇن. ئۇنداق پادىشاھنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنىنى دۆلەتمەنلىك تەختى بىلەن بېزەپ، كىيىدىغان كۇلاھىنى سەلتەنەت تاجى بىلەن زىننەتلەڭلار. ئۇ پادىشاھمۇ ئۆزىنىڭ خەير - ئېھسان بۇلۇتلىرىدىن مەرھەمەت يامغۇرلىرىنى دائىم ياغدۇرۇپ، يۇرتۇڭلارنى جەننەتنىڭ باغۇ - بوستانىغا ئايلاندۇرسۇن. دۈشمەنلەرنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاياغ ئاستىدا پايمال قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ياندۇرغان پىتنە - پاسات ئوتلىرىنى قىلىچ كەلكۈنى بىلەن باستۇرۇپ ئۆچۈرسۇن. پۇقرالارغا زۇلۇم سالغان مىرزىلارنىڭ قولىنى قەلەم قىلسۇن. مۇساپىرلارنىڭ يۇرتتىن يۇرتقا ئۇلانغان رىشتىسىنى ئۈزمىسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن قاراقچىلارنى كۆزدىن يوق قىلىپ، ئوغرىلار تائىپىسىنىڭ يولىنى مەھكەم ئەتسۇن. ئۇلارنىڭ ئەل - جامائەت مۈلكىگە سۇنىدىغان قوللىرىنى قىسقا قىلسۇن. زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرسۇن. دۈشمەننى يوقىتىدىغان قورال - ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىپ، قوشۇننىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئاشۇرسۇن. زالىملارنى جازالاپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلسۇن.

ئىسكەندەر يۇقىرىقى سۆزلەرنى سۆزلەپ تۈگىتە - تۈگەتمەيلا، خالايىق تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىرىشىپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەي ئادالەتپەرۋەر دانىشمەن پادىشاھ، — دېدى ئۇلار باشلىرىنى يالىڭاچلاپ زار - زار يىغلاشقان ھالدا چۇرقىرىشىپ، — نېمىشقا بىزنى بۇنداق غەمدە قويىسەن؟! ئۆز ئادالىتىڭ بىلەن خەلقنى بەھرىمەن قىلىدىغان چاغدا

بىزگە بۇنداق زۇلۇم كۆرسىتىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟! دەۋاتقان سۆزلىرىڭ
خالايىقنىڭ باغرىنى قان قىلماقتا . بۇنداق سۆزلەرنى دېگۈچە قېنىمىزنى
ئاققۇزغىن ، سېنىڭ يولۇڭدا جانلىرىمىز پىدا بولسۇن . سېنىڭ دۆلەت سايەڭ
بۇ ئەلنىڭ بېشىدىن يىراق بولغىنىدىن كۆرە ، بۇلارنىڭ جېنى تېنىدىن يىراق
بولغىنى ياخشىراق . بۇ سۆزلىرىڭ ھەرقانچە يېقىملىق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ-
دىن ئەلنى ھالاك قىلىشتىن باشقا مەنپەئەت كەلمەيدۇ . «پادىشاھلىقنى
تاشلايمەن» دېگىنىڭ قانداق گەپ ؟! جاھاندا قايسى كۆز سېنىڭ تەڭدى-
شىڭنى كۆرۈپ باققان ؟! سەن شۇنداق قابىل پادىشاھسەنكى ، پەلەك
سەييارىلىرىنىڭ ھەرىكىتىدىنمۇ خەۋىرىڭ بار . دۇنيادا سەن بىلمەيدىغان ئى-
لىم يوق . بۇ تەرەپلىرىڭ رۇم ئەھلىگە ئايان بولغىنىدەك پۈتكۈل دۇنيا
ئەھلىگىمۇ ئايان . سەندەك قۇياش يۈزلۈك ، چولپان كۆزلۈك پادىشاھنى بۇ
جاھان ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان . خۇددى گۈلدىن خۇش پۇراق ،
قۇياشتىن يورۇقلۇق نامايان بولغاندەك ، سېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭدىن ئادا-
لەت ۋە ساخاۋىتىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . بۇ مەملىكەت ساڭىلا خاستۇر . يەنە
تېخى پۈتۈن جاھان قولۇڭغا چۈشۈپ ، ئالەمگە ھۆكۈمران بولۇشۇڭدىن ئۈ-
مىد بار . شۇڭا ، سەن ئۆزۈڭدىن باشقا بىر كىشىنى جاھانغا پادىشاھ قىلما ، بۇ
ئىشىڭ تۈپەيلىدىن بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرمە ، جاھان ئەھلىنى بىناۋا قىلما .
ئەگەر سەن شاھلىقنى قوبۇل قىلمىساڭ ، يۇرت ئەھلىنىڭ پەريادىغا يەتمىسەڭ ،
يۇرتقا يات بىر كىشىنى ئىگە قىلىشنى راۋا كۆرسەڭ ، بىز بۇنداق بالا - قازاغا
رازى بولمايمىز . ھەممىمىز ۋەتەننى تاشلاپ پاراكەندە بولىمىز . يۇرت -
يۇرتلارغا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىمىز . قەلەندەرلىك ،
تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلايمىز . تەڭرى بۇ ماجىرانىڭ
سورىغىنى سەندىن سورايدۇ !

ئىسكەندەر خەلقنىڭ بۇ نالە - پەرياد بىلەن تولغان خىتابلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ، خۇددى قىيامەت ئالامەتلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۆزىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلدى. ئەلىنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن كۆڭلى ناھايىتى غەمكىن بولدى. بۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ساپ ۋە سادىقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆپ خىجىل بولدى. يۇرت ئەھلىنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە ئاتىسى-نىڭ ۋەسىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇپ، مەيۇسلەندۈرۈشنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. گەرچە ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى بۇ جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ غەم- ئەندىشىگە پاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈنۈشتە بۇ تەكلىپكە رازىلىق بەردى. شۇ ھامان ئەرەستۇ ئورنىدىن قوپۇپ شاھانە تاجنى قولىغا ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا كىي-گۈزدى. بۇ تاج ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلۈش بىلەن ئەزىز ۋە مۇقەددەس بولدى. ئەرەستۇ شۈكرى- سانا ئېيتقان ھالدا ئىسكەندەرنىڭ بىر قولىنى تۇتتى. بەلىناس ھېكىم يەنە بىر قولىنى تۇتتى. بۇ ئىككى دانىشمەن ئالىم ئىسكەندەرنى يېتىلەپ ئاپىرىپ مۇبارەك تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئىسكەندەرنىڭ خاسىيەتلىك قەدىمى بىلەن بۇ تەختنىڭ مەرتىۋىسى ئېشىپ ئۆسۈپ كەتتى. بۇ تەخت قۇياش ئۈستىگە سايە سېلىشقا باشلىدى. چوڭ- كىچىك يۇرت ئەھلى ئىسكەندەرنىڭ بېشىدىن تەڭگە- تىللالارنى شۇ دەرىجىدە چاچتىكى، ئۇلار بۇ تەڭگە يۇلتۇزلىرى بىلەن يەر يۈزىنى خۇددى ئاسمانغا ئوخشىتىپ قويدى. جاھان خەلقى ھەددى- ھېسابسىز شادلىقلارنى ئىزھار قىلىشتى.

كەچ بولدى. ئالەمنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق قۇياش مەغرىب پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇندى. ئۇ ئۆز شادلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن پەردە ئارقىسىدا بەزمە تۈزۈپ، شەپەق شارابىنى پەلەك جامىنىڭ گەردىشىگىچە توشقۇزۇپ قويۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئىسكەندەرمۇ كەچلىك بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھىلالدەك پىيالىلەردە شاراب تۇتۇشۇپ، شادلاندى. ئىسكەندەر گويا كى تۈندە

نامايان بولغان قۇياشتەك بۇ كەچلىك بەزمىنى نۇرلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ جاھان پادىشاھى ھەرقانداق سۆز قىلسا، ئىلىم - ھېكمەت كانى بولغان ئەرەستۇ دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەتتى. بۇ دانىشمەن ھېكىم ھەر تەرەپتىن ئىلىم ھېكمەت دۇردانىلىرىنى تۆكۈپ، بەزمە ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى نۇرلاندۇراتتى. شۇڭا بۇ ئولتۇرۇش ئەيش - ئىشرەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىلىم - ھېكمەت سورۇنى ئىدى.

ئۇ دانىشمەن ھېكىمنىڭ ھەر بىر سۆزى ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەب - ئەخلاق ۋە دانىشمەنلىك ھېكمەتلىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. بەزمە شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ سەزگۈلىرى مەينىڭ ھارارىتى بىلەن قىزىپ تېزلەشتى. ئاخىر ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا مايىل بولدى. كىشىلەر سورۇندىن قوپۇپ، تارقىلىشقا باشلىدى.

ئىسكەندەر يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. ئۆزىنى بىر ئادەتتىكى خەس - خەشەكتەك بىلىپ، بېشىنى يەرگە قويۇپ، سەجدە قىلغان ھالدا، تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ، قۇللۇق ئىزھار قىلدى. شەرق قۇياشى نامايان بولۇپ، ئالەمنى يورۇتتى. يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى ئۆچتى. ئىسكەندەر تاجىنى كىيىپ، ياسىداق تەخت ئۈستىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن خالايىق ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. بارچە ئەل ئۇنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ تۇرۇشتى.

— ئالەمنى ياراتقان تەڭرى، — دېدى ئىسكەندەر خالايىققا خىتاب قىلىپ، — مېنى سوراقچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. خالايىق ئىچىدە كىمنىڭ دەرد - ئەھۋالى، ئەرزھالى بولسا بايان قىلسۇن. ھەرقانداق دەردى بولسا، تارتىنماي، قورۇنماي ئېيتىۋەرسۇن. ھەرقانداق بىر دەردمەن ئەرز ئېيتىش ۋاقتىدا مېنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش دەپ بىلسۇن. تاجۇ تەختىمدىن ئەيمىنىپ، خەۋپسىرەپ يۈرمىسۇن. ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىش ۋاقتىدا، مېنى پادىشاھ دەپ، ئالدىمدا سۆزلىيەلمەي، تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرمىسۇن. ئالدىرىماي دەرد -

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالىنى تولۇق بايان قىلسۇن ، مەن ھەرقانداق دەردمەننىڭ كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەم ياپىمەن .

خالايىق ئىسكەندەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ھەممىسى بىر-بىرلەپ ئالدىغا كېلىپ ، ئۆزىنىڭ دەردىنى ئىزھال قىلىشقا باشلىدى . خەلقنىڭ ئىسكەندەر بىلەن بولغان سۆھبىتى ، سوئال - جاۋابلىرى تاكى يېرىم كۈنگىچە داۋام قىلدى . ئىسكەندەر خالايىقنىڭ دەردىگە شۇنداق داۋا قىلدىكى ، كىشىنىڭ قىينى تۆككەنلەرنىڭ بويىنىنى كەستۈردى . باشقىلارنىڭ قولىنى كەسكەنلەرنىڭ قولىنى كەستۈردى . ئاجىز - بىچارىلەرگە رەھىمدىللىك كۆرسىتىپ ، زۇلۇم چەككەنلەرنىڭ دەرد - ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەردى . زالىملارنى قارا يەرگە پەس قىلدى . جاپا قىلغۇچىلارنى جاپا چەككۈچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا خارۇ زار قىلىپ ، ئادالەت ئاساسىنى قۇردى . ئاتىسىنىڭ زامانىسىدا يۈرگۈزۈلگەن سىياسەتلەر ئىچىدە ئەلگە ئازار ، پۇقرالارغا زۇلۇم يەتمىدىغان ھەرقانداق ئىشلار بولسا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلدى . بۇ ئارقىلىق خەلققە ئامانلىق بەخش ئەتتى . بارلىق پادىشاھلار يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ، ئەمما خەلققە مالالىق يەتكۈزىدىغان قائىدە - يوسۇن ، ئەندىزىلەرنىڭ قېلىپلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، خالايىقنى زۇلۇم چېكىشتىن قۇتقۇزدى . ئادالەت يولىنىڭ قائىدە مىزانلىرىنى تۈزدى . پۇقرالارنىڭ تەلەپ ، ئېھتىياجىغا قۇلاق سېلىپ ، ئۇلارنىڭ زىممىسىدىن ئىككى يىللىق باجنى كەچۈرۈم قىلدى . ھۈنەرۋەنلەرنى ھۈنەرگە مەشغۇل قىلىپ ، ئوسال كىشىلەرنى ھەر تەرەپلەرگە قوغلىدى . ياخشىلارغا مەدەت بېرىپ تەربىيىلىدى . يەنە بازارلارنىڭ نەرخ - ناۋاسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ، مال باھاسىنى مۇۋاپىقلاشتۇردى . قىممەت ساتقۇچىلار ۋە ئېغىر ئېلىپ ، يېنىك ساتقۇچىلارنى ئەدەبلىدى . تارازىلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تۈزۈپ ، تارازا تاشلىرىنى تۆمۈردىن ياساپ ، مۆھۈر بېسىپ تارقاتتى . گەز ① لەرنىمۇ بىر خىل ئۆلچەمدە قىلىپ تۆمۈردىن ياساپ ،

---

① گەز — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى . ھەر بىر گەز تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز چىسىغا تەڭ .

تارقىتىپ، ئېلىم - سېتىمدا ئۇزۇن - قىسقا بولۇپ قېلىشتىن ئەلنى خالاس قىلدى. گەزلەرنى توغرا ۋە راست قىلدى. ئالماق - ساتماقنىڭ نىزاملىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا بەلگىلەپ، بۇ قائىدە ۋە نىزاملار ئارقىلىق ئەلنىڭ سودىدىكى زىددىيەتلىرىنى تۈگەتتى. كىشىلەرنىڭ ئەگرى يولغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر كەسىپنىڭ توغرا تۈزۈم ۋە مىزانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. كىشىلەرنىڭ بىر - بىرنى ئالداپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئالتۇن تارتىدىغان تارازىلارنى ئادىللىق بىلەن تۈزۈپ تارقاتتى. يەنە غېرىب - مۇساپىرلارنى يول خەتەرلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن، يوللارغا قاراۋۇللارنى تەيىنلەپ كۆزەت قىلدۇردى. ئادالەت قوللىرىنى شۇنداق كۈچلۈك قىلدىكى، كېيىكلەر يولۋاسلارنىڭ زۇلمىدىن ئامان تاپتى. ئادالەت ۋە ساخاۋەتنى كۈندىن كۈنگە زىيادە قىلىپ، خەلقنى شاد - خۇرام قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ بۇنداق ئەدلى - ئادالىتى تۈپەيلىدىن رۇم خەلقى پات پۇرسەتتە بېيىپ كەتتى. **ساقىينامە:**

كەتۈر، ساقىيا، تولدۇرۇپ جامى ئەدل،
كى كۆرگۈزدى ئىسكەندەر ئەييامى ئەدل.
تەئادۇل بىلە تۇت ئانى بىھەمال،
ئىچەرگە ماڭا گەرچە يوق ئېئتىدال.
مۇغەننىي، نەۋائى تۈزۈپ مۇئتەدىل،
نەۋاسازلىق قىل ماڭا مۇتتەسىل.
قۇلاقىمغە دىلكەش سەدائى يەتۈر،
مەنى بىنەۋاغە نەۋائى يەتۈر.
نەۋائى، تەئادۇلدىن ئەتمە ئەدۇل،
قەبۇل ئەھلىدىن گەر تىلەرسەن قەبۇل.
چۇ ئادىل شەھ ئىلكىدىن ئىچكۈك ئاياق،
نەچە ئېئتىدال ئاسراساڭ ياخشىراق.

**ئادالەت ئەينى ① شۇنداق تەرىپلىنىدۇكى ، ئۇ پادىشاھلارنىڭ زۇلۇم- زۇلمىتى ئىچىدىكى ئابىھايات بۇلىقىدۇر . ئۇنى ئىچكەنلەر مەڭگۈلۈك ھاياتبەخش ئىتتىدىغان سۇغا ئېرىشكەن بولىدۇ**

ئادىل پادىشاھلارنىڭ زىننىتى ئادالەت بىلەن ھاسىل بولغىنىدەك ، گادايلارنىڭ زىبۇ ـ زىننىتىمۇ ئادالەت ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ . ئادالەتنى ئادەت قىلغان پادىشاھلارغا ھېچقانداق پادىشاھ تەڭ كېلەلمەيدۇ . ھەرقانداق پادىشاھ ئادالەت بىلەن نام چىقارسا ، تەڭرى ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەكتە بولىدۇ . بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن پادىشاھ تەڭرىنىڭ سايىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ . بۇ ئالەمنىڭ مۇشۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق بولۇشى ھەقىقەتەن ئادالەتنىڭ بەرىكىتىدىندۇر . ئادالەتلىك شاھلارنىڭ ئىشلىرىنى تەڭرى ياقتۇرىدۇ . پادىشاھلار ئەگەر ئادىل بولمىسا ، ئىككىلا ئالەمدە خارۇ زار بولىدۇ . نۇشىرۋان گەرچە مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن دوزاختا مەھكۇم قىلىنمىغان ، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە مىڭ يىللاردىن ئاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئادالەت بىلەن باغلانغان ئىشلىرى ھازىرمۇ تىللاردىن چۈشۈپ قالغىنى يوق .بۈگۈنكى زاماندىمۇ ھەرقانداق بىر پادىشاھ ئۆز خەلقىگە ئادالەت بىلەن باشچىلىق قىلىشنى ئادەت قىلسا ، كىشىلەر ئۇنى پادىشاھ دېمەستىن ، بەلكى «زامانىمىزنىڭ نۇشىرۋانى» دەپ تەرىپلەيدۇ . پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى ، ئەنبىيالىق ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئايى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ ئادىل پادىشاھ زامانىسىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۈرگەن . ھەدىستە : «ئادالەت بىلەن ئۆتكەن بىر سائەتنىڭ ساۋابى پۈتكۈل جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن يۇ-

① ئەين ـــ 1 ) ئەرەبچە ئادالەت ( عدالت ) دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپى بولغان « ع » نىڭ نامى ؛ 2 ) بۇلاق ، چەشمە .



www.uyghurkitap.com

قىرى» دەپ بېشارەت بېرىلگەن . ھەدىستە يەنە ئىشەنچلىك قىلىپ مۇنداق با-
يان قىلىنغان : «ئەگەر مۇسۇلمان بولمىغان بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئۆزىگە
ئادالەتنى ئادەت قىلىپ ، ئۇنى مەملىكىتىدە جارى قىلدۇرسا ، جەزمەنكى ، ئۇ-
نىڭ مەملىكىتى تېز ئارىدا يۈكسىلىدۇ ، راۋاج تاپىدۇ . ئۇنداق پادىشاھنى
نۇشىرۋان دېسە ئەرزىيدۇ . ئەگەر پادىشاھ زالىملىقنى كەسىپ قىلىپ ، ئاۋام
خەلققە زۇلۇم قىلسا ، ئۇنىڭ مەملىكىتى ئىسلام ، ئۆزى مۇسۇلمان بولغان
تەقدىردىمۇ ، ئۇ مەملىكەت تېز ئارىدا بەرباد بولۇپ ، ۋەيرانىگە ئايلىنىدۇ .»
ھەرقانداق بىر پادىشاھ تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزۈشكە
باشلىغاندىن كېيىن ، تەڭرى ئۇ پادىشاھقا ئادىل بولۇش ، ئاۋام خەلققە ياخ-
شىلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولىدۇ . شۇڭا ، ئادالەت ۋە
مۇرۇۋۋەت ئۇ پادىشاھنىڭ باش تارتسا بولمايدىغان بۇرچىغا ئايلىنىدۇ . قايسى
پادىشاھ زۇلۇم قىلغان بولسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۇۋال قىلغان بولىدۇ . بۇنى
مۇنداق بىرنەچچە جەھەتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ : بىرىنچىدىن ، ئۇ ھەق پەرما-
نىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ . قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى گۇناھتىن باشقا
نەرسە بولمايدۇ . ئىككىنچىدىن ، بارلىق ئىلاھىي ۋە ئىنسانىي ئەخلاقتىن
مەھرۇم بولۇپ ، پەسكەشلىك يولىغا ماڭىدۇ . ئۈچىنچىدىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ
زالىملىقى بىلەن خەلق ئىچىگە بىئاقەتلىك ۋە ئىزتىراپ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ،
ئەلنى قالايمىقان قىلىدۇ ، ئاۋات يەرلەرنى ۋەيرانە خارابىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ .
تۆتىنچىدىن ، ئۇنداق پادىشاھلار ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ . خەلق-
نىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ . شۇڭا ، كىشىلەر
ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ كېچە - كۈندۈز قارغايدۇ . ئۇنداق پادىشاھ ئەل ئىچىدە
ھەرگىز خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ . داۋاملىق قورقۇنچ ۋە دەككە - دۈككىدە
كۈن ئۆتكۈزىدۇ . پادىشاھ خەلققە قانچىلىك زۇلۇم سالسا ، شەكسىزكى ،
ئۆزىگە ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىرەك زۇلۇم سالغان بولىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ جېنى بۇ

www.uyghurkitap.com

دۇنيادا ئەلنىڭ ، ئۇ دۇنيادا بولسا جەھەننەم زۇلمىنىڭ خەۋپىدىن ئامان تاپالمايدۇ . زالىم پادىشاھ خەلققە دۈشمەن بولۇپلا قالماي ، بەلكى ماھىيەتتە ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەندۇر . زۇلۇم چەككەنلەر بۇ دۇنيادا ئەلنىڭ ھېسداشلىقىغا ، ئۇ دۇنيادا بولسا ، تارتقان ئازاب - كۈلپەتلىرىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ . زالىملارچۇ ؟ ئۇلار بۇ ئالەمدە خالايىقنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە ، ئۇ ئالەمدە بولسا خالايىقنىڭ جازاسىغا دۇچار بولىدۇ . شەكسىزكى ، بۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۆزى دەرد - ئەلەم ، قايغۇ - غەمنى چىللىغانلىقتۇر ، كىمكى ئۆزىنى ئادىللارنىڭ قاتارىغا قوشماقچى بولىدىكەن ، ئۇ ئۆزىگىمۇ ، باشقىلارغىمۇ زۇلۇم قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ . كىمكى ئادالەت ۋە مەرھەمەت ھۈنىرىنى بىلسە ، ئۇنى ئەبەدىي قولىدىن بەرمەيدۇ . بولۇپمۇ پادىشاھ بولغۇچى كىشى ئادىللىق ۋە ياخشىلىق قىلىش ھۈنىرىنى بارلىق ھۈنەرلەردىن ئەلا بىلىشى زۆرۈر . دۇنيادا ھۈنەردىن ئەزىزرەك نەرسە بولماس . بىراق پادىشاھنىڭ ئادىتى ئادالەت ۋە ياخشىلىق قىلىش بولسا ، باشقا ھۈنەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبتۇر .

**مەھمۇدنىڭ ھېكايىسى . سۇلتان مەھمۇد ئۆلۈمنىڭ ئېغىر ئۇيقۇسىغا كەتكەندىن كېيىن ، سۇلتان مەسئۇدنىڭ چۈشىگە كىرگەنلىكى ۋە ئادالەت بۇلىقىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەند - نەسىھەت قىلغانلىقى ، مەسئۇد يۈزىگە ئاشۇ نەسىھەت بۇلىقىدىن سۇ چېچىش ئارقىلىق ، ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقانلىقى**

ۋاقتىكى ، دەۋران سۇلتان مەھمۇد غازىنىڭ ھاياتلىق جامىغا زەھەر سېلىپ ، ئۇنىڭغا ئەجەل شەربىتىنى تۇتتى . زامان ئۇنىڭ قۇلىقىغا سەپەر نەغمىسىنى چالدى . سۇلتان مەھمۇد بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى . سۇلتان مەھمۇد ئالەمدىن ئۆتەر ۋاقتىدا ، ئۆزىنىڭ مەسئۇد ئاتلىق ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتتى .

بىر كىچىسى سۇلتان مەھمۇد ئاتىسى سۇلتان مەسئۇدنىڭ چۈشىگە كىردى : قارىسا ئاتىسى باشتىن ئاياغقىچە نۇرغا چۆمۈلگەن ھالدا ، بېھىشنىڭ ئىپار ـ ئەنبەر ھىدلىرىغا تولغان گۈلشىنىدىن ماكان تۇتقانمىش . ئۇنىڭ ئالدىدا سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بىر كۆل تۇرۇپتۇدەك ، ئۇنىڭ تەسۋىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە ئەقىل ئاجىزلىق قىلارئىمىش . ئاتىسىنىڭ راھەت ـ پاراغىتى بارغانسېرى زىيادە بولۇپ كېتىۋاتقان ، ئۇ كۆلنىڭ سۈيى خۇددى كۆك ئاسماندەك تىنىق ، پۇرىقى ۋە تەمى كەۋسەر سۈيىدەك تۇرغانمىش . ئۇ كۆلنىڭ قىرغىقىدا ناھايىتى ھەيۋەت بىر تۈپ دەرەخ پادىشاھ مەھمۇدنىڭ بېشىغا ، ياق ، بەلكى ئاشۇ گۈلشەننىڭ پۈتكۈل سەھنىسىگە بەئەينى چېدىردەك سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتقانمىش . ئۇ گۈلشەننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى ئىپار ـ زەپەر-دىن پۈتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى كېسەلمەنلەرنىڭ جىسمىدىن زەئىپلىك ۋە ئاغرىق ئازابىنى يوق قىلار ئىمىش . بۇ ئاجايىپ تاماشىدىن سۇل-تان مەسئۇدنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ ، بۇ گۈلشەننىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن ئۇنىڭ دىماغلىرى مەستخۇش بولغانمىش . سۇلتان مەسئۇد بۇ ئاجايىپ ـ غارا-يىپ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ، يەرنى سۆيگەن ھالدا ئاتىسىدىن سوئال سوراپتۇدەك : «ئەي ئاتا ، پادىشاھلىق دەۋرىڭدە قايسى ئىشنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئالىي ئورۇنغا سازاۋەر بولدۇڭ ؟ » سۇلتان مەھمۇد بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەنمىش : « پادىشاھلىق دەۋرىمدە كۆڭلۈم ئادالەت تەرەپكە مايىل ئىدى ، بىر چاغلاردا ھىندىستان تەرەپكە لەشكەر تارتتىم . يول ئۈستىدە بىر يۇرتقا چۈشۈپ ئارام ئالدۇق ، مەن لەشكەرلىرىمگە بۇ يۇرت خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى بۇزماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈردۈم . يۇرت ئەھلىگىمۇ لەشكەرلىرىمدىن ئامان بولۇش ، خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇش ھەققىدە پەرمان چىقىرىپ ، جار سالدۇردۇم . ئاندىن لەشكەرلىرىمنى ئارام ئېلىشقا قويۇۋەتتىم . ئۆزۈمنىڭ بۇ يۇرتنى سەيلە قىلغۇم كېلىپ سىرتقا چىق-

تىم . تەرەپ - تەرەپكە نەزەر سېلىپ ماڭدىم . كۆز ئالدىمدا تۇساتتىن بىر كەنت نامايان بولدى . بۇ كەنتتە بىرنەچچە ئۆيلۈكلا ئادەم ياشايدىكەن . ئۇلارنىڭ هال - ئوقىتى ناهايىتى ناچار ، كۆڭۈللىرى سۇنۇق ئىكەن : ھەممىسى ئاجىز ، زەئىپ بىچارىلەر ئىكەن . ئۆيلىرىنى ياغاچ ، بەلكى تولىراقى قومۇشتىن قورشام قىلىپ ياساپتۇ . ئۇ بىچارىلەر ئۆيلىرىگە گىلەم ئورنىدا بورا سېلىپ ، بۇ كونا قورشام ئۆيلىرىنى خۇددى باغۇ - بوستانلىق قەسىردەك بىلىپ ياشايدىكەن . بۇلارغا نەزەر سېلىپ كېتىۋاتقىنىمدا ، قۇلىقىمغا بىر مەزلۇم كىشىنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى كىرىپ قالدى - دە ، ئېتىمنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ ھەيدىدىم . بېرىپ قارىسام ، بىر ناتىۋان ئاجىز ئايال نالە - زار قىلىپ تۇرىدۇ . نېمە گەپلىكىنى ئۇقسام ، مېنىڭ لەشكىرىم ئىچىدىكى بىر كىچىك لەشكەر بېشى ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ قورشامنى بۇزۇپ ، ئۆيىگە كىرىپتۇ - دە ، ئىككى تال ئوتۇننى ۋە بىر تووۇرا سامانىنى ئاپتۇ . ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ تاماق يەيدىغان بىر يېشىل ھېجىر قاچىسىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋاپتۇ . ئۇ زالىم ئۆيدىن يۇلقۇنۇپ چىقىۋاتقاندا ، ئىشىك ئالدىدا ماڭا دۇچ كېلىپ قالدى . ئۇ ئايال بىلەن جېدەل قىلىۋاتىدۇ . ئايالنىڭ يەنە ئىككى نەپەر گۈۋاھچىسمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى . ئۇنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى بىلگەندىن كېيىن ، تارتىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇزدۇم . ئۆيىنىڭ بۇزۇلغان قورشاملىرىنى ياساتتۇرۇپ ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەردىم ، ئۇ ئايالنىڭ مەھرۇم قىلىنغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلاتتۇرۇپ بەردىم . ئاندىن ئۇ زالىمنىڭ قوللىرىنى باغلىتىپ ، شۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىلا بوغۇزىدىن ئاستۇردۇم . ئۇ قېرى ئايالنىڭ دەردىگە ئاشۇ تەرىقىدە دەرمان قىلغاندىن كېيىن ، لەشكەرلىرىم تەرەپكە قايتىپ كەلدىم . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ پايدىسىز ۋاقىتلىق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ، بۇ مەڭگۈلۈك دۇنياغا كەلدىم . بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ، مۇشۇ گۈزەل جەننەت بېغىدىن ئورۇن ئالدىم . شۇنى بىلگىنكى ،

مېنىڭ گۇناھلىرىم ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى . ئەمما مۇشۇ بىر ئىشىم تەڭرى ئالدىدا مەقبۇل كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، كەچۈرۈم قىلىندىم، ماڭا غايىبتىن : « ئەي گۇناھكار ئىنسان ، ئۆمرۈڭ بارگاھى ئىچىدە ھەددى ـ ھېسابسىز گۇناھلارغا بوغۇلۇپسەن . بۇ سەۋەبتىن سەن دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم ئىدىڭ ، بىراق ئاشۇ بىر قېتىملىق ئادالىتىڭ سەۋەبىدىن كەچۈرۈمگە ئېرىشتىڭ . پانىي ئالەمدە ئاشۇ بىر قېتىملىق غەرەزسىز ھالدا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا بېرىمىز . ئاشۇ قېرى ئايالنىڭ بوزۇلغان قورشامنى غەرەزسىز ھالدا تۈزەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ، بۇ ئەنبەر ھىدلىق جەننەت بېغى ، ئىككى تال ئوتۇنىڭ بەدىلىگە بۇ تۇبى دەرىخى ، يېشىل ھېجىرنىڭ ئورنىغا بۇ زۇمرەتتەك كۆل ، بىر ئېتەك سامانىڭ مۇكاپاتىغا بۇ زەپەزارلىق ساڭا نېسىپ بولدى ؛ ئۇ زالىمنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن سەن ئەبەدىي ھاياتلىققا ئېرىشتىڭ . بۇ ئىش بىلەن سېنىڭ نامىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ . بۇنداق ئەبەدىي ھايات سان ـ ساناقسىز گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كىشى ئادالەت ۋە ياخشىلىقتىن باشقا ئىشنى قىلماس . كىشى ئەگەر پانىي ئالەمدە ئادالەت بىلەن ئىش قىلمىسا ، بۇ باقىي ئالەمگە كەلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلغىنىنىڭ پايدىسى يوق . ساڭا مېنىڭ بېشارىتىم شۇكى ، قانچىلىك كۈچ ـ قۇدرىتىڭ بولسا ، شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلغىن ، قانچىلىك قۇربىڭ يەتسە شۇنچە ئادىل بولغىن ، پادىشاھ بولغان كىشى ئەگەر ئادالەتتىن يىراقلاشسا ، ئۇ داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولىدۇ ... »

سۇلتان مەھمۇد يۇقىرىقى چۈشنى كۆرۈۋېتىپ ، توساتتىن ئويغىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ ، خۇشاللىققا چۆمدى . ئاتىسىنىڭ بېشارىتى بويىچە ئادالەت يولىنى تۇتۇشقا بەل باغلىدى . كىمكى سۇلتان مەسئۇدقا ئوخشاش ئادالەت ۋە ياخشىلىققا نىيەت باغلىسا ، سۇلتان مەھمۇدقا ئوخشاش ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يەتكۈسى .

www.uyghurkitap.com

## هېكمەت . ئىسكەندەر ئەرەستودىن كىشى ئادالەت يولىنى تۇتسا ، ئۇنىڭغا قانداق نەتىجە قولغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىغانلىقى ؛ ئەرەستونىڭ جاھان مۈشكۈللىرىنى ئاسان قىلغۇچى تىلىنى ئىشقا سېلىپ ئادالەت يولىنى تۇتقان كىشىگە جاھان ھۆكۈمدارلىقى مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ؛ ئىسكەندەرنىڭ ئادىللىق بىلەن بۇ جاھان سائادىتىگە ئېرىشكەنلىكى

ئىسكەندەر ئەرەستودىن :

— ئەي دانىشمەن ھېكىم ، پادىشاھ بولغان كىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇش جەزمەن زۆرۈر ئىكەن ، ئۇنداقتا ئادالەتنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار ؟ — دەپ سورىدى .

ئەرەستو بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى :

— ئەگەر پادىشاھ ئادالەتنى كەسىپ قىلسا ، ئۇنىڭغا جىمى جاھان تەۋە بولىدۇ . پۈتۈن ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدۇ . ئادالەت سەۋەبىدىن پادىشاھلارنىڭ مەملىكىتى ئاۋاتلىشىدۇ ، بېيىپ ، گۈللىنىدۇ . شۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلەت خەزىنىلىرى بايلىق بىلەن تولۇپ تاشىدۇ . لەشكىرىي ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق تەرتىپكە چۈشىدۇ . پادىشاھنىڭ كۆڭلىمۇ خۇشال ۋە روھلۇق بولىدۇ . بۇنداق پادىشاھ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن چوقۇم غالىب كېلىدۇ . ئۇ قاچانكى بىر دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلسە ، دۈشمەن مەملىكەت بىلەن ئۆز مەملىكىتىنىڭ كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ زور بىر كۈچكە ئىگە بولىدۇ ـ دە ، يەنە بىر دۈشمىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ . ئۇنداق پادىشاھنىڭ پۇقرالىرى بولسا ئۇنىڭغا غەلىبە ـ نۇسرەت تىلەپ ، مەدەت بېرىدۇ ، ھەمدەمدە بولىدۇ . يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى ، ئادىل پادىشاھنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ پۇقرالىرى ۋە لەشكەرلىرىمۇ قوللايدۇ ؛ پۇقرالىرى ئادىل شاھنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن كېچىلىرى دۇئاغا قول ئاچىدۇ . لەشكەرلىرى بولسا ئەپ تاپسىلا ئادىل شاھ

تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز ئادىللىقى بىلەن ئاشۇنداق يول تاپسا، ئۇنىڭ جاھانغا ھۆكۈمران بولمىقى ئاساندۇر. ئادالەتنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، ئەگەر بىرى تەڭرى يولىدا ئادالەت تارازىسىنى راست تۇتسا، خەيرلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئەل بېشىدىكى مۈشكۈلچىلىكلەرنى يوق قىلسا، ئاۋام خەلقنى مېھنەت - مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتۈرسە، پۈتكۈل ئالەم خەلقى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ. ئۇنىڭغا ياخشىلىق دۇئا قىلىدۇ. ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئىككىلا ئالەمنىڭ بەخت - سائادىتى ئۇنداق پادىشاھقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۇ دانىشمەن ئالىم سۆزلەشتىن توختىدى. ئىسكەندەر بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. كۆڭلىدىكى شۈبھىلىرى كۆتۈرۈلۈپ ئەقىل كۆزلىرى تېخىمۇ روشەن بولدى.

**ئىسكەندەر ئىشلىرى تەپسىلاتىنىڭ قىسقىچە بايان قىلىنىشى ۋە بۇ قىسقا بايان ۋاقىئاتىنىڭ تەپسىلي ئايان ئېتىلىشى؛ دارا ئەلچىسىنىڭ ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا ئالتۇن بەيزە ① تەلەپ قىلىپ كېلىپ، ئەكسىچە پولات نەيزىدەك جاۋابقا ئېرىشىپ قايتقانلىقى؛ ئۇ پولات نەيزە شولىسىدا چاقنىغان چاقماقنىڭ دارانىڭ سەۋر - تاقەت خامىنىغا ئوت ياققانلىقى؛ دارانىڭ ئىسكەندەرگە كۈنجۈت، گۆي ② ۋە چەۋگان ③ ئەۋەتكەنلىكى؛ ئىسكەندەرنىڭ چەۋگان بىلەن گۆينى ئۇرۇپ، كۈنجۈتنى قۇشلارغا تەرگۈزگەنلىكى**

سۆز دانالىرى تارىخ ئىلمىدە كۆپ مۇشەققەتلەر چېكىپ، مۇشۇ ھېك-

---

① بەيزە — تۇخۇم.

② گۆي — چەۋگان ئويۇنىدا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان توپ.

③ چەۋگان — 1) ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەردىكى گۆي (توپ) نى ئۇرۇپ نىشانغا يەتكۈزۈپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇننىڭ ئىسمى؛ 2) چەۋگان ئويۇنىدا گۆي (توپ) نى ئۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق.

www.uyghurkitap.com

مەتلەرنى يۈزەگە چىقاردى:

ۋاقىتىكى، ئىسكەندەر ئەرەستونىڭ تەلىمىدىن ئادالەتنىڭ خاسىيەتلىرىنى چۈشىنىپ، يۇرتنى ئادالەت بىلەن ئاۋات قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭدا ئالەمنى بويسۇندۇرۇشقا ئىشتىھا پەيدا بولدى. بۇ ئىشقا كۆڭۈل قويۇپ، هەددى - هېسابسىز ئوي - خىياللارنى قىلاتتى. پىلان ۋە تەپەككۇر تارىلىرىنى ئۇزاق - ئۇزاقلارغا تارتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئادالىتىمۇ، شىجائىتىمۇ بار ئىدى؛ پەم - پاراسىتىمۇ، ئىلىم - كامالىتىمۇ بار ئىدى. ئۇ پەلەك قۇياشىدەك توغ - ئەلەملىرىنى تارتقان هالدا شۇنداق يۈرۈش قىلدىكى، يەر يۈزىنى بىر قەدەم باسقىنى بىلەنلا قولىغا ئالدى. پۈتكۈل ئالەمدە هېچ كىشى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئاجايىپ غالىبىيەت مۇيەسسەر بولدىكى، پۈتكۈل پادىشاهلارنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭدىن شىكەستە يېدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دەپ بولۇش قىيىن. ئەگەر ئۇنى قەرنە① لەر بويى توختىماي سۆزلىسىمۇ تۈگىمەيدۇ. هەممىسىنى بايان قىلىش ئوگايغا چۈشمەيدۇ. بايان قىلغاندىمۇ تۈگىتىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا بۇ ئەهۋالنى ئەمدى قىسقىچە بايان قىلىشنى لايىق تاپتىم. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىسقىلا سۆزلەپ، مەقسىتىمنى بايان قىلاي. مەن ئىسكەندەرنىڭ تارىخى هەققىدە ناهايىتى كۆپ ئىزدەندىم. ئۇنىڭ قىسسىلىرىنى جىق مۇلاهىزە قىلدىم. ئۇنىڭ هېكايەتلىرى ئىچىدە ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى ئىنتايىن كۆپ چىلىقتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يالغانلىرىنى تاشلاپ، راستلىرىنى توغرىلىق بىلەن يۈزەگە چىقىراي.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر رۇم ئىلىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن قارشىلىق قىلغۇچىلارنى هالاك قىلىپ، بۇ دۆلەتنى دۈشمەنلەردىن خالاس قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇ لەشكەر تارتىپ جاهان ئىچىدىكى يۇرتلارنى قولغا

① قەرنە ــ ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى، بىر قەرنە 30 يىلغا تەڭ.

كىرگۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئالدى بىلەن جەڭ قىلچىنى يالىڭاچلاپ، مەغرىب①زېمىنىغا يۈرۈش قىلدى. ئاندىن زەڭگىبار②ئەھلىگە لەشكەر تارتىپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىكى داغنى قىلىچ سۈيى بىلەن يۇدى. يەنە دارا بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىدى. ئۇ يەنىلا يۇرت ئېچىشنى توختاتماستىن يۈرۈپ، پەرەڭ مەملىكىتىنى ئالدى. ئۇلارنى ئىنائەت قىلدۇرغاندىن كېيىن، قىرىم شەھىرى ۋە ئاندولوس شەھىرىنى ئالدى. ئاندىن مىسىرغا كەلدى، مىسىردا ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك كىشى سۈپىتىدە قارشى ئېلىندى. ئىسكەندەر مىسىرلىقلارنى ئۆزىگە دوست بىلىپ، ئۇ يەردە ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى بىنا قىلدۇردى. ئۇ يەردىكى زەردۇشت دىنىغا قارشى تەدبىر كۆرۈپ ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئوتىنى قىلىچ سۈيى بىلەن ئۆچۈردى. ئاندىن ئېتىنىڭ بېشىنى ئىراق ۋە ئەجەم تەرەپلىرىگە قارىتىپ ھەيدىدى. ئۇنىڭ قەدەم بەرىكىتىدىن ئۇ شەھەرلەر ئاۋات، خەلقى باياشاد بولدى. يەنە شام ۋە ھەلەب تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىمۇ ئاۋاتلىققا ئېرىشتۈردى. ئاندىن يەمەن تەرەپكە بېرىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلدى. ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن يەمەنىنىڭ تاشلىرى ھېقىققا ئايلاندى. ئاندىن بۈيۈك مەككىنى يەر سۆيۈپ تۇرۇپ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن باردى. قوبۇل كۆرۈلگەچكە، ئۇ ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ يەردىن رۇخسەت ئېلىپ، سەۋاھىل تەرەپلەرگە يۈزلەندى، ئۇ يەردە يۈز مىڭلىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى قىلدى. ئۇ يەردىن يانغاندىن كېيىن، پارس شەھەرلىرىنى ئېلىپ سائادەتمەن بولۇپ، شىمال تەرەپكە بېرىپ نۇسرەت تاپتى. قايتىش ۋاقتىدا خارەزىم شەھەرلىرىنى ئىگىلەپ قۇياشتەك بايرىقىنى تىكلەپ، قىپچاق دەشتىنى يورۇتتى. ئىسكەندەر ئاندىن ئاس شەھىرى بىلەن رۇس شەھىرىگە يۈرۈش قىلغانىدى، ئۇ يەردىكى خالايىقنىڭ قۇرقۇنچتىن يۈزلىرى كەھرىۋادەك سارغىيىپ كەتتى. ئاندىن پەرخار

① مەغرىب — ھازىرقى ماراكەش.

② زەڭگىبار — ھەبەشىستان، ھازىرقى ئېفىئوپىيە.

ئېلىدە ئورۇن تۇتۇش بىلەنلا ، ئۇ شەھەرلەنى جەننەت بېغىدەك قىلدى . يەنە ماۋەرە ئۇننەھرنى ئېلىپ ، سەمەرقەنتتەك شەھەرنى بىنا قىلدى . ئاندىن خاقانى چىنغا تالڭ شامىلىدەك يۈرۈش قىلدى . چىن خاقانى كەمەر باغلاپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئاندىن ئېتىنى ھىندىستان تەرەپكە چاپتۇرۇپ ، كەيداۋەر دېگەن پادىشاھنى قۇل قىلدى ، ئاندىن جەنۇە تەرەپكە باردى . سىند شەھەرلىرى تەرەپكە ئۆتتى . كەھ ۋە مەكران قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى . كىرمان شەھىرى تەرەپكە باردى . خۇراسان شەھەرلىرىنى ئالدى . ئۇ يەردە ئارام ئالغان مەزگىلىدە ، ھىرات شەھىرىنى بىنا قىلدى . ئاندىن بېرىپ ئىسپاھات شەھەرلىرىنى ئالدى ـ دە ، ئۇ يەردە رەي شەھىرىنى بىنا قىلدى .

ئەلقىسسە ، پۈتكۈل ئالەمنى بويسۇندۇرۇپ ، كۆڭلى ئارام تاپتى . ئاندىن رۇمغا بېرىپ بىر مەزگىل ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى . جام بىلەن مەي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا يەنە كۆڭلىدە بىر ھەۋەس پەيدا بولۇپ ، جاھاننى قايتىدىن بىر قېتىم ساياھەت قىلدى . يۇرت ـ يۇرتلاردا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى يۈزەگە چىقاردى ، نۇرغۇن ئاجايىپ ئىشلارنى قىلدى . ئۇلاردىن بىرى : يەجۇج ـ مەجۇجلەرنىڭ ئالدىغا سېپىل سوقتۇردى . يەنە بىرى : پۈتۈن ئالەمنى ساياھەت قىلىش جەريانىدا يوللاردا ياغاچلارنى ئورنىتىپ ، يول مۇساپىسىنى بېكىتتى . ئارغامچىلارنى غۇلاچلاپ يوللارنى ئۆلچەپ ، ھەر ئون ـ ئون ئىككى مىڭ گەز يول ئارىلىقىغا بىردىن ياغاچ ئورناتتى . بۇ مۇساپىنى بىر ياغاچ ياكى بىر مىل دەپ ئاتىدى . ئارىلىق مۇساپىلىرىنىڭ مۇنداق ئېنىق بېكىتىلىشى يول يۈرگۈچىلەرنىڭ مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلدى . يەنە ھەر بىر مەنزىللەردە رابات ، ئۆتەڭلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ ، مۇساپىرلارنىڭ ئارامگاھى قىلدى .

ئىسكەندەر يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ ئىشلىرىنى رەتكە سېلىپ بىر ياقلىق قىلغاندىن كېيىن ، ئەمدى لەھەڭگە ئوخشاش دېڭىزنى

كـۆڭلى تارتتى . ئۇ سۇ يۈزىگە قەدەم بېسىپ ، ھەددى ـ ھېسابسىز كېمىلەرنى ئىشقا سالدى . كېمىلەرگە بارلىق لازىملىق ئەشيالارنى قاچىلاپ ، سۇ يۈزىدە نەچچە يىللاپ سەپەر قىلدى . ئالدىغا قۇرۇقلۇق ياكى ئارال يۇرتلىرى ئۇچراپ قالسا ، ئۇ يەرلەرگە چىقىپ بىر مەزگىل ئارام ئالدى . ئىسكەندەر تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن سۇ ئىچىدىكى بارلىق ئارال دۆلەتلىرىنى ئۆز تەۋەسىگە قو- شۇپ ، ئۇلارنى بەختلىك قىلدى . بارلىق ئارال دۆلەتلىرى ئۇستىدىن غالىب كەلدى . ئەمدى سۇ ئىچىدە ئۇنىڭغا تەۋە بولمىغان يۇرت قالمىدى . شۇنداق- تىمۇ ئىسكەندەر يەنىلا دېڭىز دولقۇنىدەك داۋاملىق ھەرىكەت قىلدى . ئۇ ئاخىر دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ باردى . ئۇ يەردە يۇقىرىغا قارىسا ئاسمان ، تۆۋەنگە باقسا سۇدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى . ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن دېڭىزنىڭ تېگىنى كۆرۈپ بېقىش خىيالىغا كەلدى .بۇ ھەقتە ئالىملار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى . ئىلمى ھېكمەت ئالىملىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن چوڭ بىر ئەينەك شىشە ياسالدى . ئىسكەندەر بىر قانچە ئالىم بىلەن بىرلىكتە شىشىنىڭ ئىچىگە كىردى . ئاندىن شىشىنىڭ ئاغزىنى ھېكمەت يىلمى بىلەن مەھكەم ئېتىپ شىشىنى نەچچە مىڭ غۇلاچ تانىغا باغلىدى . تانىسىنىڭ بىر ئۇچىنى كېمىدىكىلەر تۇتۇپ ، شىشىنى دېڭىزغا تاشلىدى . شىشە دېڭىز تې- گىگە چۆكتى . ئىسكەندەر سۇ ئاستىدا نەچچە ئالەمگىمۇ سىغمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقاتلارنى كۆردى . سۇ ئاستىدىكى جا- نىۋارلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ دېڭىز ئاستىدىكى ئارزۇ ـ مۇرادى قاندى . قۇرۇقلۇقتا ئۇنىڭغا خىزىر ئەلەيھىسسالام يول باشلىدى . سۇدا بولسا ، ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام ياردەمدە بولدى . ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ھېچكىم قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇ تەڭرى تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە لايىق مەرتىۋىگە ئېرىشتى . شۇندىن كېيىنمۇ يەنە قانچىلىغان ئەل يۇرتنى ئۆزىگە قاراتتى . ئۇنىڭ ۋەقەلىرىنى يېزىش ئۈچۈن كىشى قەلەم ئۇچلىسا ، بىر

www.uygharkitap.com

«شاھنامە» بولۇپ چىقتى. لېكىن بۇ دەپتەرگە ئۇنى سىغدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى تاپالمىدىم. زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ قىسسىلىرىنى ئىخچام ھالدا قەلەمگە ئالدىم. شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خۇددى بىر شەھەرنى بىر ئۆي ئىچىگە يوشۇرغاندەك بىر دەپتەر قىسسىنى بىر بېيىت ئىچىدىلا تۈگەتتىم. ئەمدى تەگرى يول بەرسە ئىسكەندەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى راستلىق بىلەن بايان قىلىمەن.

ئەلقىسسە، ئۇنىڭ دارا بىلەن قىلغان ئىشىنى بايان قىلىمەن، ئۇنداق ئىشنى ھېچ كىشى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان.

پەيلەقۇس رۇم ئېلىگە پادىشاھ بولغان زامانلاردىلا دارانىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكى پۈتكۈل جاھاندا ئاشكارە ئىدى. دارا بۇ مەزگىلدە كەيانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ، پۈتكۈل مەملىكەتتە ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ سوت ۋە سوراق ئىشلىرى لۇھراسپىنىڭ رەسىم-قائىدىسى بويىچە، لەشكىرىي تۈزۈملىرى گۇستاسپىنىڭ قانۇنى بويىچە يۈرگۈزۈلەتتى. بارلىق ئىش-ئەمەللىرى كەيانىيلارنىڭ مىزانى بويىچە يۈرگۈزۈلەتتى. داراغا بۇ جاھانگىرلىك مىراسى بەھمەن شاھتىن قالغانىدى. جاھان مەملىكىتىدە ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك يەنە بىر پادىشاھ يوق ئىدى. باشقا پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ تەخت ۋە تاجىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن پېشكەشلەر قىلىپ، باج-خىراج تاپشۇرۇپ تۇراتتى. شۇلاردىن بىرى پەيلەقۇس ئىدى. ئۇمۇ داراغا جېدەل-ماجىراسىز ھالدا باج-خىراجەت تاپشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەر يىلى داراغا ئالتۇن تۇخۇمدىن مىڭنى ئەۋەتىش بەلگىلەنگەنىدى. پەيلەقۇس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىسكەندەر تەختكە چىقتى. مەملىكەت ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، دەسلەپكى يىلى زەڭگىبار پادىشاھى ئۇستىگە تىغ تارتتى. ئۇنىڭ تىغىنىڭ شولىسىدا زەڭگىلەر كۆيۈپ كۆمۈردەك بولۇپ قالدى. تۆكۈلگەن قانلاردىن يەر يۈزىدە قارا داغلار

هاسىل بولدى. ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە ئىسكەندەر ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى جەڭ بىلەن سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈك، ئەل ۋە زېمىن-لىرىنى قولغا ئالدى. رۇم ئەھلىنى شۇ دەرىجىدە كۈچەيتتىكى، ئىككى - ئۈچ يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە قۇدرەت تاپتى. لەشكەرلەرنى كۈ-چەيتىپ قۇردى. ئۇلار دۈشمەن ئالدىدا خۇددى قۇلۇنلارغا تاشلانغان ئەركەك شىرلاردەك يۈرەكلىك ۋە كۈچ - قۇدرەتلىك بولدى. شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ شۆھرىتى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلاردىن ھالقىپ كەتتى. تۇغ - ئەلەملىرى پەلەكتىن ئاشتى. قىلىچىنىڭ شولىسى جاھانغا ئوت سالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە جاھانگىرلىكتىن باشقا خىيال كەلمەيتتى. بۇ پەلەك سەھنى-سىنى ئۆزىگە تارلىق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. جاھان شاھلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغىنىغا ئۈچ يىل توشقان مەزگىلدە رۇم دۆلىتى ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە كۈچەيدى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا داراغا باج - خىراج تۆلەش ئىسكەندەرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىنلا ئالىي مەرتىۋىلىك قىلىپ يارىتىلغانىدى. ھىممەت جەھەتتە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى. بىراق ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدىغاندىن پەقەت دارا بار ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتە مۇرەسسە - مادارا قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ھەتتا كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى. ھەممىگە ئايانكى، ئىككى يولۋاس بىر - بىرى بىلەن ئېلىشسا، جەزمەن ئۇلار-نىڭ ئىچىدىكى ياشراقى غالىب كېلىدۇ.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەرگە تەقدىر دوستلۇق قىلىپ، پەلەك يار - يۆلەك بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، ۋاقتى بارغانسېرى خۇشال - خۇرام ئۆتۈۋاتاتتى. بىر كۈنى دارانىڭ ئوردىسىدىن بىر ئەلچى كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى ئالدىدا توختىدى ۋە ياساۋۇللاردىن ئىچكىرىگە

كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ، ئەلچىنى كىرگۈزۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئەلچى ئىچكىرىگە كىرىش بىلەنلا ئىسكەندەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى، يۈزلىرى بىلەن ئۇنىڭ دەرگاھىنى سۈپۈردى. قۇللۇق رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، سۆز بېشىدىلا دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئىسكەندەرنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىگە دۇئا قىلدى. مەدھىيە ماختاشلارنىمۇ لايىقىدا ئادا قىلدى. ئىسكەندەر ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ھەيۋەت-ھەشىمىتى ۋە شان-شەۋكىتى ئەلچىنى بىچارە ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ سۆزلەشكە پېتىنالماي، يەرگە كۆز تىككىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىسكەندەر ئۆز شەۋكىتى بىلەن بۇ ئەلچىنى تەڭقىسلىقتا قالدۇردى. ئەلچىنىڭ ئەيمىنىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىگەن ئىسكەندەر ئاخىر ئۆزى سۆز ئاچتى. ئۇششاق-چۈشەك سوئاللارنى سوراپ، ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن پاراڭلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىلەر بىر ئاز يوقاپ، ئۆز ھالىغا كەلدى. ئىسكەندەر بۇنى سېزىپ، ئەمدى شاھانە مەزمۇنلاردا سوئال سوراشقا باشلىدى:

— بەختلىك پادىشاھ دارا تىنچ-ئامان ئۆتۈۋاتامدۇ؟ مەملىكىتىنىڭ قائىدە، نىزاملىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتامدۇ؟

ئەلچى بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يەر سۆيۈپ، تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىسكەندەر يەنە سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇياققا كېلىشىڭدىكى مەقسەت-مۇددىئايىڭنى دەپ باققىن، دارانىڭ تاپىلىغان سۆزى بولسىمۇ يەتكۈزگىن.

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، — دېدى ئەلچى تەزىم قىلغان ھالدا، — بۇنى ئېيتماسلىققا چارەم يوق. ئىلگىرى پادىشاھ پەيلەقۇس بۇ مەملىكەتتىن دارانىڭ ھۇزۇرىغا ھەر يىلى مىڭ دانە ئالتۇن تۇخۇم خىراجەت بېرىپ

تـۇرۇۋاتـاتـتـى . ئۈچ يـىل بولۇپتۇ . جانابىڭىز بۇ مەملىكەتتە پادىشاھ بولۇپ ، سـائادەت تـېپـىپـسـىز . بـىراق بـۇ ئۈچ يىللىق خىراج دارانىڭ خەزىنىسىگە ئەۋەتـىلـمـىگەن ئوخشايدۇ . مېنىڭ كېلىشىمدىن مەقسەت مۇشۇ ئىش ئىدى . ئەگـەردە سـىـز ئۇنـى بـېرىشنى لايىق كۆرسىڭىز ، مەن بۇ خىراجەتنى سىزگە ۋەكـالىتەن دارانىڭ خەزىنىسىگە يەتكۈزىمەن . مۇۋاپىق كۆرمىسىڭىز داراغا بۇ-نىڭ جاۋابىنى ئېلىپ بارماقچىمەن .

ئـىسكـەنـدەرگە بۇ سۆزلەر ناھايىتى ئېغىر كەلدى . ئۇنىڭ ئېغىزلىرى غـەزەپ زەھـرى بـىلەن ئاچچىققا تولدى . يۈزلىرى ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى . بـەدىـنـى قـوقـاسـقـا ئايلانـغاندەك قىزىپ كەتتى . ئۇ بىرەر سائەتكىچە ئۆزىنى تـۇتـۇۋېلىپ جىم ئولتۇردى . ئاندىن غەزەپ ئوتلىرىغا ئەقىل - پاراسەت ، ئىـ-لـىم - ھېـكـمـەت سـۇلـىرىنى سېپىپ ئۆچۈردى . ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سۆزگە ئېغىز ئاچتى ، تىلىدىن جاۋاب جاۋاھىرلىرىنى چاچتى :

— شـاھ داراغـا مـەنـدىن سالام ئېيتقىن ، ئاندىن مۇنۇ سۆزۈمنىمۇ يەتـ-كۈزگىن . ئۇنىڭ بۇ پادىشاھلىقى ھەرگىز مەڭگۈلۈك ئەمەس . ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەربىر يوقىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ ، خالاس . شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە خەزىنە ئۈسـتىگە خەزىنە يىغىمەن دەپ تولا جاپا چېكىپ يۈرمىسۇن . چۈنكى ئۆمۈردە ۋاپـا يـوق . ئۇ ھېـسـابسىز مال - دۇنيا يىغىمەن دەپ ، ساناقسىز جەبرۇ - جاپا تـارتـىـپتۇ . ئەمدى مۇشۇ ۋاقىتچە يىغقان خەزىنىلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرسىمۇ يـېتـىپ ئاشىدۇ . لېكىن يەنە يىغىمەن دېسە ، بۇنىڭ پايدىسىدىن كۆرە زىيىنى كـۆپـرەك . ھەرقـانـداق ئـىش زۆرۈرىـيەت ۋە ئېھتىياجدىن تاشقىرى ئوشۇقچە بولسا ، ئۇنداق ئىشنى قىلىش ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ياخشى ئەمەس . بۇنداق ئـىش بىزگە ئەلەم قىلىدۇ . دارانىڭ ئۆزىگىمۇ ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ . دارا بۇ ئىشنى دەپ بىزنىمۇ جاپاغا سالمىسۇن . ئۇ بىزدىن ئالتۇن تۇخۇم ئالىمەن دەپ تـولا ئاۋارە بـولـۇپ يـۈرمـىسۇن . چۈنكى بىزدىكى ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان

تۇخۇلار ئاللىقاچان قانات چىقىرىپ ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتىپ قالدى . دارانىڭ
كۆڭلىگە بۇ نەسىھىتىم ماقۇل كەلسە ، ئەلۋەتتە ، بىزمۇ دوستلۇقتىن ئۆزگە
يولنى تاللىمايمىز . ئەگەر بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمىسا ، سىنىڭ ئېلىپ
كەلگەن گەپلىرىڭ بىزنىڭمۇ قۇلىقىمىزغا خۇش ياقمايدۇ . دارا بۇنداق بىھۇدە
سەۋدانى مېڭىسىدىن ، بۇنداق پايدىسىز تەمەننانى خىيالىدىن چىقىرىۋەتسۇن .
چۈنكى ئۆزىگە قارشى تەرەپنى چۈشىنىش دانالار ئالدىدا ئۇلۇغ ئىشتۇر . بۇ-
كەمگىچە ئۇنىڭ ئىشلىرى ناتىۋانلار بىلەن ئۆتتى . مەندەك كىشىگە تېخى دۈچ
كېلىپ باقمىدى . بىرقانچە ئاجىز كىشىگە ئەسكى تاجنى سېتىپ ، شۇنىڭ
بەدىلىگە يىلدا باج - خىراج ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن تەخت
- مەملىكىتىنى تارتىۋېلىپ ، ئاندىن ئۇلارغا يەنە تاج بېرىش بەدىلىگە خىراج
ئېلىش توغرا قىلىق ئەمەس . بىر كىشى تاجۇ - تەختكە ئىگە ، سەلتەنەتلىك
كىشى بولسا ، ئۇنىڭدىن باج - خىراجەت ئالىمەن دېيىش تېخىمۇ ئەقىلگە
سىغمايدۇ . بۇنداق قىلىش خۇددى دەريادىكى قورقماس لەھەڭنىڭ ئالدىدا
تۇرغان ئۇنچىلەرنى تېرىمەن دېگەندەك ئىش . بۇنداق ئارزۇ - ھەۋەسكە بې-
رىلگۈچىلەر سۇ ئىچىدە ئۆزىنى لەھەڭگە يەم قىلىدۇ ، خالاس . ئاقىل كىشىلەر
ئۇنداق خەۋپلىك يەردىن بىرنەرسە تەمە قىلمايدۇ . دارا ئارىمىزدا مۇنداق
سەۋەبسىز دۈشمەنلىكنى پەيدا قىلمىسۇن ، مال ۋە مەنسىپىم ماڭا يۆلەك بول-
دۇ ، دەپ خىيال قىلمىسۇن . يەر يۈزىدە ھەددى - ھېسابسىز چېرىكىم بار ،
شۇلار ماڭا غالىبىيەت بەخش ئېتىدۇ دەپ ئويلاپمۇ يۈرمىسۇن . گەرچە ئۇنىڭ
لەشكىرى كۆپ ، مېنىڭ لەشكىرىم ئاز بولسىمۇ ، تەڭرى غەلىبە - نۇسرەتنى
لەشكەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باقماي بېرىۋېرىدۇ . ئەگەر بەخت ، دۆلەت ئىشى
مۇيەسسەر بولىدىغان بولسا ، لەشكەرنىڭ ئازلىقى ئانچە توسقۇن بولالمايدۇ .

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئېيتىپ بولغۇچە ، ئەلچى ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن
ئېزىلىپ ئولتۇرۇپلا قالدى . سۆز تۈگىشى ھامانلا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ناتىۋان جې-

ىنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۆز يولىغا ماڭدى.

ئەلچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلمەستىن، تېز يۈرۈپ، دارانىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ بەرگەن جاۋابىنى داراغا تولۇق يەتكۈزدى. دارا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ھەيرانۇ ھەس بولۇپ:

— ھەرقانداق كىشى بۇ سۆزنى دېگەن بولسا، ئۇ يا ئېلىشىپ قالغان بىر ساراڭ، ياكى مەست ئادەم ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ سۆزلىگەن ۋاقتىدا ئۆزىنى بىلمەي بۇنداق سۆزلەرنى دەپتۇ. ياكى بۇ گەپنى قىلغۇچى بىر ئەقىلسىز گۆدەك بالا بولسا كېرەك. شۇڭا سۆزلىگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەقىل دېگەن نەرسە يېتەكچى بولماپتۇ، — دېدى.

ئەلچى دارانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىسكەندەرنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— ئىسكەندەر ساراڭ، دۆت، ياكى مەست ۋە ياكى ئەقىلسىز كىچىك بالا ئەمەسكەن. ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق، ئىلىم - ھېكمەتتە مىسلىسىز كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ شان - شەۋكىتى ۋە سۈپەتلىرىنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھوشيار ۋە زېرەكلىكى ئېيتقان سۆزلىرىدىنمۇ مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. سۆزلىرىنى قانچە مۇلاھىزە قىلغانسېرى، پىكرىنىڭ شۇنچە چوڭقۇر ۋە ئەقىل - ئىدرىكىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئەلچى ئەھۋالنى بۇنداق بايان قىلغاندىن كېيىن، دارانىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. غەزەپ ئوتلىرى يالقۇنجاپ، ئالەمگە ئوت چۈشتى. ئەلچىنى دەرھال زىندانغا ھۆكۈم قىلىپ، مۇنداق دېدى:

— ئىسكەندەر دېگەن ئۇ نېمە مېنىڭ قۇلۇمنىڭ پۇشتى، خاندانىمنىڭ ئۇششاق چاكارلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادى خاندانىمنىڭ ئادەتتىكى چاكارلىرىدۇر. ئەقىل كۆزىمىزنى ياخشىراق ئىشلە-

تىپ قارايدىغان بولساق، ئىسكەندەر دېگەن بۇ بىرنېمە ئادەم قاتارىغا كىرگۈدەك زادى كىم ئۆزى؟! ئۇ زادى قانچىلىك بىر نەرسە؟! ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆز دېگىلى بولامدۇ؟!، يا مەن دېگەن سۆزلەرگە تۈزۈكرەك جاۋاب بەرمىسە، يا مەندىن ئەيمەنمىسە، ياكى ئەلدىن ئۇياتمىسا! ئەمدى ئۇنى يوقىتىشنىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قوياي. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر دەككە بېرەيكى، بۇ ئىش جاھاندىكى بارلىق تېگى پەسلەر ئۈچۈن بىر يادىكار، بەلكى ساۋاق بولۇپ قالسۇن.

دارا ئۆز سۆزلىرىدىن قىلچە ئىۋا قىلماي، تىللىرىنى خالىغانچە ئۇزارتىپ، قىلىچتەك ئىتتىك گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن يەنە بىر تالاي سۆزلەرنى قىلىپ مەكتۇپ يازدۇرۇپ، ئۇنى يەنە بىر ئەلچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. يەنە ئۇ ئەلچىگە بىر چەۋگان، بىر گوي ۋە بىر كوزا كۈنجۈتنى بېرىپ، بۇلارنى ئىسكەندەرگە ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. دارا ئەلچىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزىچە كاتتا ئىش قىلغاندەك مەمنۇن بولدى. قانداق جاۋاب ئېلىپ كېلەركىن دەپ، كېچە-كۈندۈز ئەلچىنىڭ يولىغا كۆز تىكىپ تۇردى.

ئەلچى قىزىل تىلىنى ئۆز بېشىغا ئاپەت قىلىپ كېچە يۇ ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ قەسرى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. مۇلازىملار ئىسكەندەرگە دارانىڭ ھۇزۇرىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەلچى باشلاپ كىرىلدى. ئىسكەندەرنى كۆرۈش بىلەنلا ئەلچىنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشۈپ، ھودۇقۇپ، دەيدىغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇدى. ئۇ يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىپ، ئەلچىلىك رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلىشنى بۇيرۇدى.

— ئالدىڭدا سۆز قىلغۇدەك ماجال مەندە يوق، — دېدى ئەلچى

تۆۋەنچىلىك بىلەن، — دارانىڭ دېگەن سۆزلىرىنى شۇ پېتى يەتكۈزەي، ئەگەر بۇ گەپلەر مۇبارەك دىلىڭىزغا ياقمىسا قەيەردىن كەلگەن بولسام شۇ يەرگە كېتىمەن.

ئىسكەندەر بۇ ئەلچىنىڭ دارادىن قاتتىق - يىرىك گەپلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەملىدى ۋە سۆزلەشكە ئىجازەت بەردى.

ئەلچى:

— ئۇلۇغ پادىشاھ دارا مۇنداق سۆزنى ئەۋەتتى، — دېدى ۋە يېنىدىن دارانىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، — « سەندىن قەدىمىي رەسمىيەت بولغان باج - خىراج ئېلىشقا بىز موھتاج بولۇپ قالمىدۇق. لېكىن بارلىق شاھلار بىزنىڭ قۇل - چاكىرىمىزدۇر. شۇڭا ئۇلارغا ھەرقانداق پەرمان چۈشۈرسەك، تۆۋەنچىلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. باج - خىراج بېرىش بىزنىڭ ئەمرىمىزگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئاتاڭ ھايات ۋاقتىدا بۇ خىزمەتنى كەم - كۈتىسىز ئادا قىلاتتى. ئەمدى سەن ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان بولغاندىكىن، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئەمما سەن ئىتائەت يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرمىدىڭ. ئاتاڭ قىلغاننى قىلمىدىڭ. ئۈچ يىلدىن بېرى باج - خىراجلىرىڭ خەزىنىمىزگە يېتىپ كەلمىدى. بۇ ئىشىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا باج - خىراجەتنى ئېلىشقا كىشى ئەۋەتتۇق، ئەۋەتكەن ئادىمىمىزگە بىرمۇنچە سۆزلەرنى دەپ قايتۇرۇپسەن. ئەقلىڭ بولغان بولسا، بۇنداق دېمەس ئىدىڭ. بۇنداق دېيىش ھەددىڭمۇ ئەمەس، بىراق ئۆزۈڭ كىچىك، بېشىڭ تاشقا تېگىپ باقمىغان، تېخى ئەقلىڭگە توشمىغان بولغاچقا، ساراڭلىق قىلغان ئوخشايسەن. ئۆزۈڭنىڭ تەنتەكلىكى تۈپەيلىدىن ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىلىكىڭ يوق. تېخى گۆدەك بالىسەن. شۇڭا سېنىڭ قىلغان بۇ چولتا ئىشلىرىڭنى ئەپۇ قىلدۇق. ئەمدى ئىشنىڭ يولى شۇكى، قېپقالغان باج - خىراجلارنى تەييار قىلىپ، ئۇلۇغ ئاستانىمىزنى

سۆيۈپ ، تاۋاپ قىلغايسەن . يۈزۈڭدىن چۈمپەردەڭنى ئېلىۋېتىپ ، بۇ يەرگە كەل . بىزدىنمۇ ھېسابسىز كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرۈپ قالىسەن . ئەگەر بىزدىن ۋەھىمە قىلىپ قورقساڭ ، ئېيتقان سۆزلىرىڭدىن يانغىن ۋە دەرھال كەچۈرۈم سورا . ئەگەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۆز غۇرۇرۇڭنى ئەلا بىلىپ ، سۆزلىرىمىزنى رەت قىلساڭ ، نەسىھەتلىرىمىزگە قۇلاق سالمىساڭ ، بۇ سېنىڭ كىچىكلىكىڭنىڭ تەقەززاسى ۋە بىلىمسىزلىكىڭنىڭ ئالامىتىدۇر . يەنە ساڭا لايىق نەرسىلەرنى ئەۋەتتىم . بۇ ماڭا مۇناسىپ ئەمەس دەپ بوينۇڭنى تولغىماي تۇرغىن» ، — ئەلچى خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختىدى ۋە چەۋگان بىلەن گۆينى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قويدى . ئاندىن يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى ، — « ساڭا گۆي بىلەن چەۋگان ناھايىتى لايىق . چۈنكى سەن تېخى گۆدەكسەن . گۆدەكلەرنىڭ چەۋگان ئويناپ چوڭ بولغىنى ياخشى . بىراق يۇرت سوراش ئىشىغا كەلسەڭ ، بۇ باشقا ئىشتۇر . ئەگەر كۆڭلۈڭدىن بىزگە مۇخالىپ ئىشنى كۆتۈرمىسەڭ ، بىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سوراپ ، گۇناھىڭنى تىلىمىسەڭ ، ئۇنداقتا بۇ ئىش ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ . مەن بىلەن قارشىلىشىمەن دەپ خىيال قىلىشىڭ تامامەن بىھۇدە ۋە پايدىسىز ئىش . ئۇنداق قىلىشقا ھەددىڭ ئەمەس ، ھەققىڭمۇ يوق ، جاھىللىق ، تەنتەكلىكىڭنى تاشلا ، ئۆز جېنىڭغا ئېچىڭ ئاغرىسۇن . مېنىڭ لەشكىرىمنىڭ سانىنى مۇشۇ كۈنجۈتىنىڭ سانى بويىچە قىياس قىلغىن» — ئەلچى خەت ئوقۇشنى مۇشۇ جايدا توختاتتى . ئاندىن ئېلىپ كەلگەن بىر ئىدىش كۈنجۈتنى ئېلىپ ، ئاغزىنى ئاچتى ـ دە ، ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى ئىچىدىكى بىسات ئۈستىگىلا تۆكتى . ئاندىن ، — كىمكى شاھ دارادىن قورقماي ، قارشىلاشماقچى بولسا ، دارانىڭ لەشكىرىنى مۇشۇ كۈنجۈتتىن قىياس قىلسۇن ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى . ئىسكەندەرنىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولۇپ ، كۆز تىكىپ

تۇردى .

ئىسكەندەر كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ، سالماقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— دارا سۆزلەشكە باشلىسىلا ئۆزىنى بىلمەي ، ھوش ـ كاللىسىنى يوقىتىپ ، ناھايىتى غەلىتە گەپلەرنى قىلىشقا باشلايدىكەن . ئۇ شاھلارنى قۇلۇم ، ئەزىز مۆتىۋەرلەرنى چاكىرىم دەپ تەمەننا قىلىدىكەن . تەڭرى ئۆزىنىڭ لۇتپى - مەرھەمىتى بىلەن خالايىققا پادىشاھ قىلغان كىشىلەرنى قۇل - چاكىرىم دەپ ، ماختىنىپ يۈرۈش ياخشى ئادەت ئەمەس . چۈنكى ئۇلار پەقەت تەڭرىگىلا قۇللۇق قىلىدۇ . تەڭرى ئۇلارنى بەندەم دېسە ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن شەرەپ . ئەمما دارانىڭ بۇنداق دېيىشى پۈتۈنلەي خاتادۇر . بۇ تەڭرىگە شېرىك بولغانلىق . بۇ ئېغىر گۇناھ ، يەنە شاھ دارا مېنى ئۈچ خىل خۇسۇسىيەت بىلەن ئاتاپتۇ . يەنى مېنى گۆدەك ، تەلۋە ، مەست دەپتۇ . روشەنكى بۇ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت . مۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتتە ئىككى پادىشاھنىڭ يۇرت تالىشىپ قارشىلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر . يەنە پادىشاھ دارا ماڭا مەرھەمەت قىلىپ گۇي بىلەن چەۋگان ئەۋەتىپتۇ . ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مەن بىر بېشارەتنى چۈشەندىم ، بۇ بېشارەتتىن ماڭا ناھايىتى ياخشى ئىستىقبال نامايان بولدى . يەرنىڭ شەكلى قۇرۇلمىسى دەل مۇشۇ گۇيىدەك دۈگىلەك ، يەرنىڭ ھەرىكىتىمۇ دەل مۇشۇ گۇيىدەك پىرقىراپ چۆگىلەشتىن ئىبارەت . دارانىڭ ماڭا گۇينى لايىق كۆرۈپ ئەۋەتكەنلىكى ئەمەلىيەتتە تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ماڭا پىرقىراپ ئايلىنىپ تۇرغۇچى ئالەمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنىڭ بېشارىتىدۇر . قولۇمغا چەۋگان بەرگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇ گۇينى ئىدارە قىلىدىغان ، ياق بەلكى بۇ گۇي شەكىللىك ئالەمنى ئىدارە قىلىدىغان ھاكىمىيەتنى قولۇمغا بېرىشىنىڭ بېشارىتى . ئۇ ماڭا چەۋگاننى ، ياق ، بەلكى ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، ئۆزى بولسا بۇ ئالەم مەيدانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ . تەڭرى

خالىسا، بۇ مەيداندا مەن چەۋگان بىلەن گۈينى ئۇياق - بۇياق قىلىپ، بەلكى پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز ھۆكۈمۈم بويىچە ئىدارە قىلىپ ئۆتەرمەن. دارا بۇ ئىشى ئارقىلىق ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت. يەنە دارانىڭ كۈنجۈت ئەۋەتكەنلىكىدىن مەن بىر ئىشارەتنى چۈشەندىم. شەكسىزكى، دارا ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى كۈنجۈتكە ئوخشىتىپ، مېنىڭ لەشكەرلىرىمنى قۇشلارغا ئوخشاتقان، بۇ كۈنجۈت ھازىرلا قۇشلارغا يەم بولغۇسىدۇر.

ئىسكەندەر يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، بىر قانچە توخۇنى ئەكىردۈرۈپ، كۈنجۈت ئۈستىگە قويۇۋەتتى، توخۇلار كۈنجۈتلەرنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پاك - پاكىز تېرىپ يەۋەتتى، ھەتتاكى چۈمۈلىلەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈنمۇ بىرەر تال كۈنجۈت ئاشمىدى. دارانىڭ ئەلچىسى ئىسكەندەرنىڭ بۇنداق نازۇك ۋە ئىنچىكە ئىشارەتلىرىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇردى. ئىسكەندەر ئەلچىنى قايتۇرۇشقا پەرمان قىلىپ:

— ئاڭلىغان جاۋابلارنى تېز بېرىپ داراغا بايان قىل، — دېدى.

ئەلچى ئايىغى بىلەن مېڭىپ كەلگەنىدى، بېشى بىلەن مېڭىپ قايتىپ كەتتى. بارغاندىن كېيىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ۋەقەلەرنى داراغا بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان دارانىڭ ئۆچمەنلىك ئوتلىرى گۈركىرەپ كۆيۈشكە باشلىدى، بۇ ئوتنىڭ يالقۇنلىرى پەلەككە يەتتى. خەلق پىتنە - پاسات ئىچىدە قالدى. تىنچ - ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك دېگەنلەر يوقلۇق كوچىسىغا قېچىپ كەتتى. نەزمە:

ئاياقچى، كەتۈرمەيكى تارتاي دەلىر،
كى سەرخۇش بولاي، گۈركىرەي ئانداقكى شىر.
كىرەي خەسىم ئارا ئۆيلەكىم شىرى مەست،

بارىغە بىرەي بىردەم ئىچرە شىكەست .
مۇغەننىت ، چالىپ گەرم ھەڭگامە تۈز ،
سۇرۇدۇڭدا ئاھەڭگى «شەھنامە» تۈز .
چۇ ئاھەڭگى كىن ئەتتىلەر ئىككى شاھ ،
دەلىر ئۇلسۇن ئۇل نەغمە بىرلەسىپاھ .
نەۋائى جەھان ئىچرە ئاشۇب ئېرۇر ،
فىتەن سەرسەرى ئەمنىيەت رۇب ئېرۇر .
بۇ ئاشۇبدىن گەر تىلەرسەن ئەمان ،
ئەمان تاپما مەي شۇغلىدىن بىرزەمان .
زەمان ئەھلىغە بولسە مىلك ئىبتىلا ،
ئەمەس مۇبتەلا بادە ئىكەن تولا .

**دۈشمەنلىشىش ئىنتايىن يامان ئادەتتۇر . بۇ ئادەت ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۇلپەتتۇر .**
**ئۇنىڭ ئۆزى غەم ـ ئەندىشە ۋە بالايىئاپەتتۇر . ئەمما ، ئۇنىڭ ئەكسىچە يول**
**تۇتۇلسا ، سەممىي سادىقلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. دۈشمەنلىشىشنى تاشلاش**
**كىشىنى بەخت ـ سائادەت كوچىسىغا يەتكۈزىدۇ . دۈشمەنلىشىش**
**ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلسە ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ـ**
**ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ ، خانۇ ـ مانىنىخاراب قىلىدۇ .**
**ئەگەر پادىشاھلار ئارىسىدا يۈز بەرسە**
**پۈتكۈل جاھاننى خاراب قىلىدۇ .**

ئەي دوست ، ھوشيار بولغىنكى ، جاھان ئەھلىدىن ۋاپا كەلمەيدۇ . ئۇلاردىن دوستانىلىق ناھايىتى يىراق . ئەگەر ياخشى ئويلايدىغان بولساڭ ، جاھان ئەھلى ئارىسىدا تۈگىمەيدىغان بىر ھۈنەر بار ، ئۇ بولسىمۇ ئۆچلىشىش ، ئاداۋەت بىلەن ئۆمرىنى زايە قىلىشتىن ئىبارەت . بىرنەچچە خىل ئادەملەر باركى ، ئۇلار ھەمىشە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ .

ئۇلار بىلەن بىرى قاچانىكى ھەمكارلاشسا، ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئازار بەرمەي قالمايدۇ. كىمكى بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىسە، ئۇنىڭغا دەل ھۈنەردىشى دۈشمەن بولىدۇ. بىرى بىرەر ئىشتا ماھارەت كۆرسەتسىلا، يەنە بىرىمۇ شۇ ئىشقا چاك سالىدۇ ـ دە، ھەر تەرەپتىن لاپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىتلىشىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى كېچە ـ كۈندۈز كەم بولمايدۇ. ئەمما، ئۇنداق ئىشلار كۆپىنچە ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا بولماستىن، بەلكى دۆلەتمەنلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، پادىشاھلار يۈزمىڭلىغان چېرىكلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزئارا شاھلىقنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىشىپ، بىر ـ بىرىگە قارشى ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ھاكىملار بولسا، ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىشىپ، ھاكىمىيەتنى تالىشىپ ئۆزئارا زىددىيەتلىشىدۇ. لەشكەر بېشى قوماندان، چېرىك بەگلىرى لەشكىرىي ئىشلاردىكى ھوقۇق ئىمتىيازنى تالىشىپ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولايدۇ. ئۇلار پادىشاھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، مەنسىپى قانچە ئۆسكەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش شۇنچە كۈچىيىدۇ. بىلىشى ئازراق بولغان ئاددىي خەلقنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش، ئۆچلىشىش ئوردىدىكىگە ۋە دىۋان ـ مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكىگە قارىغاندا ئاز كۆرۈلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ۋەيرانچىلىق ۋە سورۇقچىلىقى يەنىلا دۈشمەنلىشىش ـ ئۆچلىشىشتىن كېلىپ چىققان. ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆچلىشىشى بىرنەچچە ئائىلىنى ۋەيران قىلىش بىلەن، شۇ قاتاردا ئۆزىنىمۇ خاراب قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما دۈشمەنلىشىشنى پادىشاھلار ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۆز مەرتىۋىسىنى باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۇلارنى ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزۈشنى قەستلىسە، بۇنداق خىيال پۈتكۈل ئالەم خەلقىنى خانىۋەيران قىلىدۇ. بۇ گوياكى بىر توپان بالاسى، بۇ بەئەينى دەريالارنىڭ تاشقىنى، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك چايقىلىشىدۇر، بۇنداق

مەملىكەتتە ئامانلىق ۋە ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇنداق بالا - قازا تاشقىنىدىن ھېچكىم ئامان قالمايدۇ. پۈتكۈل خەلق جەبىر - زۇلۇمغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئىككى پادىشاھ دۈشمەنلىشىشكە بەل باغلىسا، جاھان ئەھلى ئۇ ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ، ھەممىسى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماستىن قىلىچ يالىڭاچلاپ، بىر - بىرىگە ھالاكەت تىغلىرىنى تەڭلەيدۇ. ئاتا بىر پادىشاھقا، ئوغۇل يەنە بىر پادىشاھقا لەشكەر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بىر - بىرىگە يول قويمايدۇ. ئاداۋەت ۋە قەھرى - غەزەپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتىسى ئالدىرايدۇ. ئوغلۇمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. قېرىنداش قېرىنداشنىڭ بېشىنى كېسىشتىن تەپ تارتمايدۇ. دوستلار دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ. بىر ئۆيدىكى كىشىلەرمۇ بىر - بىرىدىن كېچىشىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋالدا يات كىشىلەر قانداق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق شىددەتلىك قارا بوران جاھاننى قاپلايدىغان بولسا، پىتنە - پاساتنىڭ چاڭ - توزانلىرى خالايىقنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز خۇدىنى بىلمەيدىغان، ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان، ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدىغان بولىدۇ. جاھان ئەھلى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، بۇلاپ - تالايدىغان ۋە بىر - بىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاندى قىلىدىغان ھادىسىلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەم بىر ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىنىدۇ. گەرچە جەڭ ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاداۋەتمۇ پەقەت ئىككى پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ زىيان - زەخمەتلىرى، بالايىئاپەتلىرى پۈتكۈل خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئاشۇ ئىككى شاھنىڭ دۈشمەنلىكى سەۋەبىدىن سان - ساناقسىز ئاجىز بىچارىلەر ئاياغ ئاستىدا پايخان بولۇپ يانجىلىدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئىككى پادىشاھ بىچارە پۇقرالارنىڭ جېنىغا رەھىم قىلماستىن جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈشۈپ، ئۆزئارا كۈچ

سىنىشىدۇ . نەتىجىدە بىرى بىرىگە مەغلۇپ بولۇپ ، يەنە بىرى غەلىبە قىلغان بولىدۇ . بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى ، بۇنداق كۈن ھەر ئىككى تەرەپ يۇقىرىلىرى ئۈچۈن ئاپەت كۈنى ، ياق ، بەلكى قىيامەت كۈنىدۇر . بۇنداق پادىشاھلاردىن كۆرە ، بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئىككى نامرات بىچارىنىڭ ھال - كۈنى ياخشىراقتۇر . چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇپ ، بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، بىرى قوللىغاننى يەنە بىرىمۇ قوللاپ ، بىرى قارشى تۇرغانغا يەنە بىرىمۇ قارشى چىقىپ ، دوستانە ئۆتىدۇ . شۇڭا ، بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى پادىشاھتىن بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئىككى قەلەندەر ياخشىراق .

## ئىككى جاھانگىر پادىشاھنىڭ ئاداۋىتىدىن جاھان ئەھلىنىڭ ھاياتلىق خامىنىغا بالايىئاپەت چاقمىقى چۈشكەنلىكى ۋە ئىككى دوستنىڭ مۇھەببىتى تۈپەيلى ، يامغۇر يېغىپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرگەنلىكى

شۇنداق بىر مەشھۇر ۋەقە باركى ، چىڭگىزخان بىلەن خارەزمشاھ ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزگەندە ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى ، ئۇنى شەرھلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس .

ۋاقتىكى ، بۇ جەڭدە چىڭگىزخان غەلىبە قىلىپ ، خارەزمشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئېلىپ ، ئۇنى ئاستىن - ئۈستىن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى . ئاندىن خارەزمشاھنىڭ يۇقىرىلىرىغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ، ئەلنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى . جەبىر - زۇلۇم دېڭىزى قەھرى - غەزەپ قايناملىرىنى ھاسىل قىلدى . ئاتا ئوغلىدىن ، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى . ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى . ھېچ يەردە تىنچ - ئامانلىق قالمىدى .

ئەلقىسسە ، شۇ ۋاقىتلاردا شام شەھىرىدە بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك

ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى جېنىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى. ئۇلارمۇ بىر كۈنى چىڭگىزخاننىڭ قەتلىئام قىلغۇچى سىپاھلىرىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ سىپاھلارنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان ۋە قاتىللىق خۇمارى تۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ ئىككى دوست ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. جاللاتلار بۇ ئىككىسىنى ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپ كېلىشتى. بۇ ئىككى دوست بىر - بىرىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندى، يەنە بىرى نالە قىلغان ھالدا:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇ بىردەم بولسىمۇ ئۇزۇنىراق ياشىۋالسۇن، — دەپ يالۋۇردى.

جاللات بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ يەنە بىرىنىڭ يېنىغا قىلىچ تەڭلەپ كەلگەندى، ئالدىنقىسى نالە - زار قىلىپ تىلەپ تۇرۇۋالدى:

— خۇدا ھەققى، ئۇنى بالدۇر ئۆلتۈرمىگىن، ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇنىڭ جان ئازابى تارتىپ قىينالغانلىقىنى كۆرۈش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاب، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

دەل مۇشۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۇخلاۋاتقانىدى، بۇ ئىككى دوستنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغاندا، بىرەيلەن چىڭگىزخانغا: «بۇ ئىككىسىدىن مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق يولىنى ئۆگەن. خالايىققا جەبىر - زۇلۇم قىلىشىڭنى توختات. خارەزمشاھ سەن بىلەن ئۆچەكەشكەن بولسا، بۇ ئىشتا خالايىقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟! ئىككى پادىشاھ ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن جاھاننى بۇزۇپ خاراب قىلدىڭلار. بۇ ئىككى دوست بولسا بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، ساداقەت - ۋاپادارلىق كۆرسىتىشتى. بۇلاردىن ئىبرەت ئال» دەپ بېشارەت بەردى. چىڭگىزخان ئويغىنىپ، قەتلىئام قىلىشنى دەرھال توختىتىشقا پەرمان چۈشۈر-

دى . ئۇ ئىككى دوستىنىڭ ساداقىتى ، ۋاپادارلىقىدىن بىر مەملىكەتنىڭ خەلقى بالا - قازادىن نىجادلىققا ئېرىشتى . ئۇلارنىڭ چىن دوستلۇقى باشقا دىندا بول- غان بۇ قەتلىئام قىلغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلىپ ، ئالەم خەلقىنىڭ تىنچ ئامانلىقىغا سەۋەبچى بولدى . ھەرقانداق بىر كىشى دوستلۇق ، ئىتتىپاقلىق يو- لىنى تۇتۇشنى بىلمىسە ، ئۇلارغا بۇ تەمسىل قىيامەتچىلىككىچە يەتكۈدەك دەرس بولالايدۇ .

**ھېكمەت . ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن :« ئىناقسىزلىق ھەممە مىللەتتە چەكلىنىدۇ . دۈشمەنلىشىش ھېچقاچان ئادەمگە ئوبدان بىلىنمەيدۇ . بىراق ئۇنى كىشى ياقتۇرۇپ قالىدىغان ۋە شۇنداق قىلىش تامامەن زۆرۈر بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولامدۇ ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ، ئەرەستونىڭ بۇ قاراشغۇ ساھەنى يورۇتقانلىقى ۋە ئىناقسىزلىق ئاھاڭنى توغرا تۈزگەنلىكى**

ئىسكەندەر ئەرەستودىن :

— ھەرقانداق ئىشتا ئىككى ئادەم ياكى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇشى ياخشى ئەھۋال ئەمەس ، ئۇنى ئەقىل - ئىدراك راۋا كۆرمەيدۇ . بىراق ئۆچمەنلىك قىلىش دۇرۇس ئىش سانىلىدىغان ، ئۆچمەن- لىك قىلىنمىسا زىيىنى بولىدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇ ناھايىتى مۇشكۈل بىر سوئال بولدى ، — دېدى ئۇ دانىشمەن ھېكىم جاۋاب بېرىپ ، — ئاقىل كىشىلەر بەزى زىددىيەتنى رەت قىلسا ، بەزى زىددىيەتنى توغرا تاپىدۇ . بىراق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان بولسا ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئالەم ئەھلىگە زىيان يېتىشى مۇمكىن دەپ قارالسا ، ياكى ھەقىقەتەن زىيان يەتكىلى باشلىغان بولسا ، يەنە بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇ كىشىنى بۇ زىيانلىق ئىشتىن توختىتىدۇ . ئۇنداق قىلمىسا ياخشى بولمايدۇ . ئەگەر ئۇ

كىشى توسقانغا ئۇنىمىسا ، ئۇنىڭغا قاتتىق - يىرىك سۆز بىلەن تەنبىھ بېرىپ ، ئۇ ئىشتىن توختىتىش كېرەك . ئەگەر بۇ چارىمۇ ئۈنۈم بەرمىسە ، ئۇ چاغدا رەسمىي قارشى تۇرۇپ ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن تىنچلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بىراق بۇنداق قىلغاندا ياكى پايدىسى كۆرۈلۈشى ، ياكى زىيان كېلىپ چىقىشى مۇمكىن . شۇڭا مۇنۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك : ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي ئېلىشىشتىن بۇرۇن ، تەييارلىق ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك . ئۆزىنى قارشى تەرەپ بىلەن ئوبدان سېلىشتۇرۇپ دەڭسەپ بېقىش كېرەك . ئەگەر ئۆزى ئۇنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان دەرىجىدە بولسا ، ئۇ ھالدا بېلىنى چىڭ باغلاپ ، قارىمۇ قارشىلىق مەيدانىغا چىقسۇن . ئەگەر ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ قارشى تەرەپتىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا ، ئۇ ھالدا بۇ ئىشنى بەك چوڭايتمىسۇن ، ئىشنى ھەللىسىدىرەك بولدى قىلسۇن ، غەلۋە - غوۋغانى ئازراق قىلسۇن . مۇبادا قارشى تەرەپنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشسە ، غالىبىيەتنىڭ قارشى تەرەپكە مەنسۇپ بولۇش ئېھتىمالى چوڭراق بولسا ، ئۇ ھالدا قارشى تەرەپكە سىلىق ۋە يۇمشاق تەلەپپۇزدا نەسىھەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىسۇن . ئۇنداق قىلمىغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە ئاداۋىتىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ . بۇنىڭدىن نەسىھەت قىلغۇچى تەرەپكە بالا - قازا يۈزلىنىشى مۇمكىن . شۇڭا باشقىلارغا قارشى ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ، بۇ تەرەپلەرگە ئوبدان دىققەت قىلىش ، ھەرقانداق ئىشتا ئەقىل - پاراسەت بىلەن كۆزىتىپ ، باش - ئاخىرىنى ئويلاپ قەدەم بېسىش كېرەك . ئادەمگە ئەقىل يول باشچى بولسىلا ، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن زىيان - زەخمەت ئازراق بولىدۇ .

ئىسكەندەر بۇ پايدىلىق جاۋابنى ئاڭلاپ باش لىڭشىتتى .

**دارانىڭ ئىسكەندەر ئىپتقان سۆزلەرگە غەزەپلىنىپ، لەشكەر يىغىش ئۈچۈن ئالەمگە ئوت سالغانلىقى ۋە ئالەم چېرىكىنى يىغىپ ، ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغانلىقى ، ئىسكەندەرنىڭمۇ بۇ ئاپەت دەرياسىغا ، بالا ـ قازا كەلكۈنىگە ، ياق بەلكى ئۆزىگە يۈپۈرۈلۈپ كەلگەن بۇ ئاداۋەت تىغىغا قارشى ئۇرۇش ھىيلە ـ مىكرلىرىنىڭ چاقماقلىرىنى چېقىپ ، يۈزمۇ ـ يۈز ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ، بۇ ئىككى پادىشاھ ئالەمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشقا تەييار بولغاندا ، دارانىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ باشقا بىر ئاپەت بورىنى تۈپەيلىدىن يىقىلغانلىقى ، ئىسكەندەرنىڭ ئاي كەبى تۇغ ـ ئەلەمى يۈكسەكلىكتە قۇياش تۇغدىنىمۇ ھالقىپ كەتكەنلىكى**

ھېكايەتچىلەر بۇ ئىككى پادىشاھ قىسسىسىنىڭ چىرايىغا مۇنداق زىننەت بېرىدۇ :

ۋاقتىكى ، دارانىڭ ئەلچىسى قايتىپ كەلدى ، ئۇ ئىسكەندەر بىلەن ئاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى . ھەممە ئىشنى تولۇق بايان قىلدى . ئىسكەندەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ، دارانىڭ جىسمىغا غەزەپ ئوتلىرى تۇتاشتى ، باشتىن ئاياغقىچە ھەممە ئەزايى بەدىنى قىزىپ تۇرالماي قالدى . ئۇ گاھ دەۋرانغا ھاقارەتلەر ياغدۇرسا ، گاھ بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەككە لەنەت ئوقۇپ تۆكۈرەتتى . گاھى بولسا زامانغا تەنە قارغىشلارنى ياغدۇرسا ، يەنە تۇرۇپ جاھانغا تىل ـ ئاھانەت قىلاتتى . ئىزتىراپ ۋە بىتاقەتلىك ئۇنى شۇ دەرىجىدە قىينىدىكى ، بۇ دەردكە ھېچ داۋا تېپىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ ئاخىر بولالماي جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشكە ، لەشكەر توپلاشقا يارلىق چۈشۈردى . شۇ ھامان رۇم ، زەڭگىبار ۋە باشقا تەرەپلەرگە كىشى ئەۋەتىلدى . ئىران ، تۇران ۋە چىن مەملىكىتىنىڭ چېگرىلىرىغىچە بولغان كەڭ ۋادىلاردا لەشكەر دەرياسى ئۆركەشلەپ ئاقتى .

ئۇلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاسماننىڭ ئاستىنى قاپلىدى. پۈتكۈل ئەتراپى ئالەمدە كىشى قالدۇرماي، ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنى تەرەپ - تەرەپتىن يىغىپ، لەشكەرلىككە تۈتتى. تاغ ۋە دەشتلەر، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزى لەشكەر دېڭىزىغا ئايلاندى. چېرىك بېشى بولغان كىشلەر ئەلنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ، قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزدى، زورلۇق كۈچ بىلەنمۇ يىغدى، مال - دۇنيا بىلەنمۇ يىغدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىلدا لەشكەرلەر يىغىلىپ بولدى. لەشكەرلەر يەر يۈزىگە سىغماي قالدى. جاھاندا ھېچقانداق پادىشاھ بۇنداق كۆپ چېرىكنى يىغىپ باقمىغان بولغىيتتى. لەشكەرلەرنىڭ تولىلىقىدىن ئۇلارنىڭ باش، ئايىغى، چەك - چېگرىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار- نىڭ سانى پەلەكنىڭ يۇلتۇزلىرىدىن، باياۋاننىڭ قۇملىرىدىن ئارتۇق ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگەن قەرەلدە جەم بولدى. دارا ئۇلارنى كۆرگىلى چىقتى. ئۇ بۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرنى كۆرۈپ ئىسكەندەرگە بولغان ئاداۋىتىنى ۋە ئۆچ ئېلىش ئەندىيىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇنىڭ دىماغلىرىدا بىر خىل كۆرەڭلىك ۋە مەغرۇرلۇق قوزغالدى، «بۇنداق لەشكەر بىلەن قاياققا يۈرسەم شۇ يەردە مەقسىتىم ھاسىل بولماي قالمايدۇ» دەپ خىيال قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئايماق سۇلتانلىرى ۋە ۋالىيلىرى داراغا ياخشى ھەمقام بولۇپ، قىلىچ تارتىپ كېلىپ، دارانىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى، گۇرۇھ - گۇرۇھ يۇرت ئۇلۇغ- لىرى ئۆز بويۇنلىرىغا ئىنائەت ھالقىلىرىنى سېلىپ دارا ھۇزۇرىغا جەم بولدى.

ۋاقتىكى، دارا بىر ھەشمەتلىك چېدىر - بارگاھقا چۈشۈپ، ئۇ يەردە ئېگىز بىر تەختنى قويۇپ، ئۈستىدە ئورۇنلاشتى. بۇنداق ئالىي تەختنى ھېچ كىشى كۆرۈپ باقمىغان. دارانىڭ يارلىقىغا بىنائەن تامام مەملىكەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى كېلىپ، يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، پەرمان كۈتۈپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كۆرۈشۈشكە كەلگەندە ئالدى بىلەن دارانىڭ چېدىرىدىكى بىسات قىرغاقلىرىنى سۆيەتتى. ئاندىن ئالدىغا كېلىپ دارانى

www.uyghurkitap.com

تاۋاب قىلغاندەك ئەزىزلەپ ، ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا باش قوياتتى. ئاندىن ھەر بىرى ئارقىچلاپ يېنىپ ، ئۆز ئورنىغا بېرىپ تۇرۇشاتتى . قوبۇل قىلىش ، يۈز كۆرۈشۈشلەر شۇ تەرىقىدە بىرىم كۈنگىچە داۋام قىلدى . خىتاي مەملىكىتىدىن مەڭگۈ خاقان ، ھىندىستاندىن قاراخان ، مىسىر ئېلىدىن ۋەقەخان ، دەشتى قىپچاق يۇرتلىرىدىن تۆمۈر تاشخان ، خاۋەران مەملىكىتىدىن فەرەڭگىس ، نەھرىۋان ئېلىدىن دەۋالى ۋە باشقا يۇرت ـ مەملىكەتلەردىن سان ـ ساناقسىز پادىشاھلار ، سىپاھبەگلەر ، شاھزادە ، بەگزادىلەر دارانىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا نائىل بولدى . ئۇلار دارانى كۆرۈش ئۈچۈن ھېسابسىز كۆپ پېشكەشلەرنى چەكتى . داراغا يۈز يىللىق خىراجنى بىراقلا تارتۇق ۋە ھەدىيە قىلىشتى . ئاندىن كېيىن دارا ئاددىي خالايىقلارنى بارگاھتىن يىراقلاشتۇرۇپ ، تاجدارلار ۋە سەرخىل كىشىلەرنى قالدۇردى ، ئۇلارنى ئۆز رېتى بويىچە ئولتۇرغۇزدى . بۇ ئىشلار پۈتۈش بىلەنلا دارا سۆز باشلىدى :

— خالايىقلارنى يىغىپ ، بىئارام قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى ، — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا ، — رۇم ئېلىدىكى پەيلەقۇس بۇ ئالەمدىن كەتتى . ئۇنىڭدىن بىر سارالاڭ قېتىش ئوغۇل قېپقالدى . ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، بەئەينى سۇدەك تەتۈرىگە يۈرۈپ ، ئۆتنەك باشتۇڭلۇق قىلىپ ، ئۈچ يىلدىن بېرى خەزىنىمىزگە باج ـ خىراج ئەۋەتمىدى . بېشىغا ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيىپ ، باشباشتاقلارچە ئىش قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئەزەلدىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشىنى ئۈنتۈپ قالماسلىقنى تەكىتلەپ ، باج ـ خىراجنى سۆزلىشىپ ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتۇق . بىراق ئۇ بىز ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنى ھەددىدىن زىيادە قالايمىقان سۆزلەر بىلەن ياندۇرۇپتۇ . بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ نىمە ھەددى ؟! مەن ئۇنىڭغا بىر نەچچە تۈرلۈك پەند ـ نەسىھەتنى جېكىلەپ ئادەم ئەۋەتتىم .

بىراق ئۇنىڭغا بۇ نەسىھەتلىرىمنىڭ پايدىسى بولمىدى . بەلكى بۇنىڭغا جاۋابەن تولىمۇ ئەدەبسىزلەرچە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلدى . ئۇنىڭ بۇ تەنتەكلىكى مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى . شۇڭا ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالدى . ئۇ نادانىنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە ئادەم چاپتۇرۇپ لەشكەر يىغدۇق ، بۇ يەرگە جەم بولۇشتىن مەقسەت مانا شۇ .

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، تەزىم قىلىشتى . ئاندىن بۇلار ئارىسىدىن بىرى :

— ئۇنى ۋەيران قىلىپ ، يوقىتىش ئۈچۈن ، مۇنچىۋالا شاھلار بىلەن چېرىكلەرنى يىغىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . ئۇنى جايلاش ئۈچۈن بىر قۇلنى ئەۋەتسەكلا كۇپايە قىلاتتى ، — دېدى .

— بۇ لەشكەرلەر بىلەن رۇمنى ئالغاندىن كېيىن ئۇ يەردە ئارام ئالىمىز ، — دېدى دارا چۈشەنچە بېرىپ ، — ئاندىن يەنە يۈرۈش باشلايمىز . چۈنكى زەڭگىبار بىلەن فەرەڭ مەملىكەتلىرىمۇ رۇمغا تەۋە بولۇپ كەتتى . ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىمۇ يوقىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . ئاندىن قايتىپ كېلەلىشىمىز مۇمكىن .

تەقدىر بۇ سۆزلەرنى دارانىڭ تىلىغا سۆزلەتتى . ئەمما تەقدىر ھۆكمىگە رازى بولماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى . شاھ دارانىڭ پەرمانىغا بىنائەن ، ھەممەيلەن بىرلىكتە ياراغ ـ جابدۇق تەييارلاپ ، رۇمغا يۈرۈش باشلىدى .

« دارا پۈتۈن يەر يۈزىدىن لەشكەر يىغىپ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ » دېگەن خەۋەر دەرھال ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . ئىسكەندەر پەم ـ پاراسەت بىلەن ھەر قانداق ئىشقا ئىلاج قىلاتتى . ئۇ دارا تەرەپكە يۈرۈش ھالدا ، ئۈزۈلدۈرمەستىن كىشى ئەۋەتىپ ، ئەھۋالنى ئۇقۇشۇپ تۇردى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز لەشكەرلىرىنىمۇ پۇختا تەشكىللەپ ،

دارانىڭ ئالدىغا چىقاردى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەر بىرى رۇستەمدەك قورقۇمسىز پالۋانلاردىن ئىدى. شۇڭا ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى خۇددى شامالغا ئوخشاش دارانىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرگەنلا يەردە سامانىنى سورۇغاندەك سورۇۋەتتى. بىراق ئىسكەندەرمۇ ئالدىراپ ھەرىكەت قىلمىدى، ئامال بار مۇرەسسە - مادارا قىلىش خىيالىدا بولدى. لېكىن ئاخىر قارشى تەرەپ لەشكەرلىرىگە يۈزمۇ - يۈز جەڭ ئېلان قىلىپ مەيدانغا چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ دارا بىلەن ئېلىشىشقا چىققان لەشكەرلىرى خۇددى دېڭىز ئۈستىگە چىققان بىر پارچە بۇلۇت ياكى ياۋا ئېشەكلەر توپىغا ئېتىلغان بىر ئەركەك يىلپىزدەك كۆرۈنەتتى. دارا بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى، ئەمما دارانىڭ لەشكەرلىرىگە بىر خىل ۋەھشەت، ۋەھىمە پەيدا بولدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقان جاينىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈش قىيىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز قوشۇنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئارىغا خەندەكلەرنى قېزىپ، ئەتراپىنى ساقلاۋاتاتتى. جىسەكچىلەر كىچە - كۈندۈز ئارام تاپماي كۆزەت قىلاتتى. ئۇلار شۇ قەدەر ھوشيارلىشىپ كەتكەنىدىكى، ئارىدا بىرەر چۈمۈلە تەۋرىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئوق بىلەن تىكىپ تاشلايتتى. ئىككى لەشكەر ئارىسىدا بىر كۈنلۈك مۇساپىنى جەڭ مەيدانى ئۈچۈن قالدۇردى. ئۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېگىز تاغ بار ئىدى. تاغنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى دەشت بار ئىدى. بۇ ئىككى دەشتنىڭ بىرىگە دارانىڭ قوشۇنى، يەنە بىرىگە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقانىدى. بۇ ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىدا تاڭ شامىلىمۇ ئۆتەلمەيتتى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مۇداپىئە خەندەكلىرىنى خەيبەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئە خەندەكلىرىدەك، بەلكى ئىسكەندەر سېپىلىدەك پۇختا ۋە مۇكەممەل قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى سەل تىنچلاندى. ئىسكەندەر ئۆزىگە يۈز نەپەر شەمشەرۋازنى

ھەمراھ قىلىپ دارانىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. قارىسا، دارانىڭ لەشكەرلىرى يەر يۈزىنى قاپلاپ، پۈتۈن تاغ ۋە دەشتلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى پۈتكۈل ئالەمنى قاپلاپ، پەلەك يۈزىنى كۆرگىلى بولماس قىلىۋەتكەنىدى. بۇ ھەددى ـ ھېسابسىز قوشۇننى كۆرگەن ئىسكەندەرنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر جەڭ باشلىنىدىغان بولسا، مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ ھەر بىرىگە قارشى تەرەپنىڭ يۈز كىشىسى توغرا كەلگۈدەك، ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە شۇنچە چوڭ سۆزلەيمەنۇ، ئەمما بۇ ئىشىمدا ھەقىقەتەنمۇ ئۆزۈمنى چاغلىماي جەڭ مەيدانىغا كىرىپتىمەن. ئەمدى بۇ يەردىن يېنىشىنىڭ ئىمكانى يوق. ئەگەر جەڭ قىلسام، ماڭا زىياندىن ئۆزگە ئاقىۋەت يوق» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئىسكەندەر ئاشۇنداق مۈشكۈل ئەھۋال ئۈستىدە پىكىر قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىر تاش ئۈستىدە ئۇرۇشۇپ تۇرغان ئىككى كەكلىككە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ كەكلىكلەرنىڭ بىرى سېمىز ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، يەنە بىرى ھەر جەھەتتىن ئاجىز ۋە زەئىپ ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ، بۇ ئەھۋالنى ئۆزى بىلەن دارا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئوخشاتتى. ئۇلارنىڭ جەڭ نەتىجىسىنى ئۆزى بىلەن دارا ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن بىلىدىغان بىر پال سۈپىتىدە كۆزەتمەكچى بولدى. ئۆزىنى ئاجىز كەكلىك، دارانى كۈچلۈك كەكلىك دەپ بىلدى. ئىسكەندەر قاراپ تۇرسا، ئۇ ئىككى كەكلىك شۇنداق ئېلىشتىكى، كۈچلۈك كەكلىك بىچارە، ئاجىز كەكلىكنىڭ جېنىنى ھالاك قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. دەل شۇ پەيتتە تۇساتتىنلا ھاۋادىن بىر بۈركۈت چۈشۈپ، كۈچلۈك كەكلىككە شۇنداق چاڭگال سالدىكى، ئۇنى ئۇۋلاپ، بىردەمدىلا بۇ دۇنيادىن يوق قىلدى. بەلكى ئۇنداق كۈچلۈك كەكلىك ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەستەكلا ئۇنىڭدىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. ھېلىقى ئاجىز كەكلىك بولسا، ھېلىقى

uyghurkitap.com

كۆچلۈك كەكلىكنىڭ ئورنىنى بىسىپ ، شاد ـ خۇرام سەكرەپ ئويىنىدى . بۇ پالىنىڭ نەتىجىسى ئىسكەندەرنى چەكسىز خۇشال قىلدى . ئۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ، لېكىن بۇ ھالاكەت ئۇ دۈشمەنگە باشقا تەرەپتىن ، بۆلەك كىشىنىڭ قولىدىن يۈزلىنىدىغانلىقىنى پەملىدى . شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن دۇنيادا ئۆزىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنىڭ يۈكسىلىدىغانلىقىنى بىلدى . شۇڭا ئىسكەندەر خۇشال ھالدا ئۆز قوشۇنى تەرەپكە ياندى . قۇياش مەغرىبتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى . جىسەكچىلەرنى بەلگىلەپ ، تەرەپ ـ تەرەپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتتى . ئۇلار شۇ قەدەر سەزگۈر ھالەتتە تۇردىكى ، ئۇلارنىڭ يېنىدا تاڭ شامىلىمۇ تەۋرىيەلمەيتتى . ئىنتىزام شۇ دەرىجىدە چىڭ ئىدىكى ، شۇ قەدەر كۆپ لەشكەرلەردىن بىرىمۇ ئۈن ـ تىنىشنى سىرتقا چىقارمايتتى .

ئەلقىسسە ، ئىككىلا پادىشاھ ئۆز سەپلىرىنى تۈزۈشنىڭ ۋە تېگىش قىلىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشمەكتە ئىدى . بىر تەرەپتە دارا پەلەكتە بارگاھلار تىكلەپ ، تەخت ئۈستىگە چىقىپ ، مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئۆزىنى غەلبە قىلغۇچى دەپ بىلەتتى ، ئىسكەندەرنى كۆزگە ئىلمايتتى ، تەقدىرنىڭ بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . دارانىڭ سىپاھلىرىمۇ ئىسكەندەر ھەققىدە كۆپ گەپ ـ سۆزلەرنى دېيىشتى . ئۇلاردىن بەزىلىرى :

— ئەگەر پادىشاھىمىز بۇيرۇق بەرسىلا ، بىز قىلىچە غەم ۋە ئەندىشە قىلماستىنلا ئىسكەندەر قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىمىز ، — دېسە ، يەنە بەزىلىرى :

— ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى بىزنى كۆرسىلا قورقۇپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ، — دېيىشتى . يەنە بەزىلىرى بولسا :

— ئىسكەندەر چوقۇم قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ كەچۈرۈم

سوراپ ، شاھمىزنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ، ــ دېيىشتى .

ئۇلار ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل پىكىرلەردە بولسىمۇ ، لېكىن ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىشقا نىسبەتەن بىردەك پىكىرگە ئىگە ئىدى . ھەممىسى ئىسكەندەر قوشۇنى بىلەن تېزرەك ئېلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى . بۇ قوماندانلار ئۆزلىرىنىڭكىدەك مۇنداق قۇدرەتلىك قوشۇنغا شىكەستە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى . ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىغا چوقۇم زەربە بېرىمىز دەپ خىيال قىلاتتى . ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ئەتە ئۇرۇش باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە سان بار ئىدى . قوماندانلار جەڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرگە ئىنئام ۋە تارتۇق بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىلەرنى ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى . ئۇلار ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئۈمىدۋار ئىدى . ھەممەيلەن دۇبۇلغا ، ساۋۇتلارنى كىيىشىپ ، تاڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . بۇ كېچە ئۇلارغا شۇنچە ئۇزۇن كۆندەك بىلىنىپ كەتتى . ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ھاياجىنى بىر ــ بىرىدىن كەم ئەمەس ئىدى .

سۈبھى ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى . سەھەر ۋاقتىنىڭ ئالتۇن تۇغى ئاشكارا بولدى ، تەقدىر بۇ ئىككى لەشكەر دەرياسىنى ئۆركەشلەتتى . ئۇلارنىڭ شاۋقۇن ــ سۈرەنلىرى پەلەككە يەتتى . پالۋانلار نەرە تارتىپ يەرنىڭ جىسمىنى تەۋرىتىۋەتتى . ئۇلار خۇددى « زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە » ① دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئايان قىلدى . شەمشەرۋازلار باشتىن ئاياغقىچە

① قۇرئان كەرىم » 30 ــ پارە ، 99 ــ سۈرە ، « زۇلزەلە » گە قاراڭ . مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1986 ــ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 606 ــ بەت .

www.uyghurkitap.com

خۇددى پەلەك تۈركمەندەك كۆك تۆمۈر ئىچىگە غەرق بولۇشتى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئۇرۇش سېپى تۈزۈش ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى.

دارا ئەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن سەپ تۈزگەن مەزگىلدە ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە لەشكەرلەرنى جەڭ سەپلىرىگە ئۇيۇشتۇردى. ئىككى تەرەپ شۇ قەدەر ھەيۋەت سەپ تۈزدىكى، ئۇنىڭ بىر ئۇچى مەغرىبتە ئىدى. بۇنداق زور ئۇرۇش سېپىنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەتتە قىتىم ئالماشتۇرۇپ تۈزدى. دارانىڭ لەشكەرلىرى شەرقتە سەمەرقەنتتىن تاكى چىن چېگرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردىن موغۇل، ئۆزبېك، قالماقلاردىن يۈز ئەللىك مىڭ، يەنە باشقا خەلقلەردىن چىققان لەشكەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ، قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانات جەڭ سېپىدە تۇردى. ئوڭ قانات قوشۇنىنىڭ لەشكەرلىرى ئالتە يۈز مىڭغا يەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ ئىشلىرىدا ماھىر ئىدى. چىن ئەھلى ئۆز لەشكەرلىرىنى شۇنداق زىننەتلىدىكى، ھەممىيلەنگە يەتتە خىل رەڭدىكى ئالتۇن يىپلاردىن توقۇلغان تەتىللا كىيىم ۋە ئاتلارغا يوپۇق تەييار قىلدۇرغانىدى. ئۇلار دۇبۇلغىلىرىنىڭ ئۇچىغا چىنغا خاس يىپەك لىنتىلاردىن چىگىپ، ساۋۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە نەپىس چىن ماتالىرىدىن كىيىم كىيىشىپ تەق بولۇپ تۇرۇشتى. ئۇلارغا قارىغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ لەشكەرلەر جەننەت بېغىدەك گۈزەل بىر مەنزىرىنى نامايان قىلاتتى. قالماق خانى ئۆز لەشكەرلىرىنى شۇنداق ھەيۋەت بىلەن سەپكە تىزدىكى، خۇددى ئەجەل قوشۇنى دوزاختىن خەۋەر بەرگەندەك بولدى؛ ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرىمۇ دوزاخ ئوتىدىن رەڭ بېرىلگەندەك ئىدى. ھەر بىر ساۋۇت كىيگۈچىنىڭ جاسارىتىدىن جاھان ئىچىگە قىقاس ـ چۇقان چۈشەتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇلار بىر ـ بىرىدىن زىيادە شىددەت بىلەن جەڭ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمىنى توقرات دەپ ئاتايتتى. موغۇل خانىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر ئەركەك شىر، ياق بەلكى بىر چاقماق

ئىدى، ئۇلارنىڭ سانى ئىتنىڭ تۈكىدىنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ مەيدانغا كىرگەندىكى دەبدەبىسىدىن ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. بۇ قەۋمنىڭ پادىشاھى مەنگۇخان دەپ ئاتىلاتتى. يەنە ماگىست ۋە ئۆزبېك قوشۇنلىرىمۇ دارا قوشۇنىغا ياردەمگە كەلگەن. ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى ۋە دۇبۇلغىلىرى كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. قوراللىرى بىلەن تەقى - تۇرقى ۋە ھۆسن - جامالىرى تەڭ زىننەتلەنگەنىدى. بۇ يەردە يەنە ماۋەرەئۇننەھر لەشكەرلىرى ۋە ئۇ يەردىكى ئون شەھەرنىڭ سىپاھلىرى تەق بولۇپ تۇرۇشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بارچىسى ئۆز جاسارەتلىرى بىلەن يولۋاس ۋە پىللارنى ئاجىز قىلاتتى، ئوق ئېتىشتا ھەتتا چۈمۈلىنىڭ كۆزىنىمۇ سوقالايتتى. ئۇ دەۋرلەردە تېخى سەمەرقەنت شەھىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ شەھەرنى كېيىنچە ئىسكەندەر بىنا قىلدۇرغان. دارا قوشۇنىنىڭ بىر تەرىپىدە مەغرىب زېمىنلىرىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە بەرتاس خەلقى ۋە بەربەر خەلقى ئارىسىدىن خىللانغان پالۋانلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرى، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرى، ئات - ئۇلاغلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يوپۇقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېرىق ئالتۇن رەڭگىدە ئىدى. ئەرەب پالۋانلىرىدىن قىرىق مىڭ كىشى قارا ئاتلارغا مىنىپ، قارا تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ، مەيداندا تەق بولۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ نەيزىلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ يوپۇقلىرىمۇ قارا رەڭدە ئىدى، ئۇلارنىڭ سەركەردىسى ۋەكىئ ئىسىملىك كىشى ئىدى. يەنە مەغرىب لەشكەرلىرىنى تەلبىئ ئىسىملىك پادىشاھ باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆز قەبىلىسىنىڭ سەرۋازلىرى بىلەن بۇ يەردە جەڭگە تەييار بولۇپ تۇردى. مەدايىن شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئەردەشىرمۇ يۈز مىڭ نەپەر پالۋان بىلەن قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇردى، ئۇنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ شەددىلىرى بىنەپشە گۈلنىڭ رەڭگىدە ئىدى. ئاتلىرىنىڭ يوپۇقلىرىمۇ ئاشۇ خىل رەڭدە ئىدى. بەھرەين، قۇتەيف، باغداد مەملىكەتلىرىنىڭ باھادىرلىرى ۋە سەركەردىلىرىمۇ

جەم بولغانىدى. ئۇلار باشتىن ئاياغقىچە كۆك تۆمۈردىن دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيگەنىدى، بۇلار جەڭ سىپىنىڭ سول قانىتى بولدى، بۇلار جەمئىي ئالتە يۈز مىڭ كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەتتە يۈز مىڭ پالۋان ھىراۋۇل قوشۇن بولۇپ سەپ تۈزۈپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش كىيىملىرى، قورال ــ جابدۇقلىرى ۋە ئات يوپۇقلىرى پۈتۈنلەي ئاق رەڭدە ئىدى. ئۇلارنىڭ شان ــ شەۋكىتى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، پۈتكۈل تاغ ــ دالانى لەرزىگە سالاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر يۈز مىڭى بىردىن سەپ بولۇپ تىزىلغانىدى. بۇ سەپ خۇددى پايانسىز يەتتە دەريادەك كۆرۈنەتتى. دەشتى قىپچاق ۋە خارەزمى خەلقىدىن نەچچە يۈز مىڭ كىشى دەريا ــ دەريا سەپلەرنى ھاسىل قىلىپ، سەپ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق ئەسلىھەلىرى يېشىل دەرياغا، ياق، بەلكى ياپيېشىل چىمەنزارغا ئوخشايتتى. ئۇ قوشۇنلارنىڭ سانىنىڭ تولىلىقىدىن ئادەملەر سانجاق ــ سانجاق بولۇپ كەتكەن، سەپ ئارىسىدىن ھەتتە تاڭ شامىلىمۇ ئۆتەلمەيتتى. قوشۇننىڭ مەركىزىي قىسمىدا دارا ئورۇن تۇتقانىدى. جاھاندا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىششقا پېتىنالمايتتى. دارا جەڭ رەسمىيەتلىرىنى يۇقىرىقىدەك تۈزۈپ، ئىسكەندەر تەرەپكە قاراپ، سالماق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر تەرەپتە ئىسكەندەر ئۆز قوشۇنىنى سەپكە تىزىۋاتاتتى. پەرەڭ سىپاھلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قان تۆكۈشكە يۈرەكلىك ئىدى. دارانىڭ قوشۇنىنى كۆزىگە ئىلمايتتى. سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى رۇستەمدەك شىجائەتكە ئىگە ئىدى. بارچىسىنىڭ كىيىمى گۆھەردىن كۆز قويۇلغان پەرەڭ ماتالىرىدىن، يەتتە خىل رەڭدىكى زەرباپ رەختلەردىن پۈتكەنىدى. ئۇلارنىڭ لەشكىرى يۈز مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ھەممىسى چاققانلىقتا قۇياش تېغىنىمۇ گاھال قىلىپ قوياتتى، بۇلار ئوڭ قانات جەڭ سېپىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسكەندەر قوشۇنى ئىچىدە يەنە بەرتاس

بىلەن رۇس پالۋانلىرى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ مىجەزى قىش كۈنلىرىدەك سوغۇق ۋە چۇست ئىدى . ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى سىرىق ئالتۇندىن ئىدى . ئۇلار دوستلارغا ئامەت ، دۈشمەنلەرگە شۇملۇق ياغدۇراتتى ، ئۇلارنىڭ سانى يۈز مىڭ ئىدى ، جەڭ سېپىنىڭ سول قانىتىدىن ئورۇن ئالدى . ئىسكەندەرنىڭ ھىراۋۇل قوشۇنىنىڭ سىپى ھەبەش پالۋانلىرىدىن تۈزۈلگەنىدى . ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى قارا رەڭدە بولۇپ ، خۇددى قارا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. جەڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غول قىسمى رۇم لەشكەرلىرىدىن تۈزۈلگەن . ئۇلار ھەبەش قوشۇنى ئىچىدىلا قاراڭغۇ كېچىدە تۇغقان قۇياشتەك كۆرۈنەتتى . ئۇلارنىڭ ئوتىغاتلىرىمۇ تۆمۈردىن بولۇپ ، قۇشلارنىڭ ئورۇن قانىتىدەك ياساپ ، دۇبۇلغا ئۈستىگە خۇددى پەلەكتىكى ھىلال ئايغا ئوخشىتىپ سانجىلغانىدى . ئۈستىباشلىرىغىمۇ پولات كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ ، ئۇنىڭغا تىغ ، تەبەر دېگەنلەر ھەرگىز ئۆتمەيتتى . جەڭ مەيدانى ئۇلار بىلەن تېخىمۇ زىننەت تاپقانىدى . ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يولۋاستەك جەسۇر ئىدى ، بۇ لەشكەرلەر ئىچىدە مۇبارەك تەلەيلىك ئىسكەندەر يولۋاستەك بېشى ئۈستىدە نۇسرەت ئەلىمىنى تىكلەپ ، سىپاھلارنى باشلاپ دارانىڭ قوشۇنىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى . دارانىڭ لەشكەرلىرىمۇ يۈرۈش قىلدى . ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى شۇنداق ياڭرىدىكى ، گويا يۈزلىگەن ئەركەك دىۋىلەر مەست بولۇپ ، نەرە تارتقاندەك بولدى . سۇنايلار خۇددى ئەجدىھادەك ھەرىكەت بىلەن بوينىنى ئىككى يەردىن ئېگىپ ، دەم تارتىش ئۈچۈن ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ ، دۈشمەنلىرىنى يۇتماقچى بولۇشاتتى . كاناي - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى قىيامەت كۈنىنى ئاشكارا قىلدى . تۇغ - ئەلەملەر شامالدا ھەرىكەتكە كېلىپ ، پەلەك ھەرىكىتىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى . لەشكەرلەرنىڭ تولغىنىشىدىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ ، ھاۋانى

قاپلاپ كەتتى . نە تاغ ، نە چۆلنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . بۇ لەشكەر دەرياسىغا چۈشكەن كىشى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن سۇ يۇتۇشتىن باشقا ئامال تاپالمايتتى . ئات ۋە ئادەم ئاياغلىرىدا يانجىلغان تۇپراقلار چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ پەلەككە ئۆرلىدى . ئۇ چاڭ ـ توزان ئىچىدىكى قىلىچ ـ نەيزىلەر خۇددى دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان چۆمۈلىلەردەك كۆرۈنەتتى . ئۇ چاڭ ـ توزانلار قارا بۇلۇتلارغا ئوخشاش يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا بىر قەۋەت پەردە هاسىل قىلىۋالغانىدى . مىلتىقلارنىڭ ئۈنى هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاڭلىناتتى . ئۇنىڭ ئوتلىرى چاقماق چاققاندەك كۆرۈنەتتى . هەر ئىككى تە-رەپ زۇلۇم ـ كۆلپەت قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىپ ، بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلىشىپ ، ئۆلۈم بازىرىنى قىزىتماقچى بولدى . زېمىن ئۇلارنىڭ هەرىكىتى-دىن لەرزىگە كەلدى . ئىككى لەشكەر بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن توختاشتى . ئۇلار شۇنداق سۈرەن ـ چۇقان سالدىكى ، ئالەمگە ئاجايىپ بىر ئوت تۇتاشتى . جاهان خەلقىگە هاياجان ۋە قورغىلاڭ چۈشتى . پەلەك ئەهلىگە هەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ يۈزلەندى . بىر پەستىن كېيىن سۈرەن سالغۇچىلارنىڭ ئېغىزلىرى سەل بېسىقتى . تۇساتتىن بىر شامال چىقىپ ئارىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى سۈردى . خالايىقنىڭ كۆزلىرىگە جاهان روشەن-لەشتى . ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتە سەپ تۈزگەن تاغ ـ تاغ ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ، رەڭگارەڭ ئىشلارغا كۆز تىكىپ تۇرۇشتى . شۇ پەيتتە ئىسكەندەر سېپىدىن بىر كىشى ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، چاقماقتەك هەرىكەت بىلەن جەڭ هۈنەرلىرىنى كۆرسەتتى . ئۇ كىشى ساۋۇت ئۈستىگە چىننىڭ نەپىس ماتاسىدىن كىيىم كىيگەن بولۇپ ، كىيىمى خۇددى سۇ ئۈستىدىكى يېشىل ئوت ـ چۆپلەردەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئوڭ قولىدا نەيزە ، سول قولىدا ياقۇتتەك قالقان ، دۇبۇلغىسى ئۈستىگە سەۋسەن گۈلدەك ئۈتىغات قىستۇ-رۇۋالغانىدى . ئۇ پالۋان ئەنە شۇنداق سۆلەت ـ سالاپەت بىلەن مەيدانغا

كىردى :

— دۈشمەنلىرىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ مۇرادىڭغا يەتكەيسەن ، — دېدى ئۇ ئالدى بىلەن ئىسكەندەرگە دۇئا قىلىپ ، ئاندىن دارا تەرەپكە قاراپ خىتاب قىلدى ، — مېنىڭ ئىسمىم بارىق بەربەرى دەپ ئاتىلىدۇ . ئەسلىدە شاھ داراغا قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىق بىلەن مەشغۇل ئىدىم . بىراق دارا مېنى قۇللىرى قاتارىغا قوشمىدى . مېنى تۈزۈك كىرەك تونۇمىدى . ماڭا قىلچىمۇ ئىلتىپات كۆرسەتمىدى . ئۇ مېنى زادىلا كۆزگە ئىلمىدى . خەرج – خىراجەت قىلىشقا پۇلۇم تۈگەپ قالسا ، ھالىمدىن خەۋەر ئالمىدى . ھال – ئەھۋالىمنى شاھ داراغا ئېيتسام زادى قۇلاق سالمىدى . قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت تىلىسەم ، غەزەپلىنىپ ، مېنى تاياقتا باستۇردى . دارا ماڭا مۇنچە جەبىر – زۇلۇملارنى سالغاچقا ، تەقدىر – پېشانەم مېنى ئىسكەندەرپەرەس قىلدى . ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ، ھال – ئەھۋالىمنى بايان قىلىپ پاناھ تىلىگەنىدىم ، ئۇ ماڭا شۇ قەدەر خەيرىخاھلىق قىلدىكى ، ئۇنىڭ پەرۋىشى بىلەن ئىززەت – ئابروي تېپىپ ، بېشىم كۆككە يەتتى . مەن ھازىرغىچە ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىنى قىلماي تۇرۇپلا مائاش ، مۇكاپاتلىرىنى ئېلىۋاتىمەن . قىلمىغان ئىشنىڭ ئىش ھەققىنى يەۋاتىمەن . بۇنىڭغا كۆپ خىجىلمەن . مەن بۈگۈن بۇ مەيدانغا كىرىپ ئىككى ئىش ئۈچۈن جەڭ قىلىمەن . بىرىنچىدىن ، بۇ جەڭ ئارقىلىق ئىسكەندەرگە بولغان قۇللۇقۇمنى ئىزھار قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىنئام – ئېھسانلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇپ ، ئۆزۈمنىڭ خىجىللىقنى تۈگىتىمەن . ئىككىنچىدىن ، دارانىڭ قانداق جەسۇر پالۋانلىرى بولسا ، شۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزۈمنىڭ كارامىتىنى داراغا كۆرسىتىپ قويىمەن . ھەر قانداق كىشىنى مېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتسە ، ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئىككى مەقسىتىم ھاسىل بولىدۇ ، بىرى شاھ دارا ئۇلارغا مەندىن بەكرەك ئىشىنىپ ، زىيادە ئىنئام ۋە ئېھسان قىلاتتى . يەنە بىرى ، بۈگۈن ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدىكى ھال – ئەھۋالنى ، كارۇ بارىنى كۆرۈپ باقسۇن !

بارىق بەربەرى سۆزىنى تۈگىتە – تۈگەتمەستىنلا ، دارا لەشكىرى تە-

رەپتىن بىر قەھىرلىك پالۋان ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ تۇتۇندەك قاشاڭ، ئۇتتەك باشتۇك ئىدى. دۇبۇلغىسىدىن ئىتىنىڭ تاقىسىغىچە ھەممە ئەزايى بەدىنى ۋە ئىتى كۆك تۆمۈر بىلەن قاپلانغان، گوياكى تۆمۈر ئىچىگە غەرق بولغانىدى. ئۇنىڭ مىنگەن ئىتىنىڭ تاقىسىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىچىلاتتى. بۇ ھال خۇددى بالا بۇلۇتىدىن ئۆلۈم چاقماقلىرى چېقىلغاندەك مەنزىرىنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ ئۇچقۇنلار پەلەككە ئۆرلەپ، شامالنىڭ دىماغلىرىغا مۆھۈر باساتتى. ئۇ بويىنغا ھىندى قىلىچىنى ئېسىپ، قولىدا تىكەنلىك نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ، مەيدانغا شۇ قەدەر ھەيۋەت بىلەن كىردىكى، ئۇنى كۆرگەن پالۋانلارنىڭ ھەممىسى: «بۇ بىر يىرتقۇچ شىر ئىكەن» دەپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى ھەرران ئىدى. ھەرران مەيدانغا كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن داراغا دۇئا قىلىپ، ھاجىتىنى دۇئادا ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، بارىق تەرەپكە قاراپ مىلتىقنىڭ ئوقىدەك ئېتىلدى. بارىقمۇ چاقماقتەك ھەرىكەت بىلەن ھەررانغا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنداق چىرماشتىكى، ماھارەت ۋە شىجائەتتە بىر ـ بىرىدىن ئېشىپ چۈشۈشتى. ئۇلار ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە نۆۋەت ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ساۋۇتلىرىغا نەيزە ئۇچىنى تەگكۈزەلمىدى. ئاخىر بارىق چاققانلىق بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، بىر ئاز يىراقلاشقاندىن كېيىن، نەيزىسىنى يىراقتىن توغرىلاپ تۇرۇپ، ئۇ يىرتقۇچ شىرغا شۇنداق ئاتتىكى، ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىگە بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئاپىرىن ئېيتتى. ھەرران ھايالسىزلا ئاتتىن يىقىلدى، بارىق دەرھال ئۇنىڭ بويىنىنى باغلاپ، توختىماستىنلا ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۈچۈن بۇ پەتھى نۇسرەتنىڭ ياخشى باشلىنىشى بولدى. بەخت ـ تەلەي ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. بارىق ئىسكەندەرگە يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەيدان تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، دارا تەرەپتىن ئۆزىگە ئاقابىل تۇرۇشقا پالۋان تەلەپ قىلدى. دارا تەرەپتىن بىر پالۋان مەيدانغا چىقتى. ئۇ جەڭ ئىشلىرىدا يۈز دۈشمەنگە يەككە ـ يېگانە

هالـدا تـاقابىل تۇرالايتتى . ئۇمۇ باشتىن ئاياغقىچە پولات كىيىملەر بىلەن پۈر-كـەلگەنىدى . . ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئەمما لەقىمىنى ھەممەيلەن فـاس دەپ ئاتـىشـاتتى ، ھەرران بىلەن قېرىنداش ئىدى . ئۇ كېلىپلا بارىقنىڭ ئالـدىـنـى توستى . بارىقمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىنى چاپتۇردى . جەڭ يەنە قىزىپ كەتتى . نەيزىلەر بىر ـ بىرىگە ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتتى . توساتتىنلا بـارىقنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، پۇرسەت تېپىپ ، فاسنى بىر نەيزە ئۇرۇش بـىلـەنلا يـىقـىتـتـى . ئۇنـى خارۇ زار قىلغان هالدا سۆرەپ ، ئىسكەندەرنىڭ ئالـدىـغـان كـەلـتـۈردى . ئىسكەندەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ ، پەلەكتىن مىننەتدار بـولـدى . لېكـىـن دارا پـەلـەكـكە تەنە ـ قارغىش ياندۇردى . بارىق بەربەرى مـەيـدانغا كىرىپ ، جەۋلان قىلغان ھالدا ، يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى . دارا سې-پىدىن يەنە بىر پالۋان غەزەپ بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، بارىققا ئېتىلدى . ئۇ شـۇنـداق تـېـز يـۈگـۈردىـكـى ، بارىقنىڭ يېنىغا يېتىش بىلەنلا زەخىم يەپ يـىقـىلدى . شۇنداق قىلىپ ، جەڭ ئىشلىرىدا ھەر بىرى ئەركەك شىردەك شىد-جائەتـلـىـك پـالـۋانلاردىـن توققۇزى بارىقنىڭ نەيزىسى بىلەن زەخىملىنىپ ، ئىـسـكـەنـدەرگە ئەسىر بولدى . ئەمدى ھېچكىمنىڭ بارىق بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچـۈن مـەيـدانـغا كىرگۈسى كەلمىدى . لېكىن بارىق مەيداندىن كەتمەي ، « كـۈچ سـىـنىشىدىغان پالۋن بارمۇ ! » دەپ ، نەرە تارتىپ تۇرىۋەردى . بۇ ئىش-تـىـن دۈشـمـەنـلـەرنىڭ كۆڭلىگە ئوت چۈشتى ، دارامۇ بۇ ئەھۋالدىن بىتاقەت بولۇپ ئىزتىراپقا چۈشتى .

— مەيدانغا دەرھال بىر كىشى چىقسۇن ! — دېدى ئۇ سەركەردىلەرنى ئالدىرىتىپ .

ئاخـىـرى بـىـر بەدھەيۋەت باھادىر مەيدانغا كىرىپ ، بارىققا قاراپ ئات سـالـدى . ئۇنىڭ قەددى ـ قامتى پىلدەك ، كۈچى پىلدىن زىيادىرەك ئىدى . ئۇ كـەركىداندەك ھۆل ئاتقا مىنگەن ، ئۇ ئاتقا يولۋاس تېرىسىدىن يوپۇق ياپ-

قانىدى ، ئۇ ئات ئالەم خەلقى ئۇچۇن يولۋاستىنمۇ قورقۇنچلۇقراق بىر ئاپەتكە ئايلانغانىدى . ئۇنىڭ بېشىدىكى قالپىقى قىزىل ماتادىن بولۇپ ، ئۇنىڭ چۆرى- سىگە قارا ماتادىن جىيەك تۇتۇلغانىدى . ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئۆلۈكلەرمۇ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى . يۈزلىرى قىپقىزىل ، گوياكى خورما رەڭگىدە ئىدى ، ساقىلىمۇ خورمىنىڭ سىرىق قوۋزىقىدەك ئىدى . قارىماققا ئۇ خورما يەنە بىر خورمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالماس پارچىسىدەك ، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىگە قان تولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ باتۇرنىڭ يۇرتى مەغرىب زېمىنىنىڭ ئەڭ چەت بىر ناھىيىسىدە ئىدى . ئۇ يەرنىڭ خەلقى سەھرالاردا ماكان تۇتقان بولۇپ ، ھەممىسىنىڭ شەكىل سىياقى مۇشۇ باتۇرنىڭ سىياقىغا ئوخشاش ئىدى . ئۇ يۇرتنىڭ بىر ئادىمىنىڭ جەسۇرلۇقى ۋە شان - شەۋكىتى بىر دۆلەتنىڭ لەشكىرىگە تەڭ كېلەلەيتتى . ئەگەر بىرەر پادىشاھ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ ، ئۇ دۈشمەننى يېڭىشكە ئاجىز كەپقالسا ، تەكلىپكە بىنائەن ئاشۇ قىزىل يۈزلۈكلەردىن بىر ئادەم كېلىپ ، مەيدانغا كىرەتتى - دە ، جەڭ قائىدىسىنى ئورۇنداپ ، ئۇ پادى- شاھنىڭ دۈشمىنىنى ئەسىر قىلاتتى . ئاندىن ئۇ ئەسىرنى ئېلىپلا ئۆز ۋەتىنىگە قايتاتتى . ئۇ قىزىل يۈزلۈكلەرنى ئۆز قوشۇنىدا توختىتىپ قېلىشقا ياكى ئۇ- نىڭ قولىدىكى ئەسىرنى ئېلىپ قېلىشقا ھېچقانداق پادىشاھنىڭ ماجال ياكى ئامال يوق ئىدى . خالايىق بارىق بەربەرىنىڭ ئىشلىرىغا ھەيرانلىق ۋە ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغاندا ، ئۇ قىزىل يۈزلۈك كىشى ئات چاپتۇرۇپ كەلدى . ئىككىسى مەيدان ئىچىدە گاھ چېلىشىپ ، گاھ چېپىشىپ ، گاھ بۇياقتىن ئۇياققا سۈرۈ- شۈپ ، گاھى ئۇچەتتىن بۇ چەتكە تۈرتۈشۈپ ، بىرى قاچسا ، بىرى قوغلاپ ، بىرى تارتسا ، بىرى سۆرەپ ئۈزۈن تۇتۇشۇپ كەتتى . بىراق بارىق جەڭ ئى- شىدا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى . چۈنكى توققۇز پالۋان بىلەن ئېلىشىپ ھارغان مەزگىلدە ، بۇ كىشى جەڭگە كىرگەنىدى . بارىق تازا ھارغان يۈرسەتتىن

پايدىلىنىپ ، ئۇ كىشى بارىقنىڭ بىلىدىن قاماللىدى ـ دە ، ئۇنى ئېتىدىن يۇلۇپ ئالدى . ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىۋېلىپ ، قويۇپ بەرمەستىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ، دارا لەشكەرلىرى تەرەپكىمۇ كەلمەي ، مەغرىب زېمىنى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ئۇ قىزىل يۈزلۈك كىشى بارىقنى ئېلىپ ، شۇ يۈرگىنىچە ھەش ـ پەش دېگۈچە خالايىقنىڭ كۆزىدىن پىنھان بولدى . خالايىق بۇ ئىشقا ھەيران بولدى . ئۇ مەغرىبلىكنىڭ قاپ يۈرەكلىكىنى كۆرگەن ئىسكەندەر غەمگە پاتتى ، بارىقنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار دەپ كۆپ قايغۇردى . لېكىن ئۇ مەغرىبلىكنىڭ بارىقنى ئالغاندىن كېيىن ، دارا تەرەپكە بارماي ، ئۆز سەھراسىغا يانغانلىقىدىن بىر ئاز خۇشالمۇ بولدى . شاھ دارانىڭ پەرىشان بولغان كۆڭلى بۇ ۋەقە بىلەن ئەمىن تاپتى . بىراق ئۇ مەغرىبلىكنىڭ بارىق بەربەرىگە غالىب كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، تولۇق كۆرەك خۇشال بولمىدى . ھەر ھالدا بارىقنىڭ جەڭ مەيدانىدىن يوقالغانلىقى ئۈچۈن قانائەت ھاسىل قىلدى .

ۋاقىتىكى ، قۇياش ، دارانىڭ ئاشۇ قىزىل يۈزلۈك پالۋىنىغا ئوخشاش مەغرىب زېمىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يوشۇرۇندى . ئاي شەرق قۇياشىدەك جىلۋىگەر بولۇپ ، جاھاننى خۇددى ئىسكەندەردەك يورۇتتى . كەچ بولۇش بىلەنلا ھەر ئىككى لەشكەر جەڭدىن يېنىپ ، ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئارامگاھىغا كېلىشتى . بارگاھلارنى چېدىرلار بىلەن قورشاپ ، ئەتراپقا خەندەك قېزىپ ، مۇداپىئەنى پۇختىلىدى ، ھەر ئىككى تەرەپتىن جىسەكچىلەر چىقىپ ، ئۆز قورغانلىرىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشقا كىرىشتى . شاھ دارا بارگاھ ئىچىدە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بەزمە قۇرۇپ مەي ئىچىشكە چۈشتى . لېكىن كۆڭلىدە مەي ئەمەس قان يۇتقان ھالدا ، ئەتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدى .

ئىسكەندەرمۇ قائىدە بويىچە سورۇن تۈزۈپ بەزمە ئۇيۇشتۇردى . ئۇ

كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن ئالىملارغا ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى، سول قول تەرەپتىن جاسارەتلىك سەركەردىلەرگە جاي كۆرسەتتى، ھەممىلەن بەزمىدە ئولتۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىيالى ئەتىكى ئۇرۇشتا ئىدى. پەم ـ پاراسەت ئەھلى غەلىبە يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنمەكتە ئىدى. پالۋانلار تۈن نىسپىگىچە ئۇخلىماي پەتھى نۇسرەت تىلەشمەكتە. ئۇلاردىن بەزىلىرى جۈرئەت ـ جاسارەت بىلەن، يەنە بەزىلىرى خەۋپ ـ خەتەر ئەندىشىلىرى بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئىسكەندەر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن خىلۋەت جايغا كىردى. تۇپراق ئۈستىگە يىقىلىپ، تەڭرىگە ئاجىزلارچە يېلىنىپ زەپەر قۇچۇشنى نېسىپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى بۇ ئىش بىلەن پاراغەت تاپتى.

سەھەر يۇلتۇزلىرى ئۆز چىراغلىرىنى يورۇتتى. يەنە ئىككى تەرەپ قوشۇنى تەۋرىدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن سەپ تۈزۈشكە ناغرا دۇمباقلار چېلىندى. نەيزىۋازلار نەيزىلىرىنى ئۈچلىدى. شەمشەرۋازلار جەڭ ئۈچۈن شەمشەرلىرىنى بىلىدى. ئادەملەر شۇ قەدەر دۈشمەنلەشتىكى، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى. ئىسكەندەر ھاجەتمەنلەرچە ئىلتىجا بىلەن خىلۋەت ئۆيىدىن ئۆز ئىشىنىڭ چارىسىنى تەڭرىدىن تىلەپ، قايتىپ چىقار ۋاقتىدا بىر خەۋەرچى شامالدەك تېز يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىسكەندەرگە بىر مەكتۇپنى بەردى. ئاندىن:

— خىلۋەت جايدا ئوقۇپ، ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغايسىز، — دېدى.

ئىسكەندەر مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى. تەڭرى ئىسكەندەرنىڭ دەردىگە داۋا قىلغانىدى.

ئەلقىسسە، دارانىڭ ئىككى كىشىسى بار ئىدى. ئۇلار دارانىڭ ئورۇنباسارلىرى ۋە مۇھىم ياردەمچىلىرى ئىدى. لېكىن دارانىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆز جانلىرىدىن تويغان، بەلكى ئۆز جانلىرىنى

ئۆلـۈمـگـە ئاتـاپ قـويـغـانـىدى . چۈنكى ئۇلارنى قورقۇتۇپ : « مۇشۇ قېتىمقى جـەڭـدە غـەلىبە قازانغاندىن كېيىنلا ، بۇ ئىككىسىنىڭ قارار گاھىنى ئۇلارنىڭ گـۆرـگە ئايلاندۇرىمەن » دېگەنىدى . شۇڭا ئۇ ئىككىيلەن بىرلىشىپ ، دارانى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشتى :

— بـىـزنـى ئۆلـتـۈرۈپ بـولـغۇچە بىز ئۇنىڭغا بۇرۇنراق ئۆلۈم تىغىنى ئۇرايـلـى ، — دېـيـىـشـتـى ئۇلار مـەسلىھەتلىشىپ ، — پۈتۈن خەلقنى ئۇنىڭ زۇلـمـىـدىن قۇتۇلدۇرايلى . ئۇنىڭ زۇلۇم تىغى بىلەن ئۆلگەندىن كۆرە ، ئۇنى ئاۋۋال ئۆلتۈرۈپ ، ئاندىن بىز ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق .

ئۇلار بـۇ پـىلانـىـنـى ئورۇنـداشـنـىـڭ قـورال ـ ياراغلىرىنى تەييارلاپ بـولـغـاندىن كېيىن ، ئۆز پىلانى ھەققىدە مەكتۇپ يېزىپ ، بىر كىشىدىن ئىسكەندەرگە ئەۋەتكەنىدى .

ئىـسـكـەنـدەر ئۇ مـەكـتـۇپـنـى ئوقـۇپ ، مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كـېـيـىـن ، « بـۇ بـىـر ھـىـيلە بولۇشى مۇمكىن » دەپ گۇمان قىلدى . ئاندىن سـەۋرچـانـلـىـق بـىـلـەن ئويلاپ كـۆردى . ئاخـىـر شۇنداق قارارغا كەلدىكى ، ئۇلارنـىـڭ بۇ ئىشىغا جاۋاب بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس ، ئەڭ ياخشىسى خەت ئېـلـىـپ كـەلـگـەن كـىـشـىـنىڭ قايتىپ تۇرغىنى تۈزۈك . ئەگەر بۇ ئىش راست بـولـغـان تـەقدىردىمۇ ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئېھتىمالدىن ناھايىتى يىراق . ئىسكەندەر ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن خەۋەرچىنى قايتىشقا پەرمان قىلدى . ئۇ كىشى ئېتىغا مىنىپ قايتىپ كەتتى .

ئـىـكـكـى تـەرەپ لەشكەرلىرى مەيدانغا كېلىپ ، سەپ تۈزۈپ ، جەڭگە تـەيـيـار بـولدى . لېكىن ھەر ئىككىلا تەرەپتىن تېخى مەيدانغا ئادەم چۈشمەي تۇرۇپلا ، دارانىڭ قەستىگە چۈشكەن ئىككى كىشى دارانىڭ ئىككى تەرىپىدىن كـېـلـىـپ ، تـۇيـۇقسىز قىلىچ ئۇرۇپ ، تىغلىرىنى دارانىڭ قېنى بىلەن بوياپ ، قـىـپقىزىل ياقۇت رەڭگە كىرگۈزدى . ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ خەنجىرىنى دارا-

نىڭ يۇرىكىگىلا تىقىپ، ھايالسىز قىيىنىنى تۆكتى. يەنە بىرى ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. دارا تەختىدىن خۇددى كاتتا دەرەخ يىقىلغاندەك غۇلاپ چۈشتى. كەيقۇباد خانىدانىنىڭ چىرىغى ئۆچۈشكە يۈزلەندى. بۇ ئىش يۈز بېرىش بىلەنلا دارانىڭ لەشكەرلىرىگە سۈرەن- چۇقان چۈشتى. پادىشاھىغا مۇنداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەن سىپاھلار ئالتوپىلاڭ قىلىشقا يۈزلەندى. بۇ تەرەپتە ئىسكەندەر دارانىڭ سېپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى- دە، ئۇلارنىڭ پىتراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەرھال دارا لەشكەرلىرى تەرىپكە قاراپ ئات سالدى. ئىسكەندەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇ تەرەپتىكى كىشىلەر توپىغا يېتىپ باردى. ئۇ كىشىلەر دارانىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغانىدى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، ئۇلار باشلىرىنى يەرگە قويۇپ، ئۆز پادىشاھىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشتى. ئىسكەندەر مۇرەسسە- مادارا زۆرۈرىيىتى بىلەن دارانىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ جىسمى قان ئىچىدە ياتاتتى. ئىسكەندەر دارانىڭ بېشىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھالىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىسكەندەر دارانىڭ زەخملەنگەن بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئىسكەندەرنىڭ ياشلىرى توختىماستىن دارانىڭ يۈزلىرىگە تۆكۈلدى. بۇ خۇددى ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنىڭ يۈزىگە گۈل سۈيى سەپكەندەك ئىش بولدى. دارامۇ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن نەرگىس كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ بېشىغا ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ قىلچە قورقماي، ۋەھىمە قىلمايلا:

— خوش كەپسەن، — دېدى، ئاندىن يەنە سۆزگە تىل ئاچتى، — ئەي يىگىت پادىشاھ، جاھان يۈزىدە سەلتەنىتىڭ مۇقىم ۋە مۇستەھكەم بولسۇن، ھېچ ئاتىدىن سەندەك ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بولغىيتتى. ئۆز دۈشمىنىنىڭ قىلمىشنى ھېچكىم سەندەك ئەپۇ قىلىپ باقمىغان بولغىيتتى. مەن سېنىڭ بىلەن ھەر قانچە دۈشمەنلەشكەن بولسامۇ، ئەمما سېنىڭ بۇ

جاھانـدا تـەڭداشسىز ۋە يېگانە ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنىدىم . شاھلارنىڭ شاھى بـولـۇشـقا مـۇنـاسـىپ ئىكەنلىكىڭنى سەزگىلى باشلىغانىدىم . بۇ جاھاندا ھېچ كـىـشىنىڭ سەن قىلغان ئىشلارنى قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم . سەن تـەڭـرىـنـىـڭ بـۇ ئالـەمدىكى كۆرسەتكەن قۇدرىتىنىڭ نىشانىسى . جامالىڭنى كـۆرۈپ ، سۆزلىرىڭنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم . قادىر تەڭرى ماڭا ئەجەل يەتكەندە مۇرادىمنى بېرىپتۇ . جامالىڭنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولۇپ ، ئۈمـىـدىـمـنـى تـاپـتىم ، بىراق ئۆزۈمدىن ئۈمىد قالمىغان چاغدا مېھمان بولۇپ كـەپـسەن . ھازىر مېنىڭ مۇشۇ مەجرۇھ جېنىمدىن باشقا ساڭا داستىخان سال- غـۇدەك ھېـچ نـەرسـەم يوق . مۇشۇنداق ھالەتتە ساڭا قانداقمۇ مېھماندارچىلىق قـىلاي . ئەگـەر قـوبـۇل قـىـلساڭ ساڭا جېنىمنى تارتۇق قىلاي . مېنىڭ ھازىر مـېـھـمـانـدارچـىـلـىق قىلىشقا قۇدرىتىم يوق ، بەلكى مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بىر نەپەسلىك مېھمان بولۇپ قالدىم . **نەزمە :**

بۇ سائەت نېتىپ مىزبانلىق قىلاي ،
قەبۇل ئەيلىسەڭ جان فىشانلىق قىلاي .
ياڭىلدىم نېتىپ بولغامەن مىزبان ،
كى خۇد مەن ساڭا بىر نەفەس مېھمان .

ھېلـىمۇ ئىلتىپات قىلىپ بېشىمغا كېلىپسەن ، بۇ قەدىمىڭدىن چەكسىز مـىـنـنـەتـدارمـەن . ئەمـدى ئۆز مـەقـسـىـتـىـڭـنـى بـايـان قـىـلـغـىـن . ئەگەر ھۆكـۈمـرانـلـىـقىڭنى يۈگۈزمەكچى بولغان بولساڭ ، تەڭرى مەدەتكار بولۇپ ، ئىـكـكـى ئالـەمـنـى ساڭا ئاتا قىلسۇن . ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ، قەدەم رەنـجـى تـارتىپ كەلگەن بولساڭ ، مەرھەمەت قىلىپ ، بىر نەپەس تەخىر قىلـ- غـىـن . مـېـنىڭ ئېيتىدىغان ئۈچ سۆزۈم بار ئىدى . شۇنى دەۋالغۇچە ئامانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەرگىن.

ئىسكەندەر بۇ شېرىن سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ماتەمدارلاردەك يىغان چېكىپ مۇنداق دېدى، **نەزمە**:

ساڭا مەن كەمىنە پەرەستەندەمەن،
پەرەستەندەلىق ئىچرە شەرمەندەمەن.
ئۆزۈمگە كېرەك قۇللۇغىنى چاغلايان،
سېنىڭ بارگاھىڭدا بەل باغلايان.
ياقا يىرتىبان، تاجىنى تاشلايان،
دېدى زار يىغلاپ بۇ سۆزنى باشلايان:

— ئەي تەڭرىم، — دېدى ئىسكەندەر زار ـ زار يىغلاپ، — بۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھىنى ھايات قىلغايسەن. بۇ جاھان مۇنداق پادىشاھتىن مەرھۇم قالمىسۇن. كاشكى، ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن خالاس قىلغان، ئۇنىڭ خائىنلىرىنى بۇ ئالەمدىن يوق قىلغان بولسامچۇ؟! ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ، بۇ بۈيۈك پادىشاھ مەندىن باج ـ خىراجەت تەلەپ قىلىپ مۇخالىپ بولدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتلىرىنى ئاز كۆرۈپ، بۇ ئىش غۇرۇرۇمغا تېگىپ، يۈزۈمگە پەردىنى تارتىپلا، لەشكەر يىغىپ، قارشىلىششقا تۇتۇشۇپتىمەن. ھەتتا داراغا قارشى جەڭ مەرىكىسىنى تۈزۈپتىمەن. لېكىن مۇنداق بولۇشنى ئەسلا خىيال قىلمىغانىدىم. خائىنلىق قىلغان دىيانەتسىزلەر بىلەن ئەسلا سىرداش ئەمەس ئىدىم. بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزگەن كىشىگە جازا بەرمىگەن بولسامmu، لېكىن بۇ ئىشقا رازىلىق بەرمىگەنىدىم. ئەمدى بۇ ماجىرانىڭ يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ماڭا يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولماقتا. شاھنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىگە ھەققەتەن ئىشىنىشنى سورايمەن. شۇ تاپتا، ئەگەر مۇمكىن بول-

غىنىدا ئىدى ، ئىسكەندەر ملىك يىللىق هاياتى بولسىمۇ ئۇنى داراغا ئۆتۈنۈپ ، ئۆزى پات پۇرسەتتە ئۆلۈشكە رازى ئىدى ، — ئىسكەندەر ناله - زار قىلغان هالدا يۇقىرىقىدەك ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتتى ، ئاندىن يەنە سۆز باشلىدى ، — پادىشاهى ئالەم ، ئۆزلىرى بايا ئۈچ سۆزۈم بار دېۋىدىله ، شۇنى ئاڭلاشقا ئىنتىزارمەن ، ئۇنى ئىزهار قىلىپ ، پېقىرنى پەرمانلىرى بىلەن بەختىيار قىلغايلا .

ۋاقىتىكى ، شاھ دارا ئىسكەندەردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شادلاندى . ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى . ئاندى سۆزىنى باشلىدى :

- ئەي ئىسكەندەر ، ئۈچ سۆز دېگىنىم ساڭا ئۈچ ۋەسىيەتتۇر . ساڭا كۆڭلۈم ئىلتىماسىنى بايان قىلىش نىيىتىم بار . ۋەسىيىتىمنىڭ بىرى شۇكى : ئىككى ئاداۋەتخور مېنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى . سەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ، مېنىڭ روھىمنى خۇشال قىلغايسەن . گەرچە بۇنداق قىلىشتىن ماڭا ھېچقانچە نەپ يەتمىسىمۇ ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ساڭا نىسبەتەن پايدىسى بار . يەنە بىر ۋەسىيىتىم : مېنىڭ پۇقرالىرىم ۋە لەشكەر ، سىپاھلىرىمغا ئاداۋەت قىلمىغىن . مېنىڭ قوۋملىرىمنى « كەيانىيلار » دەپ ئاتىشىدۇ . ئۇلار ئىچىدە ئەمدى ساڭا دۈشمەنلىشىش قولىدىن كەلگۈدەك ئادەم يوق . ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ ، ھەممىسى سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭغا ئايلىنىدۇ . قايسى ئىشقا مايىل بولساڭ ، ئۇلار سېنىڭ خىزمىتىڭدە هازىر بولىدۇ . قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان خانىدانىمنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى ۋايران قىلىپ ، زىيانغا ئۇچراتمىغىن . خاتىرجەم بولغىنكى ، ئۇلاردىن ساڭا ھېچقانداق خەۋپ يەتمەيدۇ . ئاخىرقى بىر ۋەسىيىتىم شۇكى : مېنىڭدىن بۇ جاھاندا رەۋشەنەك ئىسمىلىك بىر قىز قالدى . ئۇ بۈگۈن مەندىن جۇدا بولىدۇ . ئۇ بۇ جاھاندا كەيانىي سۇلتانلىرىدىن قالغان يېگانە نەمۇنە . كەيانىيلار تاجىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى ئاشۇ قىزىم ئىدى . ئۇ سەلتەنەت بەھرىنىڭ يېگانە پاك گۆھرى ،

شان ـ شەرەپ ئاسمىنىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى ئىدى. سەن ئۆز ھەرىمىڭنى ئاشۇ شام بىلەن يورۇتقىن. ئۇنىڭ نۇرى بىلەن كۆڭلۈڭنى شاد تۇتقىن. ئۇنىڭغا مېھىر ـ مۇھەببەتلىك كۆزۈڭ بىلەن باققىن. ئۇنى ئۆز نىكاھىڭغا ئېلىپ، ھەرەمخاناڭغا كۆچۈرۈپ، يېنىڭدا ئولتۇرغۇزغىن. ئۇ مېنىڭ بۇزۇلغان ئېكىنزارىمدا قېپقالغان بىر تەنھا باشاق، بەلكى جىگىرىمنىڭ پارىسى ئىدى. ئەمدى سەن مېنىڭ ھەرىمىمدىكى يەنە بىر پەرزەنت بول. ماڭا پەرزەنت بولۇش ئارقىلىق خەستە كۆڭلۈمگە كۈچ ۋە شادلىق بېغىشلاپ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرغىن. ئەگەر قىزىم سەن بىلەن بىللە بولسا، يەنە بىر جىگەر پارە پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىپ قالار. ئۇ پەرزەنت ئاتا تەرەپتىن ئىسكەندەر نەسلىگە تۇتىشىدىغان، ئانا تەرەپتىن كەيانىي نەسەبكە ئىگە بولغان ئالىي نەسەبلىك شاھ بولۇپ قالغۇسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرزەنتىمىز سەلتەنەت ۋە ئادالەت جەھەتتە ئىككىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، جاھاندا شان ـ شەرەپ ۋە كامالەت تاپسا ئەجەب ئەمەس. مېنىڭ خوشلىشىدىغان ۋاقتىم يېقىنلاپ قالدى. سەن يۇقىرىقى ۋەسىيەتلىرىمنى قوبۇل قىلىپ، بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغىن. بۇ دۇنيادىن مېنى ئاخىرقى قېتىم خۇشال قىلىپ ئۇزىتىپ قويغىن.

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، — دېدى ئىسكەندەر كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ، — ئىتائەتمەنلىك يولىدا بېشىمنى قويۇپ، ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلدىم، ئەگەر ماڭا مۇۋەپپەقىيەت بەرسىلا، ساڭا بولغان ئۆزرىخاھلىقىمنى ئادا قىلىپ، روھىڭنى خۇشال قىلارمەن.

دارا ئىسكەندەرنىڭ قوبۇل قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپلا كۆزلىرىنى يۇمدى. ماتەمدارلار داراغا مۇنداق مەرسىيە ئوقۇشتى. **مەرسىيە:**

ئەجەل شامى ناڭ يوق ئەگەر بولسە فاش،
كى بەھمەن كۇنىگە ئويانتى قۇياش.

ئەدەم بولدى قانۇنى لۇھراسىبى ،
نىگۇن بولدى ئائىنى گۇشتاسىبى .
بولۇپ تىيرە كەيخۇسرەۋ ئائىن چەراغ ،
سىياۋۇش ئاتى باغىرغە قويدى داغ .
ئۇنۇت بولدى كاۋۇس يادى داغى ،
بەل ئاۋازەئى كەيقۇبادى داغى .
مەنۇ چىھرە ئەۋجىغە تۇشتى جەزەئ ،
فەرىدۇن رەۋانىغە يەتتى فەزەئ .

ۋاقىتىكى ، دارا بۇ مەككار دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . ئىسكەندەر ئۇنى غۇسلى تەرەت قىلغۇزۇپ ، قان ۋە تۇپراقلىرىنى تازىلىدى . ئاندىن شاھانە ساندۇق ئىچىگە سېلىپ ، كەيانىيچە مەيگە قويدى . مەيىنى ھەيدەپ جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقتى ــ دە ، بىر پايانسىز چىمەنزار ئىچىگە ئاپىرىپ دەپنە قىلدى . ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى ياساپ ، مەقبەرەزارلىققا ئايلاندۇردى . ئۇ چىمەنزاردىن بېھىش نېمەتلىرى نامايان بولۇپ تۇراتتى . ئىسكەندەر پۈتكۈل لەشكەرلىرىنى شۇ چىمەنزارغا چۈشۈردى . ئۇ يەرگە پەلەكتەك چوڭلۇقتىكى كۆك چېدىرنى تىكىپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە جايلاشتى ، پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە قىرغىنچىلىقتىن ئامانلىق بەردى . **ساقىينامە :**

كەتۈر ، ساقىي ، ئول مەينى جانى تاپاي ،
غەم ئىچرە ئۆلاردىن ئەمانى تاپاي .
ئەگەت دەۋر ئاغۇ بەردى داراغە پات ،
سىكەندەرغە ھەم بەرمەس ئابىھەيات .
مۇغەننىي بۇ كۈن نەغمەئى چەڭگى تۈز ،
ۋەلې نەۋھە ساز ئەيلەپ ئاھەڭگى تۈز .
كى دەردىمغە تارتىپ فىغان يىغلايىن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەمى ئۇيلەكىم شىشە قان يىغلايىن .
نەۋائى ، جەھانغە ۋەفا يوقتۇرۇر ،
ئانىڭ دەئىبۇ رەسمى جەفا ــ ئوقتۇرۇر .
ۋەفا ئەيلەپ ئانىڭ جەفاسىن ئۇنۇت ،
نەۋا ئىستەسەڭ بىنەۋالىقنى تۇت .

**پادىشاھلىق ئىدارىسىنىڭ تەرتىپ ــ قائىدىلىرى تەگرى ئىشخانىسى ( يەنە ئالەم ) دىن بىر نەمۇنىدۇر . تەگرى بارگاھىدا خاھ پەرىشتىلەرگۇرۇھى بولسۇن، خاھى پەيغەمبەرلەر جامائىتى بولسۇن ، خاھى ئەۋلىيالار تائىپىسى بولسۇن ۋە ياكى باشقا كىشىلەر توپى بولسۇن ، ھەممىسى ئۆز تەرتىپى بويىچە ، ھەر بىرى ئۆز ئورنىدا رەتلىك ئورۇنلاشقاندۇر . شۇنىڭغا ئوخشاشلا پادىشاھلار بارگاھىدىمۇ ئاشۇنداق تەرتىپ بولغىنى ياخشىراق بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى زۆرۈردۇر .**

ھەر قانداق كىشى شاھلىقنى ئارزۇ قىلسا ، لەشكىرى ۋە باشقا خالايىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشى لازىم . قائىدە ــ نىزاملارنى تۈزگەندە ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئورۇن مەرتىۋىسىنى بەلگىلەشتە ، چوڭغا چوڭچە ، كىچىككە كىچىكچە مۇئامىلە قىلىش مۇۋاپىق ، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى . « ئىشلارنىڭ ئەۋزىلى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر » دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ھالدا ، ھەر ئىشنى ئۆز لايىقىدا بېجىرىش ۋە نامايان قىلىش ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىسىدۇر . مەملىكەتنىڭ قانۇن ۋە نىزاملىرىنى مۇشۇ ئاساستا تۈزسە ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۇرتلار ئاۋاتلىشىدۇ ، مەملىكەتنى زىننەت تاپىدۇ . ئىشلىرى ياخشى تەرەپكە سەرامجان تېپىپ ، شاھلىق پائالىيەتلىرىدىن مۇرادىنى تاپالايدۇ ، ئەگەر پادىشاھ ئۆز دۆلىتىنى بۇ قائىدە بويىچە تۈزمىسە ، ئۇنىڭ مەملىكەت ئىشلىرى قانداقمۇ تۈزۈكلۈككە يۈزلەنسۇن ، بۇ خۇددى ئۇششاق باللارنىڭ شاھمات ئوينىغىنىدەك

ئىش بولۇپ قالىدۇ. شاھمات ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ئورنىغا تىزىشنى بىلمىگەن
كىچىك باللار شاھمات ئوينىماقچى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ شاھماتتا ئالماقنىمۇ،
بەرمەكنىمۇ بىلمەيدۇ. پىيادىنى شاھنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلنى رۇخ
( توپ ) نىڭ ئورنىدا قويىدۇ، شاھمات ئۇرۇقلىرى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلسا،
ئۆزلۈك ئويلاپ باق، ئەقىل ئىگىلىرى بۇنى نېمە دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق
ئويۇننى ئەتىدىن كەچكىچە ھەر قانچە ئوينىسىمۇ ھېچ مەززىسى، ئەھمىيىتى
بولمايدۇ. ئىت يالىقىغا سامان سېلىش، ئاتنىڭ ئوقۇرىغا سۆڭەك سالغاندەك
ئىش بولىدۇ. ھەر قانداق كىشى قوزىلارنى بۆرىلەرگە غىزالىق قىلسا، ئۇ ئۆ-
زىگە بالا ـ قازانى چىللىغان بولىدۇ. ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى يولۋاسنى
گۆش بېرىپ بورداشنى لايىق تاپمايدۇ. كىمكى ئارسلاننى قېرىن بىلەن توي-
غۇزۇشنى راۋا كۆرسە، پۇرسەت كەلگەندە ئارسلان ئۇنىڭ قارنىنى يارىدۇ.
تازنىڭ بېشىغا تاج كىيدۈرۈلسە، توخۇغا تۇمۇغا كىيدۈرۈلگەندەك ئىش بو-
لىدۇ. تۇمۇغا ئېگىزگە پەرۋاز قىلىدىغان شۇڭقارغا بېزەك ۋە زىننەتتۇر.
كىمكى يىلاننىڭ بېشىنى يانجىسا، ئۆز يولىدىن بالا ـ قازانى يوق قىلغان بو-
لىدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئۆز قوينىدىن ماكان بەرسە، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئارزۇ
قىلغان بولىدۇ. بىلگىنكى، ئىت ھەتتاكى بۆرىنى يېڭەلەيدىغان بولۇپ
كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ جايى يەنىلا ئىشىكتۇر. لېكىن مۈشۈكنىڭ ئورنى
ئۆيىنىڭ تۆرىدە. بۆرە دەشت ۋە دالادا ئوۋ ئوۋلاپ قورساق تويغۇزسا،
مۈشۈكنىڭ ئوۋلايدىغىنى ئۆيدە. ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق ھاسىل قىلىدۇ. ھەم-
مىسى ئۆز ئورنىدا ئۆز جېنىنى باقىدۇ. دېمەك، ھەر كىشىگە ئۆز لايىقىدا
پەرۋىش قىلىش لازىم، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ۋاقتىدا ئەسقاتىدۇ.

پادىشاھلاردا يەنە تاش ئارىسىدىن گۆھەرنى تاپالايدىغان پاراسەت بو-
لۇشى كېرەك. ياقۇتنى كۆرۈپ ئوچاقتىكى چوغ دەپ گۇمان قىلمىسۇن،
چوغنى كۆرسە گۆھەرمىكىن دەپ قالمىسۇن، ئېشەك مۇنچىقى بىلەن پىرۇزىنى
ئايرىيالىسۇن، جانان چىنە بىلەن سۇنۇق كوزىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بول-
سۇن، بىراق بۇ ئىش ناھايىتى مۈشكۈل. بۇ ئالەمدىكى ئادەملەر قارىماققا

www.uyghurkitap.com

ھەممىسى بىر خىل سۈرەتتە، جىمىسى ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلاردىن بىرى شۇملۇق ۋە نەسلىك پاتقىقىغا پاتقان، يەنە بىرى بولسا سائادەت نۇرىغا چۆمۈلگەن، ئىستىقبالى پارلاقتۇر. ئىككىزەك قېرىنداشنىڭ چىراي ـ تۇرقى شۇ قەدەر ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى زادى ئوخشىمايدۇ، كىتاب ئىچىدە ئەلىپ ( الف ) بىلەن ئەلفە ( الف، يەنى مىڭ ) دېگەن سۆزلەر ئوخشاش يېزىلىسىمۇ، ئەمما ھېسابتا ئۇلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. چۆللەردە ئۆلۈپ، قۇرۇپ قالغان تاشپاقا گەرچە سەدەپكە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرى نىجىس سۆڭەكلەرگە تولغان، يەنە بىرىگە بولسا ئېسىل ياقۇتلار يوشۇرۇنغان بولىدۇر. كەركەس بىلەن ھۇمايۇن ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. ئادەملەرمۇ گەرچە بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ، بۇنداق پەرقنى كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلالايدۇ. شاھلار ئۆز كۆزلىرىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت نۇرلىرى بىلەن ھەممىنى تونۇۋالالايدىغان بولۇشى لازىم. ئۇلار قىپقىزىل ئاتەشدان بىلەن قۇياشنىڭ پەرقى ـ تاپاۋىتىنى چۈشىنىدىغان، مىس بىلەن ئالتۇننى ئايرىيالايدىغان بولسۇن. ئەگەر مۇنداق قىلىشقا ئەقىل ـ پاراسەت يەتمىسە، كۆپ قېتىم سىناپ كۆرگەن ياخشى. شاھلار شەخسىنىمۇ، ئامىنىنىمۇ رازى قىلاي دېسە، ئۆز ھۇزۇرىغا كەلگەن ياكى شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان دانىشمەن، ئاقىل كىشىلەر بىلەن دائىم سۆھبەتلىشىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى، ئاتاق ـ ئابرويىنى ساقلىشى، رايىنى قايتۇرماسلىقى كېرەك. خالايىقنى ئۆز پەزىلىتى بىلەن خۇشال قىلالمىغان پادىشاھ ئۆز دۈشمىنىگە قەست قىلالمايدۇ، بەلكى دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە تىغ تارتىپ كېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ياخشى ـ يامانىنى ئايرىماي، ئۆز خەلقى بىلەن دۈشمەنلەشكەن پادىشاھ ئۆز پەرمانىدىكى خەلقنى يات دۈشمەنلەرنىڭ دوستىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىل شاھلارغا خەلق گەرچە كۆرۈنۈشتە مۇرەسسە ـ مادارا قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما، زۇرۇر تېپىلغان

چاغدا ئۆز دۈشمەنلىكىنى ئاشكارا قىلدۇ. شۇڭا بۇنداق شاھلار ھەرگىز دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ.

**سۇلتان ئەبۇ سەئىد كورەگان (ئۇنىڭ ياتقان جايى نۇرلۇق بولغاي) نىڭ ھېكايىتى، بۇ پادىشاھ مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى ئەقىل - پاراستى بىلەن كۆپ مەملىكەتلەرنى ئالدى، ھايات يولىنى ئۆزگۈچى ئۆتكۈر تىغى بىلەن ئەل ئىچىگە قورقۇنچ ۋە سۈرەن - چۇقان سالدى. بىراق قوشۇنلىرى ئۇنىڭدىن نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھىم پەيتتە ھەممىسى قوزغالدى. نەتىجىدە دۈشمىنى ئارىسىدا ئۆزى يالغۇز قالدى، دۈشمەن ئۇنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى ئۇلۇغۋار بېشىنى ئاداۋەت تىغى بىلەن بويىنىدىنلا ئۈزۈپ تاشلىدى**

سۇلتان ئەبۇسەئىد كورەگان سەلتەنەت ئىشىدا دانا ئىدى. خۇراسان بىلەن ماۋەرائۇننەھرنى ۋە باشقا دىيارلاردىن خارەزمدىن كىرمانغىچە، قەشقەردىن سىفاھانغىچە، زابۇلۇستاندىن كابۇلۇستانغىچە بولغان يۇرتلارنى ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزگەن، ھەممە ۋىلايەت ۋە دىيارلارنى دىققەت - ئېتىبار بىلەن گۈلىستانغا ئايلاندۇرۇپ، سەلتەنەت ئىچىدە زامانىنىڭ داراسى بولغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدا جاھانگىرلىك ھاۋايى - ھەۋەسى پەيدا بولۇپ، سانسىز لەشكەر يىغىپ، تەبرىز شەھەرلىرىنى ۋە رۇم دىيارلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى ھەممە ئىشتا ھوشيار ۋە بارچىدىن خەۋەردار قىلغانىدى. ئەمما بىر ئەيىبى بار ئىدىكى، ھەمىشە خەزىنە يىغىشقا ھېرىسمەن ئىدى. بۇ ئىش تۇپەيلىدىن ئۆز خەلقىنى تەڭقىسلىققا قويۇپ، سىنىقلىش ۋە تەڭلىك ئىچىدە تۇتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ خىل ھېرىسمەنلىك بىلەن خۇشال ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق ئىشىدىن لەشكەرلىرى نارازى ئىدى. سۇلتان تەبرىزگە لەشكەر تارتقىنىدا، ئۇ دىيارنىڭ پادىشاھىمۇ ئۆز

يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ، لەشكەر تارتىپ ئالدىغا چىقىپ ، جەڭ باشلىدى . بۇ ئىش ھەددىدىن تاشقىرى قاتتىقلىشىپ ، ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلدى ھەم قىيىنلاشتى . سۇلتاندىن ئۇنىڭ لەشكەر ۋە سىپاھلىرى نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا ئوڭۇشسىزلىق يۈزلەنگەن بىر سائەتتە ھەممىسى يۈز ئۆرۈپ ، تەرەپ - تەرەپتىن بۇزۇلۇپ قېچىپ ، دۈشمەن قېشىغا باردى - دە ، ئۇنىڭغا ياردەم بەردى . نەتىجىدە شۇ قەدەر ئۇلۇغ بىر پادىشاھ دۈشمەنىنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشتى . دۈشمىنى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ ، ئۇنىڭ قېنىدىن ئۆز قىلىچىنى ياقۇتتەك قىزىل رەڭگە كىرگۈزدى .

ھەر قانداق بىر پادىشاھتىن خەلقى خۇشال بولمىسا ، مۇھىم پەيتكە كەلگەندە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى بولمايدۇ . پادىشاھ ئەگەر لەشكەر ، سىپاھلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا ، ئۇ بىر كىشىدۇر . بىر كىشىنىڭ ئىشى قانچىلىك بولماقچى ئىدى ؟! بۇ خۇددى گۈل گۈلىستاندىن ئايرىلسا قۇرۇپ قالغاندەك ئىشتۇر . « بەدەنسىز يۈرەك بىر لوقما گۆش » دېگەن گەپ بار . سىپاھ بىلەن شاھ بەدەن بىلەن يۈرەككە ئوخشايدۇ . شۇڭا پادىشاھ بىلەن لەشكەر ئاشىق - مەشۇقتەك بولۇشى كېرەك . شۇنداق بولغاندىلا ھەممە ئىشتا بىر - بىرىگە ماسلىشالايدۇ . جاھان ئالماق ئاسان ئىش ئەمەس ، لېكىن ئۆزئارا ئىتتىپاق بولغاندا قىيىن ئىشمۇ ئەمەس .

## ھېكمەت . ئىسكەندەرنىڭ : «پاراسەت ئىگىلىرى ئەقىل يۈرگۈزۈش بىلەن ئىش قىزىنىڭ يۈزىدىن نىقابنى ئاچقاندىن كېيىن ، نېمىشقا ئۇنىڭ ۋىسالىدىن بەھرىمەن بولۇپ ، مۇرادىنى ھاسىل قىلالمايدۇ » دېگەن مەزمۇندىكى سوئالى ۋە ئەرەستۇنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى :

— ئەي دانىشمەن ھېكىم ، ھەر قانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ خۇي پەيلە-

دىن پايدا ياكى زىيان يېتىدۇ . ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن بىر ئىشقا نەزەر سېلىپ ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆزەتسەك ، تەمە قىلىش خارلىقنىڭ سەۋەبىدۇر ؛ قانائەت قىلىش ئىززەت ۋە شاراپەت تېپىشنىڭ نىشانىسىدۇر . شاھلارمۇ ئۆز ئىشلىرىنىڭ توغرا ، ساغلام بولۇشىغا دىققەت قىلسا ، مۇشۇ ئارقىلىق ئەلنى رازى قىلىپ ، دۇئاسىنى ئالسا ، ئەلۋەتتە مۇرادىغا يېتىدۇ ، ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ نىجاتلىقىنى ئەلنىڭ رىزالىقى ۋە دۇئاسىدىن تاپىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى تاشلاپ ، يامان ئىشلارنى قىلىپ ، ئەلگە جەبىر ـ زۇلۇملارنى سالىدۇ ؟ ئۆزىنىڭ شان ـ شەۋكىتى ۋە شاھلىق سەلتەنىتىگە شىكەستە يەتكۈزىدىغان ۋە ئۆزلىرىگە مەغلۇبىيەت ، خارۇ ـ زارلىق ئېلىپ كېلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن قىلىدۇ ؟

ئۇ دانا پەيلاسوپ ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى :

— بۇ مەسىلىگە ناھايىتى نازۇك مەنىلەر يوشۇرۇنغان بولۇپ ، ئىلىم ـ ھېكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسلىرى بۇنىڭغا نەچچە خىل جاۋاب بېرىدۇ . بەزى كىشىلەر ئەقىل ـ ئىدراكنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ ، ياخشى ئىشلار بىلەن يامان قىلىقلارنى پەرق ئېتىپ ، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا نىيەت باغلايدۇ ۋە بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مەنپەئەت تاپىدۇ ، ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز ۋە ئۇلۇغۋار مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ ، لېكىن بۇنداق قىلىش نەپسانىيەتكە ناھايىتى قىيىن كېلىدۇ . چۈنكى پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ نەپسانىيىتى ئاسان ۋە راھەت ئىشقا خۇشتار كېلىدۇ . كىشى ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ مۇرادىنىلا ھاسىل قىلسا ، چوقۇم باشقىلارغا زىيان سېلىپ ، ئۇلارنى مۇراد ۋە مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ . يەنە بەزى كىشىلەردە شۇنداق خۇسۇسىيەت باركى ، ئۇلار پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى كۆرسە ، يامان دەپ قارىمايدۇ . لېكىن ئۇنى قىلىشنى خالىمايدۇ . ياخشى ئىشلارنى قىلىش تەبىئىتىگە خۇش-

ياقمايدۇ . نەتىجىدە يامان ئىشلارغا مايىل بولۇپ قالىدۇ . بۇ خىل ئادەتمۇ تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ . بەزى كىشىلەرنىڭ بەخت ــ تەلىيى يار بېرىپ ، ياخشى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ . يۇلتۇزلارنىڭ خاسىيىتىنى بىلىپ ئىش باشلىغاچقا ، مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ . مەسىلەن ، بىر كاتىپ بىرەر كىتابنى كۆچۈرۈپ چىقماقچى بولغان بولسا ، ئۇ كاتىپ گەرچە ناھايىتى نەپىس خەتتات بولۇپ يۈزلەرچە ئىقبالغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇ مەزگىلدە ئەتارىد ① يامان ئەھۋالدا بولسا ، ئۇ كاتىپ ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ كىتابنى تاماملىيالمايدۇ . ئالىملار ياخشى ــ يامان ئىشلارنى يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل ئاملغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ . بىراق ھەقىقەت ئىگىلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : مەيلى مەسچىت ئەھلى بولسۇن ياكى ئاتەشخانا ئەھلى بولسۇن ، ئەزەلدە ئېرىشكەن قىسمىتىنى قانچە پىكىر ۋە تەدبىر قىلغان بىلەن ئۆزگەرتەلمەيدۇ . ئۇنىڭ خاھىشى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ . چۈنكى تەڭرىنىڭ خاھىشى ئۇ ئىشتا بولمىغاندۇر . بىر كىشى ئەگەر تەدبىر بىلەن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا ، ئۇنىڭ تەدبىرى تەقدىرگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر . ھەقىقەت ئىگىلىرى بۇنىمۇ تەدبىردىن ئەمەس ، تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن دەپ قارايدۇ . تەقدىر بىلەن تەدبىرنىڭ ماس كېلىشىنى ھەقىقەت ئەھلى « تەۋپىق ( مۇۋەپپەقىيەت ) تاپقانلىقى » دەپ قارايدۇ . ئەي بۈيۈك پادىشاھ ، بۇ دەۋردە سەن مۇۋەپپەقىيەت تاپقۇچىسەن . ئۇلۇغ تەڭرى بۇ مۇۋەپپەقىيىتىڭنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن .

دانا ھېكىم ئەرەستۇ يۇقىرىقى ھېكمەتلەرنى بايان قىلدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شاھنىڭ دىلى تېخىمۇ روشەنلەشتى ، كۆڭلىدە يەنە بىر ھېكمەت خەزىنىسى ھاسىل بولدى .

---

① ئەتارىد ــ ئاتارۇد ( مېركۇرىي ) سەييارىسى . رىۋايەتلەردە بۇ يۇلتۇز يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى دەپ قارىلىدۇ .

**ئىسكەندەرنىڭ دارا مەملىكىتىگە ھۆكۈمران بولۇپ خەزىنە ـ دەپىنىلەرنى قوياش نۇرى ـ**
**ـدەك ۋە بۇلۇت يامغۇرىدەك چاچقانلىقى ، لەشكەر ۋە خەلقنى بۇ خەير ـ ئېھسانلاردىن**
**شادىمان قىلغانلىقى ، ئاندىن ئالەم مەملىكەتلىرىنىڭ شاھلىرىنى چاقىرتىشقا**
**ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ پەرمانغا ئىتائەت قىلغان**
**بولسىمۇ ، لېكىن كەشمىر شاھىنىڭ نامۇۋاپىق ئەپسۇنلارنى ئوقۇغانلىقى ،**
**ھىندى شاھىنىڭ تەتۈر جاۋاب بەرگەنلىكى ، چىن خاقانىنىڭ**
**سۆز تۈگۈنلىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ**
**قوشۇمىسىنى تۈرگەنلىكى**

بۇ زەپەرنامىنى يازغۇچى كىشى مۇنداق ھېكايىنى بايان قىلىدۇ :

ئەلقىسسە ، دارانىڭ ۋاپاتى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ، ئىتائەت قىلىدىغان لەشكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا باش قويدى . يىراق يۇرتلاردىن كەلگەن لەشكەرلەر ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشقا باشلىدى . مەشرىق زېمىنىنىڭ سۇلتانلىرى ، خارەزم ، ھىندىستان ۋە چىن مەملىكىتىدىن كەلگەن لەشكەرۇ سىپاھلار شۇ كۈنلا قېچىپ ئۆز مەملىكەتلىرىگە يەتمىگىچە توختىمىدى .

ئىسكەندەر غەلىبە ۋە نۇسرەتكە مۇيەسسەر بولدى . ئۇنىڭ شان ـ شەۋكىتى تېخىمۇ ئۆستى . ئاندىن ئۇ بۈيۈك تەخت ئۈستىدە ئورۇنلىشىپ ، دارانىڭ ۋەسىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىشكە باشلىدى . ئالدى بىلەن شاھ داراغا لايىقىدا ماتەم تۇتۇپ ، ئىززەت ـ ئىكراملارنى ۋە شاھانە قائىدە ـ يوسۇنلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپ دەپنە قىلدى . ئۇنىڭ ھالىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قايغۇرۇپ زار ـ زار يىغلىدى ، چۈنكى ئەمدى ئۇنىڭ زىممىسىگە ناھايىتى چوڭ ئىش يۈكلەنگەنىدى . دارانىڭ دەپنە ئىشىدىن قولى بوشىغاندىن كېيىن ، دارانى ئۆلتۈرگەن ئىككى قاتىلنى سوراق قىلدى . ئاندىن ئىككى تۆۋرۈكنى يەرگە كۆمدۈرۈپ دار تەييار قىلدى . ئۇ ئىككى قاتىلنىڭ بېشىنى تۆۋەن

قىلىپ دارغا ئاستۇردى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئوق ياغدۇرۇشقا پەرمان قىلدى. «ھەر كىم يولىدىن ئېزىپ، ئۆز پادىشاھىغا خائىنلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى مۇشۇ!» دەپ جار سالدۇردى. بۇ ئىككى خىيانەتكارنىڭ جېنى جەھەننەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تېنىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى ئاسمانغا سورۇدى. دارانىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلىرىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا كەڭچىلىك ۋە مەرھەمەت بىلەن ئامانلىق بەردى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ۋەھىمە قورقۇنچلارنى يوق قىلدى، ئۇلارغا دارا قانداق ئىززەت ۋە ئېھتىراملار قىلغان بولسا، ئىسكەندەرمۇ شۇ دەرىجىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەت، لۇتپ ۋە مەرھەمەت قىلدى. يەنە ياراملىق ۋە ئاقىل كىشىلەردىن بىر نەچچەيلەننى تەيىنلەپ، قولىغا مەكتۇپ تۇتقۇزۇپ، رەۋشەنەكنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپتا نۇرغۇن پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇنۇ مەزمۇندا ئىدى: «تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. كۆپ قايغۇرۇپ نالە ـ زار قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، بۇ جاھان بېغىدىن بىر گۈل خېپچىسى زايە بولدى. ئەمما شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، بۇنىڭلىق بىلەن باشقا ئېچىلمىغان غۇنچىلارغا بەرھەم يەتمىسۇن. گۈل توزۇغان بولسىمۇ، غۇنچە ياشناپ، كامال تاپسۇن. گەرچە سەدەپنىڭ كۆكسى يېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن چىققان گۆھەر شەرەپلىك تاجنىڭ ئۈستىدە ئورۇن ئالسۇن. ئۇ يەردىكى پەزىلەت ئىگىلىرى مېنىڭ ئىنئام ۋە ئېھسانىمغا سازاۋەر بولغۇسىدۇر. ئۇلار رەۋشەنەك ناملىق بۇ سەرۋى بويلۇق پەرىزاتنى مېنىڭ ھەرەمخانەمگە ئەۋەتسۇن. ئۇ گۈل يۈزلۈك قۇياش مېنىڭ پەلەكتەك قەسرىمنى يورۇتسۇن.» خەتتە بۇ سۆزلەردىن باشقا يەنە دارانىڭ ۋەسىيەتلىرى تولۇق بايان قىلىنغانىدى.

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن ھاكىمىيەت ئىشى بىلەن بولدى. دارانىڭ يىغقان مەخپىي ۋە ئاشكارا خەزىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاپتى. ئەفرىدۇن زامانىدىن باشلاپ يىغىلغان، شاھتىن شاھقا ئۆتۈپ كەيقۇباد زامانىغىچە يېتىپ



www.uyghurkitap.com

كەلگەن بۇ مال ـ مۈلۈك ۋە خەزىنىلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قال-
غان ، بەزىسىنىڭ دەۋرىدە خەزىنىلەر تولۇپ تېشىپ ، يەنە بەزىسىنىڭ دەۋرىگە
كەلگەن چاغدا يېرىملىشىپ ، شۇ تەرىقىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەنىدى .
ئۇلار دارانىڭ سەلتەنىتى ئاخىرلاشقىچە بولغان 1314 يىللىق مەزگىل ئىچىدە
ئالەمپاناھ ، بەلكى ئالەم ئەھلىگە پادىشاھ بولۇپ ، ھېسابسىز دەپى ـ دۇنيانى
يىغقانىدى . قادىر تەڭرى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسكەندەرگە نېسىۋە قىلدى .
دارانىڭ قورغان سوقتۇرۇپ ساقلاۋاتقان خەزىنىلىرى 180 قورغانغا جەملەنگە-
نىدى . بۇ خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسى ساپلا ئالتۇن ـ كۈمۈش ، لەئلى ،
جاۋاھىرلاردىن ئىبارەت ئىدى . دارانىڭ خەزىنىچىلىرى بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ،
ئىسكەندەرنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ، قورغان ۋە خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇ-
چىنى تاپشۇردى . ئىسكەندەر ناھايىتى جىددىي تەپتىش قىلىپ ، خەزىنىچىلەر
بىلەن قورغان ۋە خەزىنىلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشتى . ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى
كۆپلىگەن ئىنئام ۋە مەرھەمەتلەر ھەققىدە ۋەدە بېرىپ ، ئۈمىدلەندۈردى .
قايسى قورغاننىڭ خەزىنىچىسى كېلىپ ، ئەھۋال مەلۇم قىلىپ ، ئاچقۇچىنى
تاپشۇرسا ، ئۇ قورغاندىكى خەزىنىلەرنى باشقۇرۇشنى يەنە شۇ كىشىگە ھاۋالە
قىلدى . بىراق ئالدى بىلەن كاتىپلارغا پەرمان قىلىپ ، خەزىنىلەرنىڭ ھېسا-
بىنى نەقلەشتۈرۈپ توغرىلاپ ، دەپتەرگە ئېلىشنى ئۇقتۇردى . كاتىپلار
دارانىڭ دىۋان بەگلىرىدىن خەزىنىلەر خاتىرىلەنگەن دەپتەرلەرنى سورىتىپ
ئېلىپ ، جەملەنگەن خەزىنىلەرنىڭ سانىنى تاپتى . ئاندىن خەزىنىدارلار بىلەن
ھېسابلاشتى ، قايسىسىنىڭ ھېسابى توغرا بولسا ، خاتىرىلەپ ، دەپتەرگە
ئالدى . ئاندىن « تەگدى » دېگەن خەتنى يېزىپ ، ھېسابنى تۈگەللىدى .
ئەگەر قايسى بىرىنىڭ ھېسابى توغرا چىقمىسا ، كاتىپلار شىددەت بىلەن
تەكشۈرۈپ ، تاپتۇرغاندىن كېيىن ، ھېسابقا ئالدى . ئاندىن ئەھۋالنى ئىسكەن-
دەرگە مەلۇم قىلدى . شۇندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى تىنچ ۋە
خاتىرجەم بولدى . بۇ ئىشلار بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئىسكەندەر دارا-

نىڭ خەزىنىلىرىنى ئۆز ئوردىسىغا يۆتكەشكە پەرمان قىلدى . بۇ پەرمانغا
بىنائەن توپ - توپ خالايىقلار بېرىپ بۇ خەزىنىلەرنى ئىسكەندەرنىڭ ئورد-
سىغا توشۇشقا باشلىدى . خەزىنە توشۇغۇچىلار خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك ،
دەرياغا كەلگەن سەلدەك يۆتكەلمەكتە ئىدى . بۇ كارۋانلار كەلكۈنى دارادىن
قالغان خەزىنىلەرنى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئىككى يىلغىچە تىنىم تاپماستىن
يۆتكىدى . كاتىپلار ھېسابلاپ مەلۇم قىلىشتىنكى ، ئىككى يىلغىچە بۇ خەزىنى-
لەرنىڭ يېرىمىمۇ تۈگىمەپتۇ . ئىسكەندەرنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن قالغان
خەزىنىلەرنىڭ سانى ئېلىنىپ ، خەزىنىدارلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى - دە ،
خەزىنە ئىشىكلىرى تاقالدى . باش كاتىپلار پەرمان بويىچە ھېساباتنى مەلۇم
قىلدى ، يۆتكەلگەن خەزىنە مال - مۈلۈكلىرىنىڭ سانى 700 مىڭ تۈمەندىن
ئاشقانىدى .

ئىسكەندەرنىڭ ئەمىر - پەرمانىغا ئاساسەن ، دارانىڭ سىپاھىلىرى ۋە سەردارلىرى ئىچىدىكى مۇيەسسىپەت كىشىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ ، دارانىڭ دىۋانىدا ھەر بىر ئەسكەرگە ۋە سەردارغا بېكىتىلگەن مائاش دەرىجىسى ۋە ئالىدىغان ئاقچا سانىنى سورىدى . بۇ لەشكەرلەر ئىسكەندەر ئالدىدا ناھايىتى تۆۋەنچىلىك ۋە قورقۇنچ بىلەن ئەھۋالنى بايان قىلدى . بېكىتىلگەن ئايلىق مائاشنىڭ پەقەت يېرىمىلا قولىغا تېگىدىغانلىقى ، قالغان قىسمىنىڭ زۇلۇم ۋە مۇشەققەت بىلەن قاقتى - سوقتىغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى . پادىشاھ ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ :

— ئەگەر دارا ئۆزى بېكىتكەن مائاشنىڭ يېرىمىنى بەرگەن بولسا ، بىزنىڭ قائىدىمىز ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت . پۈتكۈل لەشكەرلەرگە دارانىڭ بېكىتكەن مائاشىدىن ئىككى باراۋەر ئاشۇرۇپ ئايلىق تارقىتىلسۇن . بۇ ئارقىلىق لەشكەر ۋە سىپاھىلارنىڭ بېشىدىن قىيىنچىلىق يوقالسۇن ، — دەپ پەرمان چۈشۈردى .

دارانىڭ دىۋانىدىن مائاش ئالىدىغان تۆت يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇنى ۋە ئىككى يۈزمىڭ مەمۇرىي خادىمى بار ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئالتە يۈز مىڭ كىشىگە ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ ئايلىق بەردى. لەشكەرلەرنىڭ مائاشى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇلغان بولسا، پۇقرالارنىڭ زىممىسىدىن ئەسلىدە بار ئالۋان ـ ياساق ۋە باج ـ خىراجنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، يېرىمىنى ئېلىشنى بەلگىلىدى. بۇ ئىشتىن لەشكەرلەر شاد، پۇقرالار خۇشال ۋە باياشات، يۇرتلار ئاۋات بولدى. خەزىنىلەردىن بىر قىسمىنى سىپاھلار ۋە پۇقرالارنىڭ ئالدىغا تۆكتى، قېيىن ئەھۋالدا قالغانلارنى قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى گورۇھتىن قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەر يىراقلاشتى. شۇندىن كېيىن بۇ جاھان شاھى ئىسكەندەر مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

— خەزىنە يىغىش ماڭا مۇناسىپ ئىش ئەمەس. لەشكەرلىرىم ۋە خەلقىم مەندىن رازى بولسا، خوشال بولسا، ماڭا كۇپايە. ئەگەر خەزىنىلەرنى تاغ ـ دەريالاردىن، كانلاردىن، بەلكى بۇ جاھاندىن ئاشۇرۇپ توپلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ئەلگە مەنپەئەت يەتمىسە، بۇنداق خەزىنىلەرنىڭ تاش ۋە تۇپىراقتىن نىمە پەرقى بولسۇن. **نەزمە:**

ئەگەر نەگىنىدىن بولسە مەخزەن يىراق،
دۇرۇ لەئلىدىن خارە كۆپ ياخشىراق.
كىم ئول خارە بىر تاش ئېرۇر بىزەرەر،
ۋەلې كەنجىدىن ئەلگەدۇر يۈز خەتەر.
كىشىنىڭكى بىنەفئ ئېرۇر مەخزەنى،
جاھان ئەھلىدۇر سەربەسەر دۇشمەنى.

ھەر قانداق پادىشاھنىڭ يۇرتى بىلەن لەشكىرى ئاۋات ھەم باياشات

بولسا ، جاھاننى ئاسانلا ئۆز ئىلكىگە ئالالايدۇ . دېمەك ، ئىسكەندەر بۇ دەسمايىگە ئېرىشتى . ئۇ پۈتكۈل خالايىقنىڭ ئۈستىگە لۈتپ مەرھەمەت سايىسىنى سېلىپ ، ئىران خەلقىنى ئۆزىدىن تامامەن رازى قىلدى . ئاندىن جاھان ئاچماقنىڭ تەييارلىقلىرىغا تۇتۇش قىلدى . ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەرنى ، ئالىملارنى تاللاپ چىقتى . بۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسى تۆرلۈك پەنلەردىن خەۋەردار بولغان ، دانىشمەنلىكتە كامالەتكە يەتكەن جاھان پەيلاسوپلىرىدىن ئىدى . ئۇلار نۇتۇق سەنئىتىدە قىلنى قىرىققا يارىدىغان ، تىل تىغىنى ئىشقا سالسا ، شەمشەرۋازلارنى ھايالسىز مۇرەسسە ـ مادارىغا كەلتۈرەلەيدىغان ، سۆز ـ ھېكمەتلەرنى بايان قىلىشقا باشلىسا ، ئۇرۇش خۇمارلارنىڭ يۈزىنىڭ يېغىنىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدىغان ناتىقلاردىن ئىدى . دانىشمەن پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن مەملىكەتكە ئەلچى قىلىپ تەيىنلەندى . ئۇلارنىڭ بىرى ساقلاب شەھىرىگە ، بىرى ھىندىستانغا ، بىرى چىن شەھىرىگە ، يەنە بىرى بەيتۇل ـ ھەرەمگە ، يەنە بىرى كەشمىرگە ، يەنە بىرى مىسىر ۋە باغدادقا بېرىشقا تەيىنلەندى . ھەر بىرىنىڭ قولىغا بىردىن مەكتۇپ تۇتقۇزۇلدى . ھەر بىر مەكتۇپتا چىرايلىق سۆزلەر ۋە كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان مەزمۇنلار قەيت قىلىنغانىدى . بۇ مەزمۇنلار مۇنداق بايان قىلىنغانىدى :

« بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن . ئۇنىڭ زاتى بىلەن پەلەكلەر تۈۋرۈكسىز ، تىنك ۋە پاك ھالەتتىدۇر . ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىشتا قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تىلى كېكەچتۇر . ئۇنىڭ قەدىمىيلىكى شۇ قەدەر چەكسىزدۇركى ، باشلىنىشى يوقتۇر . ئۇنىڭ ئەبەدىيلىكى شۇ قەدەر ئۇزۇندۇركى ، ئاخىرى يوقتۇر . پەقىرلەرنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن خەۋەرداردۇر . ئۇ بارلىق شاھىنشاھلارنىڭ شاھىنشاھىدۇركى ، دەۋرانىنىڭ دارالىرى ئۇنىڭ ئالىي دەرگاھىنىڭ پەرمانىغا مەھكۇمدۇر . ئۇ شاھلارنى سەلتەنەت مەيدانىدىن

ئايرىسا ، رەت قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ، گادايلارنى پادىشاھ قىلسا ، قوبۇل قىلماسلىققا ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يوقتۇر . خوش ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە شۇكى ، بارلىق پادىشاھلار قازاغا رازى بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىغاي . مېنى 《 ئىسكەندەر 》 دەپ ئاتىشىدۇ . يەتتە ئىقلىمنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرۇش مېنىڭ سۈپىتىم ۋە خۇسۇسىيىتىمدۇر . سېنى 《 خاقانى چىن 》 دېيىشىدۇ . تۇران زېمىنى سېنىڭ مەملىكىتىڭ ، تۇرانىيلار بولسا ، سېنىڭ لەشكەر ۋە پالۋانلىرىڭدۇر . سەن شۇنى بىلگىنكى ، بۇ ئالەمدىكى بار ـ يوق مەۋجۇدلۇقنى تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن سىرت بىرەرسى تەدبىر ئىشلىتىپ ئۆزگەرتەلمەيدۇ . تەڭرى گادايلارغا تاجۇ تەخت بېرىپ ئۇلۇغۋار قىلالايدۇ . پادىشاھلارنى گاداي قىلىشمۇ ئۇنىڭ قۇدرىتىدۇر . شۇڭا بارلىق پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ئۇنىڭ مەرھەمىتىدىن دەپ بىلىپ قازاغا رىزا بولۇشى ،پۈتكۈل گادايلارمۇ ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە قانائەت قىلىپ ، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىشى لازىم ، ئۇنىڭ ھەرقانداق پەرمانى ئاشكارا بولسا ، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ھېچكىمنىڭ ھەددى ۋە ھوقۇقى ئەمەس . ھازىر تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ماڭا جاھاننىڭ ھەممىسى تەقسىم قىلىندى ، شۇڭا بۇ ئىشلىرىمدا تەڭرى ماڭا ئۆزى مەدەتكار بولماقتا . بۇنداق قىلىش مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدۇر . دەسلىپىدىلا ئىقبال يۈزلىنىپ ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئاتا قىلدى . ئاتام رۇم مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئىدى . ئاتام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئەلگە باش بولدۇم . مەن ئىلىم ـ ھېكمەتتىن خەۋەردار بولغانلىقىم ئۈچۈن بېشىمدا شاھ بولۇش ئارزۇسى يوق ئىدى .تەڭرى ماڭا بۇ ئىشلارنى ئەزەلدە نېسىۋە قىلغان بولغاچقا ، مېنى ئىختىيارىمغا قويمىدى . بۇ ئىشقا قوشۇلمىسام خەلقىممۇ ماقۇل كەلمىدى . ئەمرى ئىلاھىنىڭ ئىلھامىدىن ھەممە ئىشقا قورقماي قول سالدىم . ئالدى بىلەن ماجىرا تۈزۈپ ، زەڭگىبار خەلقىنىڭ كۆڭلىنى قارا قىلدىم . ئاندىن جەڭ

دۇمباقلىرىنى چالغان هالدا يۈرۈش قىلىپ، بەرتاس ۋە رۇس ئېلىنى ھۆكمىمگە كىرگۈزۈپ ۋە توختىماستىن بېرىپ پەرەك دىيارلىرىنى ئالدىم. يەنە كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق دارانىڭ ئېلىنى قولۇمغا كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئېرىشتىم. بۇلارنى ماڭا تەڭرى ئاتا قىلدى. بەخت-تەلەي ماڭا يۈز ئاچتى. قاياقا يۈرۈش قىلىپ، جەڭ ئىشلىرىنى باشلىسام، شۇ يەردىكىلەرنىڭ چاڭ-توزانلىرىنى ئاسمانغا چىقاردىم. بۈگۈن ئىران مەملىكىتى ماڭا تەۋە بولدى. ھەممە شاھلار پەرمانىمدا بولدى. دارانى شاھلار شاھى بىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلغان گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ، دەرگاھىمغا باش قويۇپ، ماڭا قۇل بولۇشنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارغا ھەددى-ھېسابسىز ئىنئام، ئېھسانلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئەل ئىچىدە ئەزىز ۋە مۆتىۋەر قىلدىم. ساڭىمۇ ئەگەر بەخت-تەلىيىڭ مەدەت بېرىدىغان بولسا، ئورنىڭدىن تۇرۇپ، پەلەك سۈپەت ئاستانەمگە كەلگىن، قانداق پەرمان قىلسام، سۆزلىرىمنى ئۇلۇغ دەپ بىلگىن. بوسۇغامدا باش قويۇپ، ئايىغىمنى سۆيگىن. ساڭا ۋە بارلىق تاۋابىئاتىڭغا ئىنئام-ئېھسان قىلىپ، مۇرەسسە-مادارا بىلەن لايىقىڭدا ئىززەتتىڭنى قىلىمەن. سېنى شاھلىق ئىچىدە ئۇلۇغۋارلىقتا سازاۋەر قىلىپ، مەرھەمەتلەر بىلەن ئەزىزلەيمەن. مۆھۈرلۈك خەت بىلەن پۈتۈن ئېلىڭنى ساڭا بىردەك تەۋە قىلىپ بېرىمەن. دۈشمەنلىرىڭگە دۈشمەن بولۇپ، سېنى بۇ دەۋرانىنىڭ ئاپەتلىرىدىن قوغدايمەن. ئەگەر سەن بىر زۆرۈرىيەت ياكى سەۋەب بىلەن كېلەلمەيدىغان، ئاستانىمىزنى تاۋاپ قىلىشقا ئىلاجسىز بولۇپ قالغان بولساڭ، مۇۋاپىق ئۆزرىخاھلىقىڭنى بىلدۈرۈپ، ئوغلۇڭ بىلەن ئىنىڭنى ئەۋەتكىن، ئۇ ئىككىسىنى ئەۋەتەلمىسەڭ، بىرىنى ئەۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. ئەۋەتكەن ئادىمىڭ دانا ۋە ھوشيار كىشى بولسۇن. ئۇ سېنىڭ ئىشەنچلىك ۋەكىلىڭ سۈپىتىدە سوۋغا-سالام ۋە پېشكەشلىرىڭنى ئېلىپ كېلىپ،

مېنىڭ دەرگاھىمدا قۇللاردەك يەر ئۆپۈپ، سېنىڭ قۇللۇقۇڭنى ئىزھارقىلسۇن. سېنىڭ ئۆزرەڭنى ۋە مەقسەت مۇددىئايىڭنى بايان قىلسۇن. ھەر قانداق مۇرادىڭ بولسا، ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ، سېنى ئارزۇيۇڭغا قاندۇرىمەن. ئەگەر ئىتائەت قىلماي، جاھىللارچە يول تۇتۇپ، دۈشمەنلىك ۋە گۇناھكارلىقنى ئىختىيار قىلساڭ، ئۇ ھالدا بېشىڭغا بۇ تەتۈر پەلەكتىن نېمە كۈن كەلسە، ئۇنى ئۆزۈڭدىن كۆرگىن. ساڭا قولۇمدىن نېمە كەلسە، مەندىن ئاغرىنما، مېنىڭدىن مېھرىبانلىق ۋە مۇرەسسە ـ مادارا كۆزلىمە. قالغان سۆزلەرنى ئەلچى بايان قىلىدۇ، شۇندىن بىلەرسەن، نامە تامام، ۋەسسالام.»

يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى خەتلەر ھەربىر ئەلچىنىڭ قولىغا بېرىدىن تۇتقۇزۇلدى. ئۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەربىرى ئۇستا سۆزمەن ۋە دانىشمەنلەردىن بولۇپلا قالماي، يەنە ماھىر كارۋانلاردىن ئىدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يۈرۈش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشتى. ھەربىر پادىشاھ بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، ئەلچىلەرگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكراملارنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى شاد قىلدى. مەكتۇپلارنى قوللىرىدىن ئېھتىرام بىلەن ئېلىپ، كۆزلىرىگە سۈرتتى. ئاندىن مەكتۇپنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتى. لايىق سوۋغا ـ سالام ۋە پېشكەشلەرنى تەييارلاپ، باشقا ئېھتىياج ۋە شەرتلەرنىمۇ ئورۇنداپ، قاسىدلار بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا بېرىشتى، ئەمما، ئۈچ پادىشاھ يولدىن ئېزىپ ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھە قىسما سۆزلەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىنى رەت قىلدى.

ئۇ ئۈچ پادىشاھتىن بىرى كەشمىر شاھى مەللۇ ئىبنى ھەباك ئىدى. ئۇ قورقماستىن مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـــ ئىسكەندەر گەرچە ئالەمنىڭ شاھى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ مەملىكىتىم ئالەمدە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىزدۇر. تەگرى ماڭا ئۈچ ئارتۇقچە-

لىقنى نىسىپ قىپتۇ. بۇ ئۈچىنىك بىرى، بۇ شەھەر ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە
پوختا، ئۇنىڭ ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. تاغلار ئىنتايىن ئېگىز، سې-
پىللىرىمۇ ناھايىتى ئېگىز ۋە پوختا. سېپىل چۆرىسىگە قانال قېزىلىپ سۇ
تۇشقۇزۇلغان. ئىككىنچىسى، ئەگەر پەلەكتىن بالا - قازا ياغسا، ھەر بىرى
بىر ئەپسۇن بىلەنلا بىر يۇمران كۆچۈكنى بىر ياۋايى شىردەك قىلىپ ياساپ،
جاھان خەلقىگە كۈچ ۋە ھەيۋەت، ھەشەمەت كۆرسىتەلەيدىغان ماھىر
جادۇگەرلىرىم بار. ئەگەر ئىسكەندەر ئالەم خەلقىنى يىغقان تەقدىردىمۇ، مې-
نىڭ ئادەملىرىم سېھرىي - جادۇ ئارقىلىق ئاپەت بورانلىرىنى پەيدا قىلىپ،
شۇنداق قوزغىلاڭ پەيدا قىلىدۇكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى قارا بوراندا
قالغان سامانىدەك سورۇلۇپ، يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ. ئۈچىنچىسى
شۇكى، ئەگەر ئىسكەندەر دۈشمەنلىك قىلىپ، شىددەت بىلەن دىيارىمىغا
بېسىپ كىرىپ، غەلىبە قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەردىن سالامەت چىقىپ كې-
تەلمەيدۇ. چۈنكى، شەھىرىمدىكى ئېگىز تاغنىڭ تۆپىسىدە بىر قەلئە بار، ئۇ
قەلئەنىڭ سېپىللىرىنى قەدىمدە ياشىغان ئىلىم - ھېكمەت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي
مىستىن ياساپ چىققان ۋە تىلسىم بىلەن بەرپا قىلغان. شەھىرىم ئىچىدىن
تاكى شۇ قەلئە ئىچىگىچە لەخمە ئارقىلىق ياسالغان يەر ئاستى يول بار. شۇ
يول بىلەن مېڭىپ قۇيۇندەك تېزلىكتە ئاشۇ قورغان ئىچىگە كىرىۋالغىلى
بولىدۇ. قورغانغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ لەخمىنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم
ئېتىۋېتىپ، ئىككىنچى قېتىم زادى ئاچمىسا، شەھەر ئوتتەك قىزىپ كېتىدۇ.
ھارارەت ئىچىدە بارلىق جانلىقلار ھالاك بولىدۇ. شەھەردە شامال توختاپ،
بۇرۇختۇملۇق ئەۋجىگە چىقىدۇ. ھەر قانداق جان ئىگىسى بۇ خىل ھالەتكە
تاقەت قىلالمايدۇ. شامال يوقالغاندىن كېيىن شەھەردە ئوتمۇ يوقىلىدۇ. دېمەك
ھاجەت ئەمەسكى، ئوت بولمىسا، ئادەم يېمەك - ئىچمەكنى قانداق تەييار قى-
لىدۇ؟ بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەممە كىشى ھالاك بولۇشقا ۋە ياكى

زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بۇ شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەللۇ ئەلچىگە يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىپ يولغا سالدى.

پەرمانىنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ يەنە بىرى ھىندىستان پادىشاھى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى شاھى راي ئىدى. ئۇ ئەلچىلەرگە مۇنداق دېدى:

— ئىسكەندەر بولسا ئۇلۇغ پادىشاھتۇر. مەن ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلىمەن. بىراق، دارا ئىسكەندەر تەرەپكە يۈرۈش قىلغان چاغدا، تەكلىپنامە يېزىپ، بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مېنىمۇ دەۋەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ يولغا ئاتلاندىم. ئارىلىق ناھايىتى يىراق بولغاچقا، ئىككى يىللىق ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە خەج - خىراجەتنى خەزىنەمدىن ئېلىۋالدىم. لەشكەرلەرگە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە خىراجەت بەردىم. شاھ دارانىڭ بارگاھىغا يېتىپ بارغىنىمدا، جەڭ ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغانىكەن. توساتتىنلا ئىسكەندەرنىڭ بەخت - تەلىيى دارانى پەسلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەجەل قىلتىقىغا ئىلىندۇردى. ئىسكەندەرنىڭ ئىقبال ۋە مەرتىۋىسى كۆكلەرگە قاراپ ئۆرلىدى. بىزلەرمۇ باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا ۋە تاغلاردىن ئۆتۈپ كەلگەندۇق. يىراق يوللارنى بېسىپ كەلگۈچە نۇرغۇن لەشكەرلىرىمگە تالاپەت يېتىپ ھالاك بولدى. پەلەكتىن بىزلەرگە ھەددى ھېسابسىز بالا - قازا ۋە زۇلۇم - سىتەملەر يەتكەنىدى. ساق - سالامەت يېتىپ بېرىپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان لەشكەرلىرىممۇ دەرد - ئەلەم ۋە شەرمەندىلىككە مەھكۇم بولدى. ئۇلار ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ساق قالغانلىرى باشتىن - ئاياغقىچە بەند باغلاقلارغا چۈشۈپ تۇتقۇن قىلىندى. ئەركىن، ئازادە كىشىلىرىم ھەش - پەش دېگۈچە قۇللارغا ئايلىنىپ، شاھزادە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ تىزگىنى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. مەن شۇندىن كېيىن نەچچە ئاي باياۋانلارنى كېزىپ، ھېسابسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاران دېگەندە يۇرتۇمغا ئۆزۈمنى ئالدىم. لەشكىرىم ناھايىتى كۆپ تالاپەتلەرگە ئۇچراپ، ئاران ئوندىن بىر قىسمىلا

قايتىپ كېلەلىدى. بۇ سەۋەبتىن يۇرتۇمدا ئاجايىپ بىر ئىغىر ئەھۋال يۈز بەردى. يۇرت ئەھلىنىڭ ھەممىسى ماتەم تۇتۇپ، قارىلىق كىيدى. ھىندىستان ئەھلىنىڭ رەڭگى ئەسلى قارا ئەمەس ئىدى، مۇشۇ قارا قايغۇ تۈپەيلىدىن قارىلىق تۇتۇپ، ھەممەيلەننىڭ رەڭگى قارا بولۇپ كەتتى. ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلمايمەن دېيىشكە ھەددىم ئەمەس، لېكىن بېشىمغا بۇنداق ئىغىر كۈلپەت ۋە قايغۇ - مۇسىبەت چۈشۈپ تۇرغان كۈنلەردە ئۇنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداشقا ئىلاجىسىزمەن. ئۇنىڭ ھۆكمىنى جان - دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن. بىراق، دەرھال ئورۇندىمىدى دەپ مېنىڭ قېنىمنى تۆكۈشنىڭ پېيىغا چۈشمىسۇن. بۇگۈندىن باشلاپ، ئىككى - ئۈچ يىلغىچە تەخىر قىلسۇن. قاچانكى يۇرتۇمغا تىنچ - ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك يۈزلەنگەندە، ئۇنىڭ بۇيرۇغان نەرسىلىرىنى كۈچۈمنىڭ بارىچە تەييار قىلىپ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بارىمەن. ئۇنى كۆرۈشكە مېنىڭمۇ بەك ھەۋىسىم بار. ئىككى - ئۈچ يىل تاقەت قىلماي مېنى ھەرەجگە سېلىپ، تەكلىپ قىلىۋەرسە، ئۇ چاغدا ماڭا ناھايىتى كۆپ ئاۋارىگەرچىلىك ۋە قىيىنچىلىق تېپىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىسكەندەر كەڭچىلىك قىلىپ، ئەرزىمنى قوبۇل قىلمىسا، تەڭرى ئەزەلدە نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا، شۇنى كۆرىمەن. ئىسكەندەرنىڭ بۇيرۇقى تەقدىرنىڭ ھۆكمى ئەمەس. ئۇ گەرچە پادىشاھى مەجازىي بولغان بولسىمۇ، ئەمما پادىشاھى ھەقىقىي ئەمەس. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھۆرمەت قىلىۋاتقان بولغاندىكىن، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلىشى لازىم.

راي يۇقىرىقى جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، ئەلچىنى ئۇزىتىپ قويدى.

پەرمانغا ئىتائەت قىلمىغانلارنىڭ يەنە بىرى چىن خاقانى ئىدى. ئۇ ئۆزگىچە تەلەپپۇز بىلەن ئەلچىگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ئىسكەندەرنىڭ ئەۋەتكەن بۇ مەكتۇپى زەھەردىن ئاچچىق، قىلىچتىن ئىتتىك تەلەپپۇزدا يېزىلىپتۇ. بۇ جانابىي ئەلچىلەرگە بۇ خەتنى يې-

زىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىدا يا ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان، ياكى ئالدىراپ
كېتىپ، سۆز - ئىبارىلىرىنى ئويلىماي، دەڭسەپ باقمايلا يېزىپ قويغان
ئوخشايدۇ. لەشكىرىم كۆپ، خەلقىم باياشاد، ئۇنىڭدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكىم
يوق. ئۆزىگە تەۋە بولمىغان بىر پادىشاھقا بۇنداق تەلەپپۇزدا مەكتۇپ يېزىش
ھېچقانداق رەسىم - قائىدىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. مۇنداق ئەھۋال كى-
تابلاردىمۇ ئۇچرىمايدۇ. ئىسكەندەر خېتىدە ئۆزىنى « ھېكىم ۋە دانىشمەن »
دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، پەخىرلىنىپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا بولغان
بولسا، بۇنداق سۆزلەرنى دېمىگەن بولاتتى، چۈنكى بۇنداق تەلەپپۇز بىلەن
مەكتۇپ يېزىش ئەقلى - ھوشى بار كىشىلەرگە زادى مۇناسىپ ئەمەس. يەنە
تېخى « خاقانى چىن ئالدىمغا كەلسۇن » دەپتۇ. ماڭا بۇنداق سۆزنى قىلىشقا
بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ پېتىنالمايدۇ. دارامۇ بىر نەچچە ۋاقىت جاھاندارلىق
قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا دوستلۇق، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى
بار ئىدى. بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدۇق. ئۇ ھېچقاچان ماڭا
قارشىلىق ۋە دۈشمەنلىشىشنى قوزغايدىغان بۇنداق تەكلىپنى قويۇپ باقمىغا-
نىدى. ئىسكەندەرنىمۇ ئىككىنچى دارا دەپ بىلىپ، جاھان مۈلكىنىڭ
شاھلىرىدىن بىرى دەپ قارايمەن. بىراق، ئۇ چىن مەملىكىتىنىڭ باشقا بىر
جاھان ئىكەنلىكىنى بىلمەي قاپتۇ. شۇڭا ئالدىراپ - تېنەپلا يېزىپ ئەۋەتكەن
بۇ مەكتۇپىغا ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمەيمەن. ئۇ گەرچە خېتىنى ناھا-
يىتى قاتتىق - يىرىكلىك بىلەن يازغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنداق
قىلمايمەن. ئەگەر ئۇ دارادەك قائىدە - يوسۇن بىلەن سۆز قىلغان بولسا،
ئەلۋەتتە، سۆزلىرىگە خېرىدارلىق قىلغان بولاتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ خىيالى
مۇشۇ مەكتۇپىدىكىدەك بولىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مىجەزى - خۇلقىنى نور-
مالراق تۇتمىسا، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن جەڭگى - جېدەلدىن باشقا ئىشنى
قىلمايمەن. ئۇ قەيەردە جەڭ مەيدانى تۈزسە، مەنمۇ شۇ يەرگە يۈرۈش قى-

لىپ ، تۇتۇشىمەن . ئەگەر دىيارىمغا لەشكەر تارتىپ كەلسە ، شەھەر دەرۋازىسىنى يېپىپمۇ قويمايمەن . سىپاھلىرىم بىلەن بۇ ئاسمان ئاستىنى چاڭ ـ توزانغا تولدۇرۇپ ، ئىسكەندەر بىلەن يۈزمۇ يۈز ئېلىشىمەن .

ئەلچى چىن خاقانىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ قايتىپ كەتتى . يۇقىرىقى ئۈچ پادىشاھقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېيتقان جاۋابلىرىنى ئېلىپ ، ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلدى ـ دە ، ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . باشقا پادىشاھلار تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ ، ئىسكەندەردىن ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆردى . ئىسكەندەر نەچچە قېتىملاپ ، شاھانە مەجلىسلەرنى تۈزدى . شاراب ۋە نەغمە ـ ناۋالار بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈللىرىنى ئالدى . ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ھەممىسىنىڭ دىلىنى شادلىققا چۆمدۈردى . بىراق يۇقىرىقى ئۈچ پادىشاھنىڭ جاۋابى خىيالىدىن كەتمىدى . گەرچە ئۇ كۆرۈنۈشتە ئەيش ـ ئىشرەت بەزمىلىرىنى تۈزۈپ ، كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىدە ئاشۇ ئۈچ پادىشاھنىڭ ئىشلىرىنى ئويلايتتى . ئەمما ، قىش پەسلى يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا ، سىرتقا لەشكەر تارتىشنى توختىتىپ ، مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى .

نەزمە :

مەي ئىچكەندە چىنى ئاياغى ئالىپ ،
دېگىل سۈرەت ئالدىمدا چىنى چالىپ .
نەۋائى سۇمۇر بادەئى جان فەزاي ،
كى قالمىش نە مەللۇ نە خاقان نە راي .
بۇ مەئنىغە خەت دەۋرى ساغەردەدۇر .
ئۇلاردىن دېمە سۆز ، سىكەندەردەدۇر .
يوق ئىسكەندەرى ئالەم ئارادا بەھىس ،
ئېرۇر بەلكى خىزرۇ مەسىھادا بەھىس .

## مەجنۇننىڭ ھېكايىتى . مەجنۇن قىش كۈنىنىڭ ئۇزۇن ۋە قاراڭغۇ تۈنىدە شامال
## كارۋانلىرىدىن لەيلى چېچىنىڭ ئىپار كەبى پۇراقلىرىنى ھىدلىغان ھالدا
## ئىز بېسىپ كەلمەكتە ئىدى . بەخت پەردازچىسى ئاخىر
## مۇراد رىشتىسىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ
## قولىغا تۇتقۇزدى

مۇنداق بىر ئەپسانىنى ئاڭلىغانىدىم :

بىچارە مەجنۇن قىش ــ ياز دېمەستىن ھەمىشە چۆل ــ جەزىرىلەردە سەرسان بولۇپ يۈرەتتى . ھاۋا قىزىغاندا ئۇ يۈرگەن چۆل دوزاختىن بىر نەمۇنە بولۇپ قالاتتى . بىراق مەجنۇننىڭ شۇنداق ئادىتى بار ئىدىكى ، سايىدا تۇرمايتتى . ئۇ چۆلدە سايىمۇ تېپىلمايتتى . ئەگەر قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرى دەشتكە يامرىسا ، ئۇ يەنىلا يۈرتىغا قايتمايتتى . ياكى ئىسسىنىش ئۈچۈن بىرەر گۈلخان تەرەپكىمۇ مەيلى تارتمايتتى . ئۇنىڭ پۈتكۈل مايىللىقى لەيلى تەرەپتە ئىدى . لەيلى قەيەردە بولسا ، ئۇنىڭ مەيلى شۇ ياققا تارتاتتى ، ئۇ خۇددى تاڭ شامىلى گۈل تەرەپكە يۈرگەندەك جان ــ جېنىدىن دەردمەنلەرچە نالە ــ پىغانلار چېكىپ ، لەيلى تەرەپكە قەدەم قوياتتى . بىر يىلى قىشتا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولدى . مەجنۇن قۇيۇندەك پىرقىراپ يۈ-رۈپ ، لەيلى تەرەپكە يېقىنلاپ قالدى . بۇ چاغدا گوياكى بۇلبۇلغا گۈلزارنىڭ پۇرىقى كەلگەندەك ، ئۇنىڭ دىمىقىغا لەيلىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى ، بۇ چاغ قارا تۈن بولۇپ ، شامال ئۇنىڭ دىمىقىغا يارىنىڭ پۇرىقىنى كەلتۈرگەنىكەن . مەجنۇن شۇ ھامانلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، قەدەملىرىنى ئۇرۇپ ، لەيلىنىڭ ئىشكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ ئىشككە تېگىش بىلەنلا ئىشىك ئېچىلدى . كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ، ئۆي ئىچىدە لەيلى ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ جامالى قارا تۈندە تۇغقان قۇياشتەك پارلاپ تۇرۇپتۇ . بۇ چاغدا ھەيرانلىق ۋە ئىشتىياق ئۇنىڭ جېنىغا قىيناقلارنى سالدى . تاقەتسىزلىك ئۇنى خاراب قىلدى . ئۇ لەيلىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا باش قويۇپ ، ئىككىلا ئالەمدىن ئىككىلا كۆزىنى يۇمغان ھالدا ياتتى . لەيلى بۇ ئەھۋالنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ ،

ھۇجرىسىدا ئۇنى پىنھان ساقلىدى . كىشى ئەقلى ـ ھوشىنى نەرك ئەتكەندە بۇنداق مۇرادىغا يېتىدىغان بولسا ، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ھوش دېگەنلەر ھارام بولسۇن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشقنىڭ كارامىتىدۇر . ئىشق ـ مۇھەببەت ئىن-چىدىلا مۇشۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىدۇ . ئىشق ـ مۇھەببەت بولمىسا ، بۇنداق ئىشلارمۇ بولمايدۇ . نەزمە :

نەۋائىغە ، يا رەب ، قەرىب ئەت ئانى ،
قەرىب ئەتتىنىڭ ئېرسە نەسىب ئەت ئانى .

ئەي تەڭرىم ، بۇ ناتىۋان موللا سىدىققىمۇ ھەقىقىي ئىشقتىن نېسىۋە ئاتا قىلغايسەن . ساخاۋەت داستىخىنىڭدىن ئۇنى نېسىۋىسىز قويمىغايسەن .
رۇبائىي :

ئەگەر چەندىكى بولسام ئاجىزۇ خار ،
ئۇمىدىم بار كى لۇتفۇڭدىن تاپىپ يار ،
ئەدۇلار كىم نەزەر تاپسە كەرەمدىن ،
مۇھىبلارغە ئۇمىدى مەغفىرەت بار .

**ھېكمەت . ئىسكەندەر ئەرەستودىن : قىش پەسلى سوغۇقنىڭ كۆپلۈكى ۋە قار-شۇۋرغانلىرىنىڭ شىددىتى بىلەن تارقاقچىلىقا ۋە ئىلاجسىزلىققا سەۋەب بولىدۇ . شۇنداق بولۇشقا قارىماي ، يەنە نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇشتار ،كۆڭۈل نېمىشقا ئۇنىڭغا مايىل ؟ دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ، ئەرەستو ھېكىمنىڭ جاۋابقا ئېغىز ئاچقانلىقى ۋە ھېكمەت بۇلۇتلىرىدىن ئۈنچىلەرنى چاچقانلىقى**

ئىسكەندەر ئەرەستوغا مۇنداق سوئال قويىدى :
— قىش پەسلىدە ئادەملەر قانچىلىغان دىشۋارچىلىق ۋە مۇشەققەت-لەرگە دۇچ كېلىدۇ . ئۇلاردىن بىرى شۇۋرغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئەلگە ھەرج

ۋە قىيىنچىلىق يېتىدۇ .يەنە بىرى سوغۇق كۆچىيىپ ، كىشىلەرنى ھالاكەتكە قىستايدۇ . يەنە بىرى ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇششۇك بىلەن قار- چاپقۇن پەيدا بولىدۇ . ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلمىغاندا ،خالايىقنىڭ تەبىئىتى ۋە جىسمى ئېغىر ئازاب ۋە دىشۋارچىلىققا دۇچار بولىدۇ . خوش ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، نېمە سەۋەبتىن كىشىلەر يازدىن قىش پەسلىگە بەكرەك مايىل ؟ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە بۇ مۇشكۇل ئىشنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ، بۇنىڭ سىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلغايسەن .

دانا ھېكىم ئەرەستو بۇ مەسىلىگە ئۆزگىچە قىياس ۋە مۇلاھىزە بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى :

بۇ ھېكمەتنىڭ سىرى شۇكى ، خالايىقلارنىڭ قىشقا مايىل بولۇشى مۇنداق بەش تۈرلۈك ئىشنىڭ بولغانلىقىدىندۇر . بىرىنچى ئىش ، قىشنىڭ ھاۋاسى ھۆل سوغۇق بولىدۇ . ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە ، ياز پەسلىدە تاڭ شامىلى ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ مىجەزىگە قۇرۇق ئىسسىقنى ئېلىپ كېلىپ ، بەدەننى ھارارەتكە سالىدىكەن . ھۆل سوغۇق بولسا ، بۇ خىل مىجەزنى تەڭشەپ نورماللاشتۇرىدىكەن . يەنە بىر ئىش شۇكى ، كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئوتتۇراھال دەرىجىدە بولغاندا ، ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەت ۋە راھەت ـ پاراغەتنى خالاپ قالىدۇ . دانالار نەزەرىدە شۇ نەرسە ئېنىقكى ، ئەيش ـ ئىشرەت ، بەزمە ـ مەشرەپ تۈزۈش ئۈچۈن قىش پەسلى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر . كۈندۈزلىرى قار ـ يېغىنلاردا كىشىلەر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، كۆڭۈل ئاچىدۇ . قىش كېچىلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشمۇ راھەت ـ پاراغەت ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق . ئۇزۇن كېچىلەر بەزمە ـ مەشرەپكە ، ياكى شېرىن سۆھبەتكە ناھايىتى لايىقدۇر . بۇلاردىن توختىغاندىن كېيىن ، كىشىلەر تىنچلىنىپ ، سۈكۈنات ئىچىدە ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ . ئۇخلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا كىشىلەرنىڭدىماغلىرى مەي ـ شاراب بىلەن نەمخۇش بولىدۇ ، شۇندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى ئۇيقۇغا مايىل بولىدۇ . ئۆز ۋاقتىدا ۋە يېتەرلىك ئۇخلىغاندا بەدەن ساغلام بولىدۇ . ئۇيقۇ بىلەن كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى شادلىققا چۆمىدۇ ، پۈتكۈل ئەزالىرىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ .

ئۈچىنچى ئىش شۇكى، ھۆپىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىگە دەسمايە تۇپلاش ئۈچۈن، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئۇيقۇدىن قوپۇپ، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۆتىنچى ئىش شۇكى، ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىلگەن ۋە يول تاپقان ئالىملار كۈندۈزى ئىلىم تەھسىل قىلىشنى كۆڭلى تارتمىسا، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە چىراغلىرىنى ياندۇرىدۇ - دە، كېچىنىڭ ئىككى بېشىدا ئىلىم مۇتالىئە قىلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاپ مېڭىسىنى دەم ئالدۇرىدۇ. بەشىنچى ئىش، تەقۋادار ئىزدىگۈچىلەر قىش كۈنلىرى ئۇيقۇنى، يېمەك - ئىچمەكنى تەرك قىلىپ، ئىبادەت قىلىش بىلەن، كىشىلەر كۆزلىرىدىن پىنھان جايدا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. جاھان ئۇلارسىز روناق تاپالمايدۇ. ئۇلار قارا تۈنلەردە تائەت - ئىبادەت قىلىدۇ. ئالەمگە ئۇلاردىن يورۇقلۇق يېتىدۇ. بۇنداق تۈنلەر قانچە ئۇزۇن بولسا، يورۇقلۇقتا شۇنچە تۈرتكە ۋە سەۋەب بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر نەچچە خىل ئىشلار سەۋەبىدىن ئالەم ئەھلى قىشقا مايىل بولغان بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ قىشقا خۇشتار بولۇشىنىڭ بائىسمۇ مۇشۇدۇر.

ئۇ پاراسەتلىك ھېكىم سۆزدىن توختىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ جاۋابىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، ئاپىرىن ئېيتتى.

**ئىسكەندەرنىڭ جاھانگىرلىك مۇددەئاسى بىلەن يۈرۈش قىلىپ، خۇراسانغا**
**كەلگەنلىكى ۋە ھىرات ( تەڭرى بۇ شەھەرنى بالا - قازا ۋە ئاپەتلەردىن ئۆز پاناھىدا**
**ساقلىغاي ) شەھىرىنى بىنا قىلغانلىقى، ئاندىن ماۋەرائۇننەھىرنى ئېلىپ، جەننەت**
**كەبى سەمەرقەندنى سېلىپ، كەشمىر تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكى، كەشمىر سېھىر-**
**گەرلىرىنىڭ سېھرى - جادۇلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇسا پەيغەمبەردەك زور**
**كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغانلىقى، سېھىرلەنگەن قەلئەلەرنى ئاپئاق**
**قوللارنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن بۇزۇپ، مەللۇنىڭ بېكىنىۋالغان**
**تىلسىم قورغىنىغا يۈرۈش قىلغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ**
**ئاخىر كەشمىر شەھىرىنى ئالغانلىقى**

تارىخچىلار بۇ ماجىرانى شەرھلەپ، مۇنداق داستان تۈزدى:

ۋاقىتىدىكى، ئىسكەندەر قىشلاقتا قايتىپ، قاراباغ ئىچىدە ئارام ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر- خىيالى جاھانگىرلىك بىلەن ئالەمنى ئۆز ئىلىكىگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىيال ئۇنىڭ بېشىدىن كېچە - كۈندۈز يىراق ئەمەس ئىدى. دائىم ئالىملارنى يىغىپ، مۇشۇ ئىشنى ئورۇنداشنىڭ پىلان ۋە مەسلىھەتلىرىنى قىلاتتى، چارە - تەدبىرلىرىنى كېڭەشەتتى. تەڭرىنىڭ تەقدىرىمۇ ئۇنىڭ تەدبىرىگە ماس كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بارلىق كېڭەش - مەسلىھەتلىرى پۈتكەندىن كېيىن، قوشۇننىڭ ياراق - جابدۇقلىرىنى ھازىرلىدى، لەشكەر ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلدى. ئاندىن تەڭرىدىن مەدەتكارلىق تىلەپ، پۈتۈن ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇردى. كۆڭلى قانغۇدەك پاراغەت سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، لەشكىرىي يۈرۈشنى باشلىدى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ،ئەرس دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى ئورمانلارنى بويلاپ ئۇزۇن يوللارنى باستى. باھار كېلىپ، قۇياش ھەمەل بۇرجىغا يۆتكەلگەندە، ئىسكەندەرمۇ قۇياشقا ئوخشاش دەشت ئىچىدە بارگاھ تىكتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى دەشت ئىچىدە گوياكى پايانسىز كۆكلەمدىكى كوكاتلاردەك سانجاق تۇرۇپ كەتكەن، ئۇلار پۈتۈن جەزىرىنى قاپلىغانىدى. ئۇلار ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن، ياخشى سائەتنى تېپىپ، سائەدەت بىلەن ئۆز بارگاھىنى يۆتكىدى - دە، ئىسپاھان شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى، ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ خۇراسانغا يۈزلەندى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا پۈتكۈل ئىران زېمىنىنى ئۆز ھۆكمىگە قاراتتى. خۇراساننىڭ ھاۋاسى ئۇنىڭ مىجەزىگە ناھايىتى ماس كېلىپ ياراشتى. چۈنكى ئۇ ئەل باشقا ئىقلىملاردىن كەڭرى ۋە ئېگىز ئىدى. ئىسكەندەر بۇ يەرنى كۆرۈپ، ھەر تەرەپنى ساياھەت قىلدى. بۇ يەرنىڭ كەڭ دالاسى، بۇلاقلىرى ۋە زۇمرەتتەك ئېقىنلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىكى چاڭ - توزانلارنى يۇيۇپ، پاك - پاكىز قىلدى.

بۇ دىيارنىڭ تۆت دەرياسى بار بولۇپ ، بۇ دەريالارنىڭ شاۋقۇن ـ
سۈرەنلىرى پەلەك گۈمبىزىنى قاپلىغانىدى . بۇ يەرلەر جەننەت كەبى گۈزەل
ۋە باياشاد ئىدى ، ئېقىن سۇلىرىمۇ جەننەت ئېرىقلىرىدىن نەمۇنە ئىدى .
بۇلاردىن بىرى ھىرمەند دەرياسى ئىدى ، ئۇنىڭ ھەربىر تامچىسى يۈزلىگەن
ئاغرىقلارغا شىپا ئىدى . ئۇنىڭ ئېقىنلىرىدىن زابۇلىستان دىيارى خۇددى گۈ-
لىستاندەك زىننەتلەنگەن . بۇ دىيارنىڭ پاك ۋە گۈزەللىكى كۆزلەرنى
قاماشتۇراتتى ، بۇ ئېرىقلار زابۇلىستان ئېلىدىن قاراڭغۇلۇق ۋە كىر ـ غۇ-
بارلارنى يۇيۇپ ئۆتىدىغان بولغاچقا ، يۇرت ئىچى بەئەينى ئالەمنى
يورۇتقۇچى قۇياشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى . شۇ تۆپەيلىدىن بۇ يەرنىڭ
يەنە بىر ئىسمىنى « نىمرۇز شەھرى » دەپمۇ ئاتايتتى . بۇ شەھەر گادايلىرى-
نىڭ ھەر بىرى ھاتەمدەك ، لەشكەرلىرى بولسا رۇستەمدەك ئىدى . يەنە بىر
دەريا بولسا ، دەرىجەز دەرياسى ئىدى . ئۇنىڭ سۇلىرى ئۈزۈم سۈيى(شاراب )
دەك ئىدى . ياق ، ئۈزۈم سۈيى ئەمەس ، بەلكى ھۇر ـ غىلمانلار ئىچىدىغان
شارابى ئەنتەھۇرنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇنىڭ ئېقىنلىرى بەلخ دىيارىنى
ئاۋاتلاشتۇرغانىدى . بۇ شەھەرنىڭ گۈزەللىكىدىن ، دۈشمەنلەرنىڭ جىسمىغا
رەشك ئوتلىرى تۇتاشقانىدى . بۇ شۇنداق شەھەر ئىدىكى ، مەشھۇر پادىشاھ
ھۇشەڭمۇ ئۇنى باشقا شەھەرلەردىن ئەۋزەل كۆرۈپ ، پايتەخت قىلغانىدى .
ئىبراھىم ئەدھەم ، ـــ بۇ مۇقەددەس پەلەك ئۇنىڭ يولىدا توزان
بولغانىدى ، ـــ ئورۇنلاشقانىدى . يەنە بىرى مۇرغاب دەرياسى ئىدى . ئۇ-
نىڭ سۇلىرى خالايىقنىڭ جىسمىدىن ئاغرىق ـ سىلاقلارنى يوقىتىدىغان
كەۋسەرنىڭ ئۆزى ئىدى . كىشىلەر ئۇنى تەرىپلەپ ، « خەزىنە ئاقىدىغان
دەريا » دەپ ئاتىشاتتى . بۇ دەريا ئېقىنلىرىدىن ماخان ۋە مەرۋى شەھەرلىرى
گۈللەپ ياشنىغانىدى . بۇ يەرنىڭ خۇش ھاۋالىقى ۋە باياشادلىقى تۆپەيلى-
دىن قۇشقاچلىرى قىرغاۋۇلدەك ، كۆچەتلىرى ھەيۋەتلىك سەرۋى

دەرەخلىرىدەك ئىدى. بۇ جاي پادىشاھ تەھمۇ رەسكە پايتەخت بولغانىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن شاھ سەنجەرگە ئارامگاھ بولدى. ھېچكىم بۇ يەرلەردەك يېقىملىق جايىنى كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. يەنە بىر دەريا بار ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىسمىنى «خۇنجەران» دەپ ئاتايتتى. سۈيى ھاياتلىق سۈيىدىن نەمۇنە ئىدى، يەرلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە ساپ ھاۋالىقى پەلەكتىن نىشانە بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپى سامان يولىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ دەريانىڭ ئۇششاق تاشلىرى خۇددى يۇلتۇزدەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى لاتاپەتتە ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. سۈيىنىڭ خاسىيتى ئابىھايات بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئونى ئىچكەن كىشى ئۆلۈمدىن نىجات تاپاتتى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا گۈل دەرخلىرى يېشىل رەڭلىرى بىلەن شۇ قەدەر جىلۋىلىنىپ تۇراتتىكى، گويا ئەبەدىيلىك دۇنياسى ئىچىدىكى خىنزىر پەيغەمبەردەك كۆرۈنەتتى، بۇ يەرنىڭ تۈزلەڭلىك ۋە ئېگىزلىكلىرى جەننەتتەك خۇش ھاۋا ئىدى. بىراق دەريا سۈيىنىڭ خەلق ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغانلىرى قۇم ـ دەشتلەرگە بىكارغا ئېقىپ زايە بولاتتى.
پادىشاھ ئىسكەندەر يۇقىرىقى ئۈچ دەريانىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە خۇراسان دىيارىنىڭ خۇش ھاۋاسىنى بىلگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
ـ بۇ ئەلنىڭ يەرلىرى جاھاننىڭ گۈلشىنى ئىكەن. بۇ دىيارنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم تېخىمۇ روشەنلەشتى. لېكىن مۇنۇ دەريانىڭ بىكار سۈيىدىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر شەھەر سېلىپ، ئاۋات قىلايلى.
ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، جەننەت كەبى بىر شەھەر ياسىلىپ پۈتتى. بۇ شەھەرگە ئات قويۇش ۋاقتىدا ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە ھىراتتىن باشقا سۆز ياقمىدى. شۇ دەۋردە دانىشمەن، بىلىملىك كىشىلەرنى «ھىرات» دەپ ئاتايتتى، ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ياقتۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ شەھەرگىمۇ

ھىرات دەپ ئات قويۇشتى . ئىسكەندەرنىڭ لەقىمىمۇ ھىرات ئىدى ، لېكىن كۆپچىلىك كىشلەر ئىسكەندەرنى ھىريي دەپ ئاتايتتى .

ئەلقىسسە ،ھىرات شەھىرى تۆتىنچى ئىقلىمدا بىنا قىلىنغان بولۇپ ، قۇياش سەييارىسى ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇغاتتى ۋە ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلاتتى . چۈنكى ، خۇراسان يەتتە ئىقلىمنىڭ تۆتىنچىسىگە جايلاشقان بولغاچقا ، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئوتتۇرىسى ھېسابلىناتتى . قۇياشمۇ سەييارىلەرنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى . قۇياش بۇ دەريانىڭ ئاسمىنىدىن تۇغقانلىقى ئۈچۈن ، بۇ يەرنى « خۇراسان » دەپ ئاتىغانىدى . ئەمما ، خۇراسان بىر گۈزەل بەدەن بولسا ، ئۇ-نىڭ جېنى ھىرات شەھىرى بولدى . ھەممىگە ئايانكى ،جانسىز بەدەننىڭ ھېچبىر پەزىلىتى بولمايدۇ . پەلەك ئۈستىدە پارلاپ تۇرغان بۇ قۇياش بەرقارار بولسىلا ،بۇ ئىقلىمغىمۇ زاۋاللىق ۋە بالا ـ قازا يۈزلەنمىگەي .

ئىسكەندەر باشقا شەھەرلەرنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ ، يۇرتمۇ ـ يۇرت كېزىپ يۈرۈپ ، ئاخىر جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتتى ـ دە ، يەنە بىر جەننەت سۈپەت دىيارغا كۆزى چۈشتى . بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ۋە سۈيى پىردەۋس جەننىتىدىن نەمۇنە ئىدى . گۈزەللىكتە جەننەتمۇ بۇ جايدىن بەھرە ئالاتتى . كىشىلەر بۇ جاينى « ماۋەرا ئۇننەھر » ① دەيتتى . چۈنكى بۇ جاي ئىككى دەريا ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، بىر دەيادىن يەنە بىر دەرياغىچە بولغان ئارىلىقى يۈز ياغاچ ② كېلەتتى . ئۇ ئىككى دەريانىڭ بىرى سەيھۇن دەرياسى بولۇپ ، مەشرىق تەرىپىدە ئاقاتتى . يەنە بىرى جەيھۇن دەرياسى بولۇپ غەرب تەرىپىدە ئاقاتتى . ماۋەرائۇننەھردە بۇ ئىككى دەريادىن باشقا يەنە 10 ـ 15 دەريا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن باشقا ـ باشقا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ھا-سىل بولغانىدى . ھەر بىر ئېقىندىن بىرنەچچە شەھەر ئاۋاتلاشقانىدى . بۇلار

---

① ماۋەرائۇننەھر ــ ئىككى دەريا ئارىلىقى دېگەن مەنىدە . ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

② ياغاچ ــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى ، ھەر بىر ياغاچ تەخمىنەن 12 مېترغا تەڭ .

ئارىسىدا « كوھەك دەرياسى » دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار ئىدى. ئۇنىڭ بېھىشت دەرياسى ئىكەنلىكىگە شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى. زەئىپ ۋە كېسەلمەنلەر ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچسە، ساغلام ۋە تىمەن بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سۇلىرى كۆزلەرنى روشەن قىلىپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرەتتى. لېكىن بۇ دەريادىن بىرەر شەھەر ئاۋاتلىققا ئىگە بولمىغان، ئۇنىڭ جان بېغىشلىغۇچى ئابىھايات سۈيىدىن كىشىلەر مەنپەئەتلىنەلمىگەنىدى. بۇ دەريا گۈزەللىكتە فىرات دەرياسىدىن ئېشىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۇلىرى ئىنساننىڭ ئۆمرىدەك زايە بولۇپ بىكارغا ئاقاتتى. ئىسكەندەر بۇ دىيارنىڭ ئاب ـ ھاۋاسىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى، خۇسۇسەن كوھەك دەرياسىنى كۆرگەندە ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا:

— بۇ دەريا گۈزەللىكتە نىل دەرياسىدىنمۇ زىيادىرەك ئىكەن، — دېدى.

بۇ دەريانىڭ ساھىلىدا كوھەك دەيدىغان بىر ئورمانلىق بار ئىدى. بۇ ئورمانزارنىڭ چەك ـ چېگرىسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئىچى ئالەم خەزىنىسىنىڭ تىلىسىماتى ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئۇششاق تاشلىرى يۇلتۇزدەك يالتىراپ تۇراتتى، يېشىل كۆكلەمزارلىقى بۇ يېشىل ئاسماندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دەريا ئاشۇ ئورمانزارنىڭ يېنىدىن ئاقىدىغان بولغاچقا، دەريا ئىسمىنىمۇ « كوھەك دەرياسى » دەپ ئاتاشقانىدى. ئىسكەندەر بۇ جاينى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە بىر شەھەر بىنا قىلدى. تەڭرى بۇ شەھەرنى تاكى قىيامەتكىچە ئامان ـ ئېسەن ساقلىغاي، بۇ شەھەرگە « جەننەت كەبى سەمەرقەنت » دەپ ئات قويدى.

ئىسكەندەر يۇقىرىقى ئىشلارنى تاماملىغاندىن كېيىن، قوشۇننى باشلاپ، كەشمىر شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، كەشمىر شەھىرىگە ئۆز سايىسىنى يەتكۈزگۈچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزىنىڭ ئالىي ھىممەتلىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن يۇرتلارنى بويسۇندۇرۇپ، غەلىبە ۋە نۇسرەت قازاندى.

ئۇلار كەشمىر چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە كۆز ئالدىدا بىر تاغ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈندى . ئۇنىڭ ئېگىزلىكى پەلەككە تاقاشقان بولۇپ ، ئاينىڭ كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈنۈشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى . بۇ تاغقا قارىغان كىشىنىڭ بۆكى يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى . بۇ تاغنىڭ ئىككى تەرىپى شۇ قەدەر ئۇزۇن ئىدىكى ، ئۇنى كېزىپ بېقىشنى ئويلىمىغان ياخشىراق ئىدى . كوھقاپتەك ھەيۋەيلىك بولغان بۇ تاغ تاكى كۆكتىن يەرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېرىلىپ ، ئىككى پارچىغا ئايلانغان بولۇپ ، بۇ ئارىلىقتىن بىر يول ھاسىل بولغانىدى . بۇ يولنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن يۈز قېرى ① ئەتراپىدا بولۇپ . ئەتراپىدا تاغدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى . كەشمىرلىكلەر بۇ تاغنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ، سېپىل سوققان ۋە بۇ سېپىلغا دەرۋازا ئورنىتىپ ، ئۇنى مەھكەم تاقىغانىدى . سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى ۋە قېلىنلىقى يۈز ئەللىك قېرى ئىدى . بۇ سېپىل گەج ۋە ئۇيۇل تاشلار بىلەن شۇ قەدەر پۇختا ياسالغان ئىدىكى ، تاغدەك بۈيۈك بۇ سېپىل ئاسماندىن تاكى يەرگىچە بىر پارچە ئۇيۇل تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ دەرۋازىسى تۆمۈردىن ياسالغانىدى . ئۇنى گوياكى پەلەك گۈمبىزىنىڭ دەۋازىسىدەك مەھكەم قىلىپ تاقىغانىدى . بۇ سېپىل تاغنىڭ قاپ بېلىگىچە قوپۇرۇلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىدە دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوق ئېتىلىدىغان تۆشۈكچىلەر ۋە ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغا پاناھلىق جايلار بار ئىدى . بۇ سېپىل ۋە دەرۋازىنى كۆرگەن كىشى بۇلارنى كۈچ بىلەن ئەمەس ، بەلكى سېھىر ـ جادۇ بىلەن تەييار قىلغان بولسا كېرەك ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى . راستتىنلا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىيلە ۋە ئەپسۇنلاردىن پۈتكەن ئىدى . ئەپسۇنگەرلەر بۇ يەرگە كەلگەنلەرگە بىمالال ھالدا تاقابىل تۇراتتى . ئۇ دەرۋازىغا يېتىشكە مىڭ قېرىغا يېقىن ئارىلىق قالغاندا ، كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى بوشىشىپ ، ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالاتتى ، كەلگۈچىلەر ئۆزىنى ئېغىر ئەھۋالغا ، خارۇ

① قېرى ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى . بىرقېرى تەخمىنەن بىر مېترغا تەڭ .

زارلىق ۋە بىچارىلىككە چۈشۈپ قالغان ھالدا كۆرەتتى .ئات ـ ئۇلاغلارمۇ سىپىل تەرەپكە قاراپ ماڭسا ئاياغلىرىدىن ماغدۇرى كېتىپ ، بىتاب ھالغا چۈشۈپ قالاتتى .ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلەرى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى . ئۇلارنىڭ باشلىرى قېتىپ ، پاتپاراق بولۇشقا باشلىدى . ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ ، كۆرگەن ئەھۋاللارنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى . ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرگە ئېتىبار قىلماي ، ئەرەستو بىلەن دەرھال ئۇ يەرگە باردى . ئۇ يىراقتىن كۆرۈش بىلەنمۇ ئىشەنمەي ، يېقىنلاپ بېرىپ تەكشۈردى . ئاندىن مۇنداق دېدى :

— بۇ كەشمىرلىكلەرنىڭ ھىيلە ـ نەيرىڭى ، سېھىرگەرلەرنىڭ ئەپسۇن ۋە مىكرىسى ئىكەن . بۇنىڭ چارە ـ ئامالىنى تېپىپ ، بۇ سېپىلنى ۋە دەرۋازىنى بۇزۇشىمىز كېرەك .

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى سەل ئارقىغا چېكىندۈرۈپ ، ئورۇنلاشتۇردى . قوشۇنلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ پۈتۈن ئەتراپنى ئايلىنىپ ، بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى . كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ، بارگاھقا كىرىپ ئورۇنلاشتى .

ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىدا 500 نەپەر ئالىم بار ئىدى . ئۇلاردىن 10 كىشى ئۇلۇغ ئالىملاردىن ئىدى . بۇ 10 نەپەر ئالىم ئىسكەندەرنىڭ بۈيۈك ۋەزىرلىرى ئىدى . كېچە ـ كۈندۈز ۋازارەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى . بۇ 10 كىشى : ئەفلاتون ، ئەرەستو ، بەلىناس ، ئەرەشمەندىس ، شەمىناس ، فەلىمۇن ، دەۋالىس ، فەرفۇرۇنۇس ، سوقرات ، ھۇرمۇسلاردىن ئىبارەت ئىدى . ئىسكەندەر بۇ ئالىملارنى قول ئاستىدىكى بارلىق ھۆكۈمالىرى بىلەن قوشۇپ چاقىرىپ ، مەجلىس تۈزدى . مەجلىستە ئىسكەندەر :

— كەشمىرلىكلەرنىڭ بۇ سېھىر جادۇلىرىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللانساق بولار ؟ — دەپ سورىدى .

هۆكۇمالار دەرھال سۆز باشلاپ، ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە مەدھىيىلەر ياغدۇرغاندىن كېيىن، مۇنداق دېيىشتى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىشتىن ھەرگىزمۇ غەم قىلمىغايلا. سىپىل بۇنىڭدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق بولسىمۇ، بۇنىڭدىن قورقۇنچىمىز يوق. دەرۋازىنىڭ كارامىتى بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكنىڭ كارامەتلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر. تەڭرى پادىشاھى ئالەمنىڭ تەلەي ئىقبالىنى يۈكسەك قىلسۇن. شاھىمىزنىڭ ئىقبال ۋە ئامىتى بىزگە يول كۆرسىتىدۇ. خۇدا خالىسا، بۇ نەيرەڭلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇنى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان قىلغايمىز. جوگىي باشچىلىقىدىكى بۇ خادۇگەرلەر سېھىر ـ جادۇغا ھەر قانچە ئۇستا بولغان تەقدىردىمۇ، ھېكمەت ئىگىلىرى ئۇنى يوقاتمىغۇچە ئارام تاپمايدۇ. بۇ ئالىملار سىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىڭدۇر، ياق، يول باشلىغۇچى ئەمەس، بەلكى كەمتەر چاكىرىڭدۇر. بىلىم ۋە دانالىقتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر جاھانغا تېتىيدۇ، ھەر بىر ھۆكۈمانىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بىر جاھاننىڭ بىلىم ـ ھېكمىتى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئەفلاتۇن جادۇگەر جوگىيغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ سېھىر جادۇلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىدۇ. ئەرەستو باشقا سېھىرگەرلەرنىڭ ئەپسۇنلىرىنى يوقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ. كەشمىرنىڭ ئەپسۇنگەرلىرىدىن مىڭى كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا بىزدىن بىرەيلەن كۇپايىدۇر. شاھىمىز ئىككى كۈن ئارام ئالغاي، ئۈچىنچى كۈنى بۇ دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئالغاي. بىز ئىلىم ـ ھېكمەتكە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ سېھىر ـ جادۇلىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىمىز.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. بارلىق ھۆكۈمالارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن:

— ئۇنداق بولسا، ھەممىڭلار ئۆز ئىشىڭلارغا مەشغۇل بولغايسىلەر! — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

ھۆكـۈمـالار ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ماختاشلارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇنـلـىرىدىن تۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىغا ماڭدى. ئىسكەندەرمۇ قوپۇپ، خىلۋەت چېدىرىغا كىرىپ كەتتى.

ھۆكـۈمـالار ئىـلىم ـ ھېكمەت ئىشلىرىغا كىرىشىشتىن بۇرۇن، خەيرىـ لـىـك ۋاقـتـىنى تاللاپ، تۆمۈرچىلىك ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلدى. تۆمۈر ۋە چـويـۇنلاردىن كۈپىنىڭ شەكلىدە گۈي (توپ) لارنى ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە خىلمۇ خىل، مۇرەككەپ ۋە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى دورىلارنى قاچىلىدى. ئۇنـىـڭ ئۈسـتـىـگە سـىـمـاب قۇيۇپ، ئاغزىنى مەھكەم ئەتتى. ئۇنىڭ ئىككى تـەرىـپىگە پىلتە ئورنىتىپ تەييارلىدى. بۇ نەرسىلەرنى دۈشمەننىڭ بېشىدەك، يـاق، بـەلـكـى چـاقـمـاق ۋە گـۈلـدۈرمـامـا تېشىدەك قىلىپ ياسىدى. ئۇنىڭ پـىـلتىسىگە ئوتنى يېقىپلا، چاقماقتەك ئوقيالارغا قويۇپ، سېپىل ئۈستىگە ئېـ تىـپ، ھاۋادىـن، دۈشـمـەنلەر ئارىسىغا چۈشۈرەتتى. ئوت ئۇنىڭ پىلتىسىنى كـۆيـدۈرۈپ، مـىناسىغا يېقىلىشىش بىلەنلا، مىنا يېرىلىپ، نەچچە پارە بولاتـ تـى. ئۇنـىـڭدىن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئاۋازلار ياڭراپ، ئوت، تۈتۈن، سېسىق پـۇراقلار تـارقـىلاتـتـى ـ دە، نەچچە خىل ئەھۋال يۈز بېرەتتى: بىرى، ئۇنىڭ ئاۋازىـدىن سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىر ـ جادۇ قىلىدىغان ئەسۋابلىرى يوقىلاتتى. ئـىـكـكـىـنـچـىـسى، ئوت بـىـلەن دەرۋازا ئېچىلاتتى. ئۈچىنچىسى، تۈتۈنىدىن سـېـھـىـرگـەرلەرنىڭ يۈزى قارا بولاتتى. تۆتىنچىسى، ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قـالغانلارنىڭ نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ، سېھىرگەرلىك ئىلمىنى ئونۇتاتتى. بۇنداق تـىـلـسـىملىق ۋە ھېكمەتلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاـ لـىملار جـەم بـولـۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ سـىـرلـىـرىـنى بايان قىلىپ، ئاشكارىلىدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى شادلانغان ھالدا، ئالىملارغا ئاپىرىن ئېيتىپ:

ـــ بـۇنـداق تـىـلـسـمـنـى سىلەر تەييار قىلدىڭلار، لېكىن، جاھاندا ھېچكىم قىلالماس، ـــ دېدى.

ئالىملار ئىسكەندەرنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— پەرمانىڭغا ئىنتىزارمىز، — دېدى.

ئىسكەندەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازا تەرەپكە ئاتلاندى. بۇ ئىستىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە شاۋقۇن - سۈرەن چۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن سەلدەك راۋان بولدى. ھۆكۈمالار ئۇنىڭ ئالدىدا، جاھان شاھـ لىرى ئۇنىڭ تىزگىنى ئاستىدا مېڭىپ، ئۇ سېھىرلەنگەن جايغا يەتتى. ئۇلار تىلسىملىق مىنانىڭ ئەسلىھەلىرىنى توغرىلاپ، ھېكمەت بىلەن ئورنىتىلغان پىلتىلەرگە ئوت ياقتى. ئاندىن ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتتى. ئوتنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئىچىگە يېتىش بىلەنلا دۈشمەنلەر ئارىسىغا چۈشۈپ پارتلاپ، شۇنداق دەھشەتلىك بىر ئاۋاز چىقاردىكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت ئىش ئايان بولدى: ئاۋازىدىن ئەپسۇنگەرلەرنىڭ ئەسۋابلىرى كاردىن چىقتى. ئوت سېپىل ۋە دەرۋازىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. تۈتۈندىن جادۇگەرلەرنىڭ يۈزلىرى قارا بولدى. سېسىق پۇراقلىرى بىلەن سېھىرگەر- لەرنىڭ ئېسىدىن سېھىرىي ئىلىملىرى يوقالدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇنداق توپىلاڭلار چۈشكەندىن كېيىن، ھەممىسىگە قاچماقتىن ئۆزگە چارە قالمىدى. ئۇلار شۇنچىلىك ۋەيرانە ۋە قالايمىقان ھالدا قېچىشتىكى، ھەممىسى يۈزلىرى قاپقارا پېتىدىلا، مەللۇنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلدى. ھېچكىم بۇلارنى تونۇمىدى. ئەھۋالىنى ئۆزى بايان قىلمىغىچە ھېچ كىشى ئۇقالمىدى. ئۇلار ۋەقەنى ئاجايىپ، غارايىپ مىساللار بىلەن قوشۇپ مەللۇغا بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان مەللۇنىڭ جىسمىغا تىترەك ئولاشتى. مەللۇ ئۆزىنىڭ زەئىپ، ئىسـ كەندەرنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى: «ئۇ ئالىملار ئالدىدا سېھىر - جادۇ ئىشى، ئىسكەندەر ئالدىدا مېنىڭ ئىشىم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. مەللۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۈستۈن كېلىپ، سېپىل بىلەن دەرۋازىنى ئالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جاھىللىق قىلىپ، ئىسـ كەندەر پەرمانىنى قوبۇل قىلماي، خاتا قىلغانلىقىنى سەزدى. ناھايىتى بىچارە ۋە ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. خەلقمۇ پاراكەندە بولۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىشتىن بۆلەك چارە تاپالمىدى. مەللۇ تاغ ئۈستىدىكى قورغانغا بېكىنىشنى

پىلانلاپ ، لەخمە يولى بىلەن خەزىنىلەرنى توشۇشقا باشلىدى . ھەددى ـ ھېسابسىز نەپىس ۋە ئېسىل ماتالار ، سان ـ ساناقسىز لەئلى ـ جاۋاھىرلار ، بىقىياس ۋە بىباھا ئالتۇن ـ ئاقچىلارنىڭ ھەممىسىنى قورغانغا يۆتكىدى . ئۇ خەزىنىلەرنى كۆرگەن ئەلنىڭ ئەقلى ھەيران قالاتتى . مەللۇ ھەممە نەرسىلەرنى يۆتكەپ ، ئەمىن تاپقاندىن كېيىن ، ئاشۇ قاراتاغ ئۇستىدىكى قورغانغا كىرىپ پاناھلاندى .

ئەلقىسسە ، ئىسكەندەر ئۇ دەرۋازىنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن ، قورغان تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلماقچى بولدى ، لېكىن ھۆكۈمالار ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى .

— بۈگۈن يۈرۈش قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس ، — دېيىشتى ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇپ ، — چۈنكى ئۇ تۇتۇن ۋە بەدبۇي پۇراقلار دۈشمەنلەرنىڭ دىماغلىرىغا ئۇبدانراق تەسىر قىلسۇن ، شۇندىلا ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرى نۇقسانغا يۈزلىنىدۇ .

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، خۇشال بولۇپ توختىدى ۋە ئۆز بارگاھىغا قايتىپ ، شادلىق بەزمىسىنى تۈزدى . ھۆكۈما ـ ئالىملار بىلەن ئۆز بەزمىسىنى زىننەتلىدى . ئۇلارغا ھېسابسىز ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلىپ ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامغا سازاۋەر قىلدى . كۈن غەرب تەرەپكە يۈزلەنگەندىن كېيىن ، شاراب قەدەھلىرىنى ئايلاندۇرۇپ ، شادلىققا چۆمدى . بۇ پاراغەت بەزمىسى ھەممەيلەننىڭ نېرۋىلىرى قىزىغىچە داۋام قىلدى . ئاندىن تارقاپ ، ئۇيقۇدىن راھەتلىنىپ ئارام ئېلىشتى .

ۋاقتىكى ، قۇياش چىقىپ ، ئالەمنى روشەن قىلدى . ئىسكەندەرمۇ قۇ-ياشتەك يۈزىنى ئېچىپ ، رۇستەمدەك ئاتلاندى . لەشكەرلەر تۇشمۇ تۇشتىن يۈگۈرۈشۈپ ، دەرۋازىغا قاراپ ئات سالدى . لەشكەرلەر ئۇ دەرۋازىدىن بىر نەچچە كۈندە ئاران ئۆتۈپ بولالىدى . ئۇلارنىڭ شۇ يوسۇندا يۈرۈش قىلىۋاتقىنىدا ، شەھەر تەرەپتىن بىر ئەلچى كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى . ئۇ-نىڭ بىر قولىدا خەت ، يەنە بىر قولىدا ئاچقۇچ بار ئىدى . ھەر ئىككىسىنى

ئىسكەندەرگە تۇتتى . ئۇ خەتنى شەھەر خەلقى يازدۇرۇپ ئىسكەندەرگە ئەۋەتكەن بولۇپ ، مۇنداق مەزمۇندا ئىدى : « بىز سىنىڭ پەرمانىڭغا شەرتسىز بويسۇنىمىز . مەللۇ بۇ دىيارغا پادىشاھ بولغاندىن بېرى بىز پۇقرالارنىڭ ھېچقانداق ئەركىنلىكىمىز يوق ئىدى . شۇڭا ، بىز جانابىڭغا قۇللۇق ئىزھار قىلىپ خىزمىتىڭگە كەلمەكچى ئىدۇق . مانا ئەمدى شان ـ شەۋكىتىڭ مەللۇنى پەست قىلدى . ئۇ سەندىن شىكەستە يەپ ، ئۆزىنى پىنھانغا ئالدى . بار شەرمەندىچىلىككە بىز بىچارىلەر قالدۇق . ئەمدى سەن بىزگە باش بولغىن ، ھەر قانداق ھۆكۈمىڭ بولسا ، پەرمان بەردارمىز . ۋەيران بولغان شەھىرىمىزنى ئاۋات قىلساڭ ، مال ۋە جانلىرىمىزنى ساڭا پىدا قىلىمىز . ئەگەر بىزگە ئىجازەت قىلساڭ ، يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىڭغا تەزىمگە بارىمىز . ئەۋەتكەن خېتىمىزنىڭ جاۋابىغا ئىنتىزارمىز . » ئىسكەندەر بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر پارچە مەكتۇپ يازدۇرۇپ ئەۋەتتى . مەكتۇپتا مۇنداق سۆلەر بار ئىدى : « سىلەر مېنى كۆرگىلى كېلىمىز دەپ پاراكەندە بولماڭلار . يۇرتۇڭلادا بەھوزۇر ئولتۇرۇپ ، تائەت ـ ئىبادەتىڭلارنى قىلىپ ، ماڭا دۇئا قىلىڭلار . تەڭرى خالىسا ، ئۆزۈم يېتىپ بېرىپ ، شەھەرگە كىرىمەن . » ئەلچى بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، شەھەرگە يېتىپ بارا ـ بارمايلا ، ئىسكەندەر كېلىپ بۇ شەھەرگە چۈشتى . مەللۇ بۇ شەھەردە ئەيش ـ ئىشرەت قىلىش ئۈچۈن بىر شاھانە قەسىر بىنا قىلغانىدى . ئۇ قەسىر ئىچىدە بىر شاھانە باغ بار ئىدى . بۇ باغنىڭ ھەر بىر گۈلى گوياكى قۇياشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى . ئۇ گۈلشەننىڭ ئاسمانغا تاقاشقا راۋاقلىرى ۋە پەلەككە يەتكەن پەشتاقلىرى بار ئىدى . ئاسمان راۋىقىمۇ بۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى . ئۇ گۈلشەنگە : « جەننەتنىشان » دەپ ئات قويغانىدى . گۈلشەن ئىچىدە لەشكەرلەرگە ئورۇن تەييارلەندى . ھەممە ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، بۇ ئىشلارنى ئۇلۇغ ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى . ئىسكەندەر جەننەتنىشانغا جايلاشتى . پۈتكۈل خادىملار ئىسكەندەردىن ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرۈپ ، ھەممىسى يېڭىباشتىن ھايات تاپقاندەك بولدى .

خالايىقلارمۇ يىراقتىن چۇرقىرىشىپ ، ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلدى . ئىسكەندەر ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ھەممىسىنى شاد قىلدى . خەير ـ ئېھسان بىلەن پۇتكۇل خالايىقنىڭ بۇزۇلغان كۆڭۈللىرىنى ئاۋات قىلدى . پۇتكۇل قوشۇنغا پەرمان چۈشۈرۈپ : « ھېچكىم ھېچكىمدىن بىر قېتىم يىپقا چاغلىق بىر نەرسە تەمە قىلمىسۇن . خىلاپلىق قىلغانلار بوغۇزىدىن دارغا ئېسىلىدۇ ! » دەپ جاكارلىدى .يۇرت خەلقىگە پۇل ـ مال بېرىپ ، خاتىرجەم ۋە تىنچ ئامان قىلدى . ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ھەممەيلەن بەھرىمەن بولۇپ ، شادىمان بولدى . ھېچ كىشىدىن ھېچ كىشىگە زىيان ـ زەخمەت يەتمىدى . كىشىنىڭ بىر دىرەم پۇلىنىمۇ ناھەق ئالمىدى .

شۇندىن كېيىن ئىسكەندەر مەي ـ شارابقا مايىل بولۇپ ، پاراغەتكە يۈزلەندى . كەشمىر خەلقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئىسكەندەرنى زىيارەت قىلماقتا ئىدى . ئىسكەندەر كەشمىرنىڭ ھەددى ھېسابسىز ئاجايىپ ـ غارايىب نەرسىلىرىنى كۆردى . بۇلارنى ئەينەن بايان قىلىپ بولۇشنىڭ ئىمكانى يوق ئىدى . شۇ قاتاردا بىر جامنى كۆردى . ئۇنىڭ ئىچىگە مەينى بىرلا تولدۇرۇپ قويسا ، ئۇ مەي خۇددى دەريانىڭ سۈيىگە ئوخشاش ئىچسە ـ ئىچسە تۈگىمەيتتى . مەللۇ يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەندە ئۇنىڭ بىر قازىناقچىسى ئايرىلىپ قېپقالغانىدى . ئۇ خەزىنىدىن ئېلىپ قالغان بىر نەچچە ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ ئېلىپ كەلگەن تۆھپىلەر ئىچىدە ئاشۇ خاسىيەتلىك جاممۇ بار ئىدى . جامنىڭ ئەتراپىغا ئۇنىڭ خاسىيىتىنى تەرىپلەپ ، مۇنۇلار يېزىلغانىدى : « جەمشىد ئالەمنى ئىلكىگە ئالغاندا ، بىر نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئالىملارنىڭ ئىلىم ـ ھېكمىتى بىلەن ئىككى دانە تىلسىملىق جام ياساتقانىدى . ئۇ جامنىڭ بىرىگە 《 جامى جاھانىنەما 》، يەنە بىرىگە 《 جامى ئىشرەتفەزا 》 ( راھەت ـ پاراغەتنى ئاشۇرغۇچى جام ) دەپ ئات قويىدى . جامى جاھانىنەما ئەل ئىچىدە شۆھرەت قازىنىپ ، جامى ئىشرەتفازانىڭ سىرى ئەلدىن يوشۇرۇن قالدى . بۇ

جامىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئالىملار ئۇنى لايىھىلىگەندە ساغلام ئەقىل ـ پاراسەتلىرى بىلەن پىلانلىغان. ئۇنىڭ شارابىنى ئىچكەن كىشى ھەر قانچە سۈمۈرسە، شاراب تۈگىمەيدۇ. ئىچكەنسىرى تولۇپ ـ تېشىپ، لىپمۇلىق بولۇپ تۇرىدۇ، بىر تامچىمۇ ئازلاپ قالمايدۇ. تېخىمۇ ئاجايىپراقى شۇكى، يانتۇ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئىچىدىكى شاراب ئەسلا تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا شاراب ئىچكەن كىشى تاكى قانمىغىچە ئۇنى لېۋىدىن ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە مەي تۈگەپ كەتكەن كۈنى پۈتكۈل ئالەمدىمۇ مەيدىن ئەسەر قالمايدۇ.»

ئىسكەندەر بۇ جامنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، بەزمە تۈزۈپ، ئۇنىڭدا مەي ئىچىشكە باشلىدى. پۈتكۈل ئۆلىمالار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كارامىتىنى تاماشا قىلدى. قولىدىن بىر دەممۇ چۈشۈرمەي، شۇنداق ئەيش ـ پاراغەت قىلدىكى، جامى جاھاننەمامۇ ئۇنىڭچىلىك ئىشلەنمىگەن بولغاي. **ساقىينامە:**

كېتۈر، ساقىي، ئول جامى ياقۇت گۈن،
كى ئەل نەبىئىدە ئىشرەت ئەتكەي فۇزۇن.
نېچە بادەدىن ئىچسە كەم بولماغاي،
مۇئاشىرغە ئاندىن ئەلەم بولماغاي.
مۇغەننى، سۇرۇدى چىقار دىلنەۋاز،
بولۇپ ئەھلى كەشمىردەك سېھىرساز.
ئەگەر نەغمە بەس قىلماق ئەتسەڭ ھەۋەس،
ھەمۇل جامكىم بولمايىن قىلمە بەس.
نەۋائى ئەگەر تاپساڭ ئول نەۋئى جام،
نېكىم بادەدىن ئۆزگە ئىچسەڭ ھەرام.
خىتاب ئەتكەسەن جامى باقىي ئانى،
ۋەلې تۇتسە گۈلچېھرە ساقىي ئانى.



www.uyghurkitap.com

بۇ سىددىقتە ھەم تۇت ئانىڭدىن ھەيات .
مەيىكىم مۇدام ئولسە ، ئاندىن نەجات .
نەجاتى جىنان بولسە مەدھۇشۇ مەست ،
ئەبەد مەستى بولسام چۇ مەستى ئەلەست .

**ئىككى دوستنىڭ ھېكايىسى . ئۇلارنىڭ بىرى گويىاكى قۇياش ئۆزىنىڭ ھەرىكەت- چانلىقى بىلەن پەلەك مەملىكىتىگە پادىشاھ بولغاندەك شاھلىق سەلتەنىتىگە يەتتى ، يەنە بىرى خۇددى زېمىن ئۆزىنىڭ جىمجىتلىقى بىلەن ئالەم ئەھلىنىڭ تېپىكلىرىگە دۇچار بولغانغا ئوخشاش خارۇ زارلىق پاتقىقىغا چۆكۈپ كەتتى . شۇنداقلا ئۇ تاكى چاڭ- توزاندەك ھەرىكەتكە كەلمىگىچە ، تۇپراقتىن قوپۇپ يۇقىرى ئورۇنغا يېتەلمىدى .**

خۇراسان شەھرىدە بىر- بىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ئىككى دوست بار ئىدى . ئۇلار جاھاننىڭ ھاۋادىساتلىرىدىن زەربىگە ئۇچراپ ، تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماي ئاجىز بولۇپ قالغانىدى . ئۇلار ئۆز يۇرتىدا خارلىققا قېلىپ ، دائىم كىشلەرنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرايتتى . شۇنى بىلىش كېرەككى ، كىشى نامرات ۋە بىچارە بولۇپ قالغان چاغلىرىدا كىشلەرنىڭ كۆزىگە ئازراق چېلىققان تۇزۇك . بۇنداق چاغدا ئادەملەرنىڭ كۆزىگە تولا كۆرۈنۈش خارلىق ۋە ھاقارەتكە ئېلىپ بارىدۇ . چۈنكى ئۇنچە- ياقۇتلار كىشلەرگە ئاز چېلىققانلىقى ئۈچۈن ئەزىزلىنىدۇ ، ئەتىۋارلىنىدۇ . ئېشەك مۇنچىقى تولا ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ باھاسى بىر يارماققا يەتمەيدۇ .

بۇ ئىككى دوستتىن بىرى سەپەرگە چىقىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ سەۋەبتىن نادامەتتىن قۇتۇلدى . سەپەر جەريانىدا ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى كۆردى . نىسىۋىسى ئۇنى ئاخىر يۇنان شەھرىگە ئاپىرىپ چۈشۈردى . بۇ خۇددى ئۆلۈك ئادەم ئابىھاياتقا ئېرىشكەندەك ئىش بولدى . ئەزەلدە ئۇنىڭ ئىلىم - ھېكمەت ئىگىلەش قىسمىتى بار ئىدى . شۇڭا بىر

نەچچە مۇددەت ئۇ يەردە تۇرۇپ، ئالىم ـ ھۆكۈمالار بىلەن سۆھبەتداش بولدى. بۇ تۈر پەيلىدىن ھېسابسىز ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەپ، ئۇستازلىق دەرىجىسىگە يەتتى. ھەركىمدە نىيىتىگە بېقىپ قابىلىيەت پەيدا بولىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ زېھنى ئېچىلىپ، ئىلىم ـ ھېكمەتلىرىدىن خەۋەردار بولدى. ئۇ يەنە مۇشۇ ئىشقا قىلغان سەپىرى بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىپ، پەخىرلىنىپ ئولتۇرماستىن، يەنە سەپەر قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سەپىرى ھىندىستان مەملىكىتىگە چۈشتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھىندىستان پادىشاھىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى. پادىشاھ ئۇنىڭ دانا ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئارىدا كىشى قويۇپ: «كۆزۈمنىڭ نۇرى يېگانە ۋە پاكىزە بىر قىزىم بار. ئۇنى شۇ دانىشمەنگە نىكاھلاپ قويسام، بۇ ئارقىلىق ئۇنىمۇ ئۆزۈمگە بالا قىلىۋالسام» دەپ سۆز ئاچتى. ئۇ دانىشمەن ھېكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىككى كۈن ئىچىدە تەييارلىقنى پۈتكۈزدى. پادىشاھ ئۆز ۋەدىسى بويىچە بۇ ئىككى پەرزەنتىنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشتى. پادىشاھلىق ئۇ دانىشمەنگە مىراس قالدى. ئۆز دىيارىدا قېپقالغان دوستى بۇ دانىشمەننىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال سەپەرگە چىقتى. پەلەكنىڭ زۇلمىدىن جىسمى پايمال بولغان ھالدا بۇ ئەلگە يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، دوستى راستىنلا پادىشاھ بولغانىدى. پادىشاھ بۇ دوستىنىڭ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى.

ئۆز يۇرتىدا خارۇ زار بولۇپ، كىشىلەر ئالدىدا مېھنەت ۋە مۇشەققەت چەككەن، ھاقارەتلەنگەن بىر ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ۋەزىرلىككە ئېرىشكەنلىكى سەپەرنىڭ خاسىيىتىدۇر. ئالدىدا سەپەر قىلغان دوستىنىڭ سەپىرى كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، سەلتەنەتكە سازاۋەر بولدى. ھەركىم ئۆز ۋۇجۇدىدا سەيلە قىلىش يولىنى تۇتسا، ئەگەرى ئاخىر ئۇنى ياخشى ئىشقا سازاۋەر قىلىدۇ. ئەي ئەگرىم بۇ بىچارە سىدىققىمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا مەنىۋى

جەھەتتىن سەيلە قىلىش يولىنى ئاتا قىلغايسەن .

**ھېكمەت .ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن : « سەپەر جاپا ـ مۇشەققەت تارتىشقا سەۋەب بولىدىغان تۇرسا ، ھېكمەت ئەگىلىرى ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن رۇخسەت قىلىدۇ » دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ، ئەرەستونىنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى**

ئىسكەندەر ئەرەستوردىن :

— سەپەردە رەنج ـ مۇشەققەت چېكىدۇ ، كىشىنىڭ تەبىئىتى ھەرەج تارتىدۇ ، قىينىلىدۇ . لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر سەپەر قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ـ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— سەپەردە قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن دانالار ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان ، ـ دېدى ئەرەستو تەپەككۇر بىلەن جاۋاب بېرىپ ، — چۈنكى ئۇنىڭ كىشىگە ناھايىتى كۆپ پايدىسى بار . ھەر بىر مۇشەققەتنىڭ كەينىدىن راھىتى ، ھەربىر مۇشكۈلاتنىڭ ئارقىسىدىن ھالاۋىتى بار . مەسىلەن ، ئاش ـ تاماق جاننىڭ راھىتى ، تەننىڭ قۇۋۋىتىدۇر . ئەمما شۇنداق ئەزىز نەرسە ئوتنىڭ جاپاسىنى تارتمىغۇچە خاملىقتىن پىشىپ تەييار بولمايدۇ . ئالتۇننى ھەممە خالايىق ياخشى كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ .لېكىن ئۇمۇ ئوتقا كىرمىگۈچە تازىلانمايدۇ . سەپەر ئازابى دوزاخ ئازابىدىن كەم ئەمەس . بۇنداق ئازابلىق ئوتتا كۆيۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ . بىراق يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر سەپەرگە چىقىش قارارىغا كېلىدۇ . بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى ، مۇساپىرلارنىڭ ئالتۇن ۋۇجۇدى سەپەر ئوتلىرى بىلەن تاۋلىنىپ ، ساپ ۋە پاك بولىدۇ . كىشىلەر ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى سىناپ كۆرسە ،ئۇنىڭدىن ھېچقانداق شەك ـ شۈبھە تاپالمايدۇ . سەپەر قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى ، بەدەن شۇ ئارقىلىق ساغلاملىققا ئېرىشىدۇ . ئاددىيسى بىر ئادەم بىرەر مەسىلىدە ئىككىلىنىش سەۋەبىدىن ئىختىيارسىز ھالدا بىر نەچچە قەدەم

www.uyghurkitap.com

مېگىپ قويغان تەقدىردىمۇ ،شۇ تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۇزۇق ماددىلار ۋە زىيانلىق خىلىتلار ھەزىم بولۇپ كېتىدۇ . غىزاغا ئىشتىھا پەيدا بولىدۇ . شۇنچىلىك سەپەردىنلا ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ساغلاملىق ھاسىل بولىدۇ . سەپەر قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەب ، ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ . داۋاملىق بىر خىل ھاۋا ، بىر خىل سۇ ، بىرخىل مۇھىتتا تۇرۇۋېرىشنىمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئاغرىق ۋە زەئىپلىك يۈزلىنىدۇ . بۇنداق چاغدا كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى تازا ۋە يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ . بىرەر نەرسىنى تەكرار ئىستېمال قىلىشتىن زېرىكىدۇ . تەبىئىتى يېپيېڭى ۋە باشقا ـ باشقا نەرسىلەرگە مايىل بولىدۇ . بۇنىڭغا سەپەر ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ . سەپەر تۈپەيلىدىن سۇ ۋە ھاۋا ئالمىشىدۇ . شۇڭا سەپەردىن كىشىلەرنىڭ تېنىگە ساغلاملىق ، مۇقىملىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ . شۇ ۋەجىدىن سەپەرگە ئالىملار رۇخسەت بېرىدۇ ، دانالار ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىنى ئېغىر ئالمايدۇ

ئەرەستو بۇ جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن ، ئىسكەندەر ئۇنىڭغا قايىل بولدى ، ئاندىن سوئال سوراشتىن توختىدى .

**ئىسكەندەرنىڭ كەشمىر شەھىرىگە يەتكەندىن كېيىن ، مەللۇنىڭ تىلسىم قورغىنىغا بېكىنىۋېلىپ ، كەشمىر شەھىرىدىن شامال بىلەن ئوتنى ئوغرىلىغانلىقى ۋە ئۇ ۋىلايەتنى ئۆلۈك جىسمىدەك نەپەستىن يىراق قىلغانلىقى ، شەھەردىن ئوت يوقالغىنىدا ، ئەفلاتوننىڭ ئۇ تىلسىمنى ئاچقانلىقى ۋە يوشۇرغان شامال بىلەن مەللۇ ھاياتىنى بەرباد قىلىپ ، مەخپىي تۇتقان ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى ئۇنىڭ ئۆمۈر خامىنىغا چاچقانلىقى ، ئىسكەندەرنىڭ مەللۇ ئورنىدا فىرۇزدىن ئىبارەت يەنە بىر چىراغ بىلەن كەشمىر دۆلىتىنى يورۇتقانلىقى**

تارىخ ئىلمىنىڭ دانىشمەنلىرى ئىسكەندەرنى بايان قىلغاندا مۇنداق

دېدى :

ئەلقىسسە ، مەللۇ قورغانغا قېچىپ بېرىۋالدى . ئۇ ئىرىكلىكنى ھەممە-دىن ئەلا بىلىپ ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدى . ئىسكەندەر كېلىپ ، پايتەختنى ئىگىلەپ ، ئۇنىڭ تەلەي ۋە ئىقبالىنى قارا قىلدى . ئىسكەندەر يۇرت خەلقىگە ئادالەت ۋە خەير - ئېھسان ، شادلىق ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى . خالايىقمۇ ئۈمىدۋار بولۇپ ، ئۇنىڭ پەرمانىغا ئىنائەت قىلدى ، ئىسكەندەرنىڭ مەرھەمەت ۋە مۇرۇۋۋەتلىرىگە كۆڭۈل باغلىدى . ئىسكەندەر ئۇلاردىن مەللۇنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سوئال سورىغاندا ،خالايىق مۇنداق ئۇچۇر يەتكۈزدى .

— مەللۇ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ شان شەۋكىتىدىن قورقۇپ قې-چىپ ،قارا تاغ ئۈستىدىكى قورغان ئۈستىگە چىقىپ كەتتى . بىز ئۇ قورغاننىڭ يا سېھرىي ياكى تىلسىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز .

خالايىق بۇ قورغاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ ،شۇ قەدەر ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى ئايان قىلىشتىكى ، دەرھال ئۇنىڭ چارە - تەدبىرىنى قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى . ئىسكەندەر دانالارنى يىغىپ ، ھۆكۇمالارنى چاقىرىپ مەجلىس تۈزدى . ئىسكەندەر دانالاردىن مەسلىھەت سوراپ مۇنداق دېدى :

— كەشمىر شەھىرى گەرچە پاكىز گۈلزارلىق بولسىمۇ ، لېكىن ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق . شۇڭا دائىم جان بېغىشلىغۇچى مەيىن شامال بولمىسا ، بۇ يەر دوزاخقا ئوخشاپ قالىدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، ئەگەر شامال چىقمايدىغان بولسا ، بۇ گۈلشەننىڭ گۈللىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ، سۇنبۇللىرى قاپقارا تۈتۈنگە ئايلىنىدۇ . يەنىمۇ ئاجايىپراق ئىش شۇكى ، بۇ شەھەردە ئوت يوقالدى . مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ، ئەلگە ناھايىتى ئېغىر كۈلپەت ۋە دىشۋارچىلىقلار يۈزلىنىدۇ . ئۇ چاغدا بۇنداق پالاكەتتىن

قۇتۇلۇشنىڭ ھېچ ئامالى قالمايدۇ. ئەگەر ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىشنى ئۇگشاشنىڭ ئىلاجىنى قىلالايدىغان بولسا، بۇ يەردە تۇرغىنىمىز ياخشى. ئەگەر بۇ مۇشكۇلچىلىكنى يوقىتىشقا ئامالىمىز بولمىساق، ئەڭ ياخشىسى، بۇ يەردىن بالدۇرراق كېتەيلى. بىراق، بۇ يەردىكى ئىشلارغا ئاجىز كېلىپ كېتىپ قالساق، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ياخشى ئەھۋالمۇ ئەمەس.

— ئەگەر شاھى ئالەمنىڭ ئارزۇسى شۇنداق بولسا، — دېدى دانىشمەنلەر ئىسكەندەرگە، — تەڭرى خالىسا، مەللۇنىڭ بۇ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئەل بېشىدىكى بۇ دىشۋارچىلىقنى يوقاتقايمىز. شاھىمىز خاتىرجەم بولسۇنكى، بۇ ئىش بىز خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئاسان. ئۇن كۈنگىچە مۆھلەت بەرگەيلا. بۇ ئىشنى يوق قىلىش ئۈچۈن، تەڭرى بىزگە چوقۇم غەلىبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

— ئۇن كۈنگىچە ئىشىمىز توختاپ قالىدىغان بولسا، ئۇت ۋە شامال يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار خاراب بولمامدۇ، - دېدى ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن مالال بولغان ھالدا.

ئەفلاتون ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پادىشاھي ئالەمنىڭ كۆڭلىگە غەم ۋە ئەندىشە يۈزلەنمىگەي. خۇدا خالىسا ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىر تەدبىر بىلەن بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىمەن.

ئىسكەندەر ئەفلاتوننىڭ بۇ سۆزىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇ ھالەتتە تۇرغاندا شامال يوقالغانلىقى تۈپەيلىدىن شەھەردە شۇنداق قاتتىق ئىسسىق بولدىكى، جاھان دوزاختەك قىزىپ كەتتى. پۇتكۇل خالايىقنىڭ ئىچىگە ھارارەت چۈشۈشكە باشلىدى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ قەدەر ئىسسىقتا، شەھەردە ئوت قالمىدى. ئاشپەز، ناۋايلار بۇ ئىشتىن ئىزتىراپقا چۈشۈپ، كۆيۈپ - پىشقان ھالدا نالە - پىغان قىلىپ، مۇنداق ئەرز قىلىشتى:

- پۇتكۇل جاھاندا ئوتنىڭ ۋۇجۇدى قالماپتۇ. چاقماق تاشلىرىمۇ

خۇددى پاك ۋە مېھرىبان كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدەك يۇمشاپ كېتىپتۇ. شۇڭا چاقماقنى ھەرقانچە ئۇرساقمۇ، ئۇنىڭدا ئوت ئورنىدا سۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئاش ـ تاماق ئىشىدا نۇقسان كۆرۈلسە، بۇنى بىزدىن كۆرمىگەي دەپ،ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئوت بىلەن شامال يوقالغاندىن بېرى، ئىسسىق تىننىقلىرىمىز ئوت، سوغۇق ئاھىمىز شامال بولماقتا، كۈندۈزى بۇ جاھان تونۇردەك قىزىپ كەتسە،كېچىسى چىراغ ياندۇرغىدەك ئوتمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. شامال بولمىغاچقا، بىر تال شامنى ياندۇرۇشقىمۇ ئامال بولمايۋاتىدۇ.

بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە خالايىق شۇ قەدەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىكى، ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىكتىن ھەممىسى ئېڭەكلىرىگە قوللىرىنى قويۇپ، ھەيران ۋە پەرىشان بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئىسكەندەر بىر مۇنچە كىشىلەر بىلەن ئەفلاتوننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— قىلغان ۋەدەڭنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. خالايىققا ناھايىتى كۆپ زەخمەت يەتتى.ئەگەر بۇندىن كېيىن زىيادە كۈتسەك، خەلقنىڭ ئارامى بۇزۇلۇپ، ھالاك بولىمىز —، دېدى.

— خالايىق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بەرسۇن. بۈگۈنمۇ ۋەدە قىلغان ۋاقتىنىڭ ئىچىدە. خۇدا خالىسا،ئەتە مۇرادىڭ ھاسىل بولغۇسىدۇر، — دېدى ئەفلاتون

ئىسكەندەر ۋە خالايىقلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئۈمىدلەندى.

ئەلقىسسە، ئەفلاتوننىڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا قورقماي ۋەدە قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇ جاماس ھېكىمنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدىكى مۇنداق بايانلارنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلغانىدى: « بىر زامانلار كەلگەندە ئىسكەندەر شاھلار شاھى بولۇپ، جاھان مەملىكەتلىرىنى ئۆزىگە قارىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ كەشمىر شەھىرىنىمۇ ئالىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ

پادىشاھى مەللۇ دېگەن كىشى قېچىپ، قارا تاغ قورغىنىغا يوشۇرۇنىدۇ ۋە
خالايىقتىن ئوت بىلەن شامالنى تارتىۋالىدۇ. ئۇ قورغان پۈتۈنلەي تىلسىم
بىلەن بىنا قىلىنغان. قورغان ئىچىدە تاشتىن ياسالغان بىر ئۆي بار. ھېكمەت
ئىگىلىرى بۇ ئۆينىمۇ تىلسىم بىلەن تۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە شامالنى قاماپ
قويغان ئىكەن. چۈنكى ئىلگىرىكى زامانلاردا شامال ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ
ۋە قاتتىق چىققانلىقتىن، خالايىقلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەنىكەن. دانىش-
مەنلەر شامالنى ئۇ ئۆيگە قامىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىن يۇرتنىڭ
ئېھتىياجىغا قاراپ بىر تۆڭلۈك ئېچىپ قويغان. شامال بۇ تۆڭلۈكتىن نورمال
ھالەتتە چىققانلىقتىن، كەشمىر ئەھلى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان. ئىس-
كەندەر شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن بۇ تۆڭلۈك مەللۇنىڭ پەرمانى بىلەن
ئېتىپ تاشلىنىدۇ ـ دە، شەھەردە شامال پۈتۈنلەي توختايدۇ. قورغان ئى-
چىدە يەنە تىلسىمدىن بىنا قىلىنغان بىر قۇدۇق بار، بۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزى
كىچىك، ئەمما تۈۋى مۇشۇ قورغاننىڭ كەڭلىكىدەك كېلىدۇ. بۇ قۇدۇقنىڭ
تېگىدە بىر ئوتخانا ياسالغان ۋە كەيۇمەرسنىڭ زامانىدىن باشلاپ ئوت قالمى-
غانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ھەيكەل ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كورەك
قويۇلغان. بۇ ھەيكەل ئىلمىي ھېكمەت ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن
بولۇپ، دائىم كورەك بېسىپ، ئوتنى يالقۇنجىتىپ تۇرىدۇ. كەشمىر
شەھىرىدىكى ئوتنىڭ مەنبەسى، ياق بەلكى تىرىكلىك قۇياشىنىڭ تۇغى-
دىغان جايى ئەنە شۇدۇر. بۇ شەھەردىكى چاقماق تاشلىرىنىڭ ئوتىمۇ ئاشۇ
جايغا بەند قىلىنغان. ئۇ ھەيكەل كورەكنى بېسىپ، ئوتخانىنىڭ ئوتلىرىنى
يالقۇنجىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق ئاغزىغا ئوتنىڭ شولىلىرى ئۆرلەپ
چىقىدۇ. كەشمىر خەلقى مۇشۇ ئوتتىن بەھرىمەن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر
بىرەرسى ئۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويسا، ئوت يەر تېگىگە خۇددى قۇ-
ياش پاتقاندەك پىنھان بولىدۇ، كەشمىر خەلقى ئوتتىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئىسكەندەر كەشمىرنى ئالغان چاغدا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا مۇشۇ تەدبىرنى ئىشلىتىپ، تاقابىل تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ھېكمەت ئىگىلىرى ئىسكەندەرگە بۇ ئىشنى ھەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشىدۇ. بىراق ئۇلار ئىچىدە ئەفلاتون ئەڭ قابىل ئالىمدۇر. بۇ مۇشكۇلات شۇنىڭ قولى بىلەن ئاسان بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئەفلاتۇن لەخمىنى ئاچسۇن. ئاندىن ساناپ تۇرۇپ ئۇن يەتتە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، ئىككى تەرەپكە ياخشىراق نەزەر سېلىپ مۇلاھىزە قىلسۇن. ئۇ لەخمىنىڭ ئاغزىنى تېپىپ، شۇ يەردە چېدىر تىكسۇن. ئۇ يەردە ئىككى تەرەپتە كۆمۈشتىن ياسالغان ئىككى لەۋھە بار. ئۇ ئىككى لەۋھەنى ئىككى تەرەپنىڭ تېمىغا چاپلىۋەتسە، ئۇ يەردىن ئىككى يول ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىدىن شامال، يەنە بىردىن ئوت ئەلەڭگۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېكىتىلگەن يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دەرھال تاشقىرىغا قايتىپ چىقسۇن، ئېچىلغان يولنىڭ بىرىدىن شامال چىقىپ قورغاندىكىلەرنىڭ بېشىغا شۇنداق قىيامەتلىرنى سالىدۇكى، قورغاننىڭ بارلىق ئالىي ئىمارەتلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلايدۇ. خەلقى ھالاك بولىدۇ. قۇدۇقتىن يالقۇنجاپ چىققان ئوتلار قورغانغا تۇتىشىپ، نە سېپىل، نە راۋاقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەلقلەرمۇ كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ، ھەتتا كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەفلاتون تاشقىرىغا چىقىپ قارىسا، ئوت بىلەن شامالنىڭ شەھەرگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، بۇ چاغدا، ھېلىقى ئىككى لەۋھەنى تامغا تۇغرىلاپ، ئازراق تۆشۈك قالدۇرۇپ قالغان جايلارنى مەھكەم ئېتىۋەتسۇن. يېرىق ۋە دەز كەتكەن جايلارنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرسۇن، شۇندىن كېيىن ئوت بىلەن شامال پەسىيىپ، مۇۋاپىق ھالەتكە كېلىدۇ.» ئەفلاتون بۇ بايانلارنى ئوقۇغان بولغاچقا، ئىسكەندەرگە بۇ ئىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەندى.

ئۈچ كۈن مۆھلەت توشقاندىن كېيىن ، ئەفلاتون بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ ،ئۇ لەخمىنىڭ ئاغزىنى تاپتى ـ دە، شۇ يەردە چېدىر تىكتى ، كەچ كىرگەندە ئىسكەندەرنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ :

— بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بولدۇم ، ئەمدى پەقەت بىرلا ئىش قالدى .سېنىڭ تەلەي ـ ئىقبالىڭنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۇ ئىككى يول ئېچىلىدۇ . بۇ يولدا سېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭ بىلەن ھىممىتىڭ ۋە شىجائە-تىڭ لازىمدۇر . سەن مەن بىللە كىرىپ ، ئىككى لەۋھەنى سۇندۇرغىن . بۇ ئىشنى بېجىرسەڭلا ، ئاجىزلارنىڭ ئىشى ئاسايىشلىقتا ئايلى-نىدۇ .

ئەفلاتۇنىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ، ئىسكەندەر بىرنەچچە مەھرەملىرى بىلەن بىرگە ئاتلىنىپ ، لەخمە تەرەپكە قاراپ يۈردى . ئەفلاتون ئىسكەن-دەرنى قارا تۈندە لەخمە ئاغزىغا ئېلىپ باردى . ئۇلار ھەمراھلار بىلەن بىللە لەخمە ئىچىگە كىردى . مۇلاھىزە بىلەن يۈرۈپ ، كۆمۈشتىن ياسالغان لەۋ-ھەنى تاپتى . بۇ ئىككى لەۋھەت ئوت بىلەن شامالنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قويۇلغانىدى . ئىسكەندەر ئەفلاتوننىڭ ئەمرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ، بۇ ئىككى لەۋھەنى كۆرگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى . ئۇ ئەفلاتوننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ، ھەقنى يادىغا ئېلىپ تۇرۇپ ، ئۇ ئىككى لەۋھەنى شۇنداق تەپتىكى ،ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياندىكى تامغا چاپلىشىپ قالدى . ئۇلار دەرھال لەخمىدىن قېچىپ چىقتى ـ دە ، سىرتتا قورغان تەرەپكە قاراپ تۇردى . بىر نەپەس ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئوت قورغان ئىچىدىن كۆككە ئۆرلەپ چىقتى . بىردەمدىلا شامال پەيدا بولۇپ ، قورغاندىكىلەرگە قىيامەت كۈنىنى كۆرسەتتى . قورغان ئىچىدە قىيا ـ چىيا ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى . ئىسكەندەر بىلەن ئەفلاتون يەنە لەخمە ئىچىگە كىرىپ ، ئېچىلغان ئىككى يولنىڭ ئې-غىزىنى تاش ۋە گەج بىلەن پۈختىلاپ ئېتىپ ، ئوت بىلەن شامالنىڭ

چىقىشىغا ئۆز لايىقىدا يول قالدۇرۇپ قويىدى. قالغان جايلارنى مەھكەم باغلىدى. شۇندىن كېيىن ئوت بىلەن شامالنىڭ شىددىتى ئازايدى. ئاندىن بۇ ئىككىيلەن خاتىرجەم بولۇپ، قايتىپ چىقتى. ئۇلار خۇشال - خۇرام هالدا لەشكەرلىرى قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىگە، ئارقىسىدىن ئاھۇ پىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. قارىسا بىر توپ خالايىق لەخمە ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. قورغانغا ئوت چۈشۈپ ئەۋجىگە چىققان شامال شىددەت بىلەن ھەر تەرەپكە تاشلانغاندا، بۇ ئوتتىن قورغان ئەھلىنىڭ يۈرەكلىرى كاۋاپ بولۇپ، شامالدىن پاراكەندە ۋە سەرسان - سەرگەردان بولدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئوتتا كۆيۈپ، قالغانلىرى شامالدا سورۇلۇپ ھالاك بولدى. قالغانلىرى باشلىرىنى ئېگىشكەن ھالدا ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە مەللۇ ئىسىملىك ھەبەك ۋە ئۇنىڭ فىرۇز ناملىق ئوغلى، مېھرىناز ئىسىملىك قىزىمۇ بار ئىدى. بۇ قىز گۈزەللىكتە ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياشنىڭ ئۆزى ئىدى. مەللۇ ئىسكەندەرنى كۆرۈش بىلەنلا بېشىنى يەرگە قويدى. ئۇ خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ياش تۆككەن ھالدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى، نەزمە:

كى شاھا، قاشىڭدا گۇنەھكارمەن،
جەزا ھەرنە قىلساڭ سەزاۋارمەن.
ئەگەر ئەفۇ جۇرمۇمغە شامىلدۇرۇر،
تىرىلمەك ماڭا ئەسرۇ مۇشكىل ئىرۇر.

مەللۇ ئىسكەندەرگە ئۆزىنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى ئىزھار قىلىپ:

— ئوت ۋە شامال سەۋەبىدىن ھاياتلىقىم بەرباد بولۇش گىردابىغا بېرىپ يەتتى. يەنە سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇياتلىق ۋە گۇناھلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھەر ھالدا ئۆلۈمىم جەزىملەشتى. ئەگەر سېنى ئامەت ۋە ئىقبالغا

www.uyghurkitap.com

ئىگە قىلىسۇن ۋە ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن . ئەگەر مېنى دېسەڭ ئاخىرقى ئۆمرۈنىدە خۇشال قىلاي دېسەڭ ، بۇ ئىككى پەرزەنتىمگە كەڭچىلىك قىلىپ ، مېنى شاد قىلغىن ، — دېدى .

ئىسكەندەر مەللۇنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ۋەھىمە ۋە خەۋپ - خەتەرنى چىقىرىۋەتتى .

— بۇنداق بولۇشىنى بىزدىن كۆرمىگىن ، — دېدى ئىسكەندەر مەللۇغا ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ . ئەمدى يۈزۈڭنى تۇپىراققا قويۇپ ، ئاجىزلىق بىلەن كەچۈرۈم سوراۋاتىسەن . شۇڭا كەڭچىلىك قىلىپ ، گۇناھلىرىڭغا ئەپۇ قەلىمى بىلەن سىزدىم . قىلغان ئىشلىرىڭنى سۈرۈشتۈرمەيمەن ، ئەگەر سالامەت بولساڭ ،يۇرتۇڭغا باج خىراجەتنى تولۇقتىنىپ قويۇپ ، ساڭا يەنىلا تەخت ۋە تاجىڭنى ئىنئام قىلىمەن . مەملىكىتىڭنى يەنە ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىپ ، ئۇنىڭغا سېنى پادىشاھ قىلىمەن . ئاندىن بىز چىقىپ كېتىمىز . سەن ماڭا بەلگىلەنگەن باج - خىراجنى ۋاقتىدا ئەۋەتىپ تۇرساڭلا بولىدۇ . ئەگەر بۇنىڭغا ئۆمرۈڭ يار بەرمىسە ، ئوغلۇڭنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززىتىنى قىلىپ ، ئۇنى سېنىڭ ئورنىڭدا يۇرتىڭغا پادىشاھ قىلىمىز . يەنە قىز پەرزەنتىڭنىمۇ ۋىسال ھەرىمىگە خاس قىلىپ ، نىكاھىمغا ئېلىپ ، ئۇنى ئۆزۈمگە سىرداش ۋە ھەمراھ قىلىمەن ، سەن بىلەن توغقان بولىمىز .

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن ، مەللۇ خۇشال بولغان ھالدا ، جېنىنى ئىسكەندەرگە پىدا ئەيلەپ ، ۋاپات بولدى . ئىسكەندەر ئۇنىڭغا مېھمان بولغانلىقى ئۈچۈن ، مەللۇ بۇ مېھمانىنىڭ يولىغا ئۆزىنىڭ جان جەۋھەرلىرىنى چاچقۇ قىلىش ئارقىلىق كۈتۈۋالدى ،

مەللۇ ئۆلگەندىن كېيىن ، پۈتكۈل دۆلەت ئەمەلدارلىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرى يىغىلدى . ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا بىر نەچچە كىشىنى تەيىنلەپ ، ئۆلۈكنى شاھانە تەرتىپ - قائىدىلەر بويىچە زىننەتلەپ چىقتى . ئاندىن باشقا شاھلارنى ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈشكە تەيىنلىدى .

ئۇلار مەللۇنى ئۇنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادلىرى دەپنە قىلىنغان زاراتكاھلىقتا ئىلىپ كېلىشتى. مەللۇ ئۇ يەردە ئۆزىگە ناھايىتى كاتتا يەرلىك تەييارلاپ، پەشتاقلىرىغا قەدەر پۈتكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنى ئاشۇ جايغا دەپنە قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە پۈتۈن دۆلەت بويىچە ئۈچ كۈن قاتتىق ماتەم تۇتۇلدى. يىغا ـ زارە قىلىشتى. ئاندىن ئىسكەندەر مېھرىناز بىلەن فىرۇزنىڭ قارىسىنى ئۇشتۇپ، ماتەمدىن تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن بىر شاھانە زىياپەت تۈزدى. ئۆزى تۇققۇز پەشتاقلىق تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى. باشقا شاھلار يىراقتىن ئىككى سەپكە تىزىلغان ھالدا ئىككى تەرەپتە ئورۇن ئالدى. باشقا خالايىقلارمۇ ھەربىرى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشتى. ئىسكەندەر ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلەرنى كۆرسىتىپ، دۈشمەنلىرىگە دوستلارچە زىياپەت بەردى. بۇنداق نېمىلەرنى بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. پەلەك داستىخىنىدەك كەڭ داستىخانلاردىن تۈمەن ـ تۈمەنلەپ سېلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇياشتەك نانلار تىزىلدى. ھېسابسىز ئات ـ كالا ۋە قويلار سويۇلدى. ئاش ئورنىغا تاۋاق ـ تاۋاقلاردا كاۋاپلار تىزىلدى. زىياپەت ھەددىدىن تاشقىرى مول بولدى. جاھان خەلقى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇپ، سۆيۈندى. بۇندىكى ھالاۋەت ۋە پاراغەتلەرنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇئا ـ تەكبىر قىلىشتى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن دۆلەت ئەركانلىرى كېلىپ، فىرۇزنى زىننەتلىدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئالتۇن تاج كىيدۈرۈپ، زەرباب تون ئۈستىگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ قويدى. يەنە كەشمىرنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىدىن ئۈچ تۇققۇز كىشىگە تون، ساۋۇتلارنى تەقدىم قىلدى. 200 كىشىنىڭ ئالدىدا دۇبۇلغىلارنى قويدى. يەنە ئىككى مىڭ كىشىگە يالاڭ تونلارنى سوۋغا قىلدى. ئۇلار سۆيۈنگىنىدىن ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈشتى. ئىسكەندەر يۈكۈنگەنلەر ئىچىدىن فىرۇزنى چاقىرىپ، ئەلگە پادىشاھ بولغانلىقىنى جاكار-

لىدى . ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە چارە يوق . بۇ جاھاندىكى شاھ ۋە گادايلارنىڭ بارىدىغان جايىمىز ئەنە شۇ زەرەتگاھتۇر . مەيلى شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ، بۇ ئالەمدىن كەتمەي ئامالى يوق . ئۇنىڭ قانچە ئۆمۈر كۆرگۈسى بولغان تەقدىردىمۇ ، لېكىن داۋاملىق ياشاپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ ئالەمدە ئالىي تەخت ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن بېزەلگەن كىشىمۇ ئاخىر بىر كۈنى تاۋۇت تاختىسىغا موھتاج ۋە ئۆلۈم ئىلكىدە يالىڭاچ بولىدۇ . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇ جاھاندىن ھېچكىم كەتمەي قالمايدۇ . شۇڭا بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىمىزنى ھەر دائىم ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك . بۇ دۇنيا بولسا بىر ئېكىنزاردۇر . ھەممە كىشى بۇ ئالەمدە تېرىغاننى ئۇ ئالەمدە ئورۇپ ، ئوزۇقلىنىدۇ . ھەر بىر كىشىگە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئاخىرەت دەسمايىسى بولىدۇ . بىراق شاھلارنىڭ ئاخىرەتلىك دەسمايىسى بولسا ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن يۇرت سوراشتىن ئىبارەت . سېنى بۇ يۇرتقا پادىشاھ ، بەلكى بۇ ئەلگە باشپاناھ قىلدىم . خەير - ئېھسان ۋە ياخشىلىقنى ئادەت قىلىپ ، ئادالەت يولىنى تۇتقايسەن . پۇقرالارنى باياشاد ، يۇرتنى ئاۋات قىلغايسەن .

ئىسكەندەر فىرۇزغا يۇقىرىقىدەك ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلىپ ، ئۇنى ئىككىلا دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىغا سازاۋەر قىلدى . ئۇنىڭغا ھەققەت يوللىرىدىن تەلىم بېرىپ ، ھەققانىيەتنى ئۆگەتتى . فىرۇز شاھمۇ يەر سۆيۈپ ، بۇ سۆزلەرنى جان دىلدىن قوبۇل قىلدى .

— ئارزۇپۇم شۇكى ، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ، دېگىنىڭ بويىچە ئىش كۆرىمەن ، — دېدى ئۇ ئىسكەندەرگە تەزىم قىلغان ھالدا ، — لېكىن ئۆزەرە ئېيتىشقا ئاجىزمەن . ئاتامنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ناھايىتى خىجىل بولغاندىم . بىراق ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى ساغلام بولمىغاچقا ، نەسىھەتلەرگە



www.uyghurkitap.com

قـوٗلاق ـ سـالـمـايـتتى . شۇ سەۋەبتىن ئۇ پادىشاھى ئالەمنىڭ پەرمانىدىن باش تـارتـتى . مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغانىدىم . بىراق ئۇنىڭ تـەلـەي ـ ئـىقبالى يانغان بولغاچقا ، نەسىھەتنى زادى ئاڭلىمايتتى . ئىنشائاللا ، ئەمـدى تەڭرىدىن ئۈمىدىم شۇكى ، ھەزرىتىڭىزنىڭ قۇللۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ ، ئـىنئام ـ ئېـھـسـانلىرىڭىزدىن بەھرىمەن بولغايمەن . گەرچە ئاتام ئۆزىنىڭ قېرى-لـىـقـى تۈپەيلىدىن خاتا قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن مەن سىزنىڭ كەچۈرۈملىكىڭىزگە ئىشىنىپ ، ياخشىلىقلىرىڭىزنى ناھايىتى كۆپ كۆردۈم . شۇڭا ، مەن ھەرگىز خاتا ئىش قىلمايمەن .

ئـىـسـكـەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇنى ئاتىسىنىڭ تەخ-تـىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، كەشمىر ئېلىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى . گەرچە مەللۇ قېـرىـلىق بىلەن ئاجىزلاپ ، بۇ ئالەمدىن كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئور-نـىـدا يـاش ۋە قـاۋۇل ئوغـلـى ئىـز بـاسار بولۇپ ، تەخت ۋە تاجىغا ۋارىسلىق قىلدى . **ساقىينامە :**

ئاياقچى ، ماڭا جامى پىرانە تۇت ،
دېمەي خۇسرەۋانە ، فەقىرانە تۇت .
ھەمۇل جام بولسۇن ماڭا چارە رەس ،
كى باشدىن قىلىپمەن يىگىتلىك ھەۋەس .
مۇغەننىي ، ھەزىن نەغمە بۇنياد قىل ،
يىگىتلىكنىڭ ئەييامىنى ياد قىل .
كى ئول نەغمەدىن تازە ھۇشى تاپاي ،
ساغىنىپ يىگىتلىكنى جۇشى تاپاي .
نەۋائى ، بەسى گەنج ئالدىڭ ، دەرىغ ،
يىگىتلىكنى بەرباد قىلدىڭ ، دەرىغ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىتلىكدە يول ئۆردى نەفسى ھۇسۇد ،
نەدامەت قارىلىقدا ئەمدى نە سۇد .
بۇ سىددىققە ھەم تۇت مەيى پىرلىق ،
مەيى پىر ، لىق تۇت مەيى پىرلىق .
يىگىتلىك ھەباۋۇ ھەدەر كەتتى ئول ،
بارى خۇبلىقدىن گۇزەر ئەتتى ئول .
مەيى تۇتكى ، كەتكەي بارى ھۇشلۇق ،
كى ئاندىن ماڭا يەتسە بىھۇشلۇق .
چۇنان قالماغاي بارۇ يوقدىن ئەسەر ،
ئەسەر دېمەكىم ، بەل ئەسەردىن خەبەر .

**ھوشيار ئۇستاز نەسىھەتىنىڭ قەدرىنى بىلمەي ، ئىش ئۆتكەندە قىلغان پۇشايمىنىدىن پايدا تاپالمىغان غاپىل يىگىتنىڭ ھېكايىتى**

ئاڭلىشىمچە ، ئىلگىرى بىر ياش يىگىت بار ئىكەن . ئۇنىڭ قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن ، چىھرىمۇ دىلنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىكەن . بىراق ئۇ ئۆز ياشلىقىنىڭ تەقەززاسىدىن بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ ، قىش ـ ياز نەغمە ۋە شاراب بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن . ئۇنىڭ تەرىقەت ۋە ئەدەب ئەخلاق يولىدا پىر ئۇستاز دەرىجىسىگە يەتكەن بىر ھەمسايىسى بار ئىكەن ، ئۇ يىگىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك ۋە قوشنا ئىكەن . بۇ يىگىتنىڭ ناشايان ئىشلىرى ۋە غەلۋە ـ ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرغان ئۇستاز كۆپ تەڭلىكتە قالىدىكەن ، شۇڭا ئۇنىڭغا دائىم سىلىق ۋە يېقىملىق لەۋزى بىلەن پەندى ـ نەسىھەتلەرنى قىلىدىكەن . لېكىن ئۇ يىگىت نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي :

ــ ياشلىق دېگەن راھەت ـ پاراغەتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان ، قېرىلىق

بولسا، تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولىدىغان مەزگىلدۇر. تەقۋادارلىق، پەرھىزكارلىقنى قېرىغان مەزگىلدە قىلغان ياخشى، ـــ دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئۇ دائىم شاراب بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن. ياشلىق مەزگىلى ھەش ـ پەش دېگىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىدا مادار، تېنىدە قۇۋۋەت قالماپتۇ. ئۇ ئەمدى تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتلىنىپ قالغان پاسىقلىق ھەم زەئىپ ـ ناتىۋانلىق تۈپەيلىدىن ئىبادەت قىلالماپتۇ. قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قىلچىلىك زوق ۋە ھۇزۇر ئالالماپتۇ. ئۇ يىگىت شۇ ھالەتتە قېرىپ ئۆمرى ئاخىرغا يېتىپتۇ. ئۇ چاغدا پىر ئۇستاز ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە كىرىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغانىكەن. ئۇستاز ئۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا، بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ.

ـــ قانچە قېتىملاپ پەندى ـ نەسىھەت قىلغانىدىم، ـــ دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا، ـــ لېكىن سەن قۇلاق سالماي، ئورۇنسىز ئىشلارنى قىلدىڭ. بېشىڭغا مۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟

ئۇ كىشى لېۋىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ:

ـــ ئۇ چاغدا مۇنداق تەجرىبە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتمىگەنىدى. قېرىغان چېغىمدا بۇنداق ناتىۋان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ياش ۋاقتىمدا ھەرگىز يامان ئىشلارغا يولىماس ئىدىم، ـــ دەپتۇ.

ـــ مەن ساڭا، نەسىھەت قىلغان چاغلاردا ئاتاڭ نەچچە ياشلاردا بار ئىدى، ـــ دەپ سوراپتۇ ئۇستاز ئۇنىڭدىن.

ئۇ كىشى ھېسابلاپ كۆرۈپ:

ـــ بىر يۈز ئون ئىككى ياشتا، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ـــ شۇ چاغدا ئاتاڭمۇ سېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭدەك زەئىپ، ناتىۋان

www.uyghurkitap.com

هالەتتە بولغىيدى ، — دەپتۇ ئۇستاز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا — ساڭا ،
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەجرىبە بولامدۇ ؟

ئۇ كىشى ئاڭلاپ ، بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولۇپتۇ .

كىمگە تەگرى تەرىپىدىن ياخشىلىق يەتسە ، ئۇ كىشى چوقۇم باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدىن تەجرىبە - ساۋاق ئالىدۇ .

**ھېكمەت ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن : « قېرىلىقتا كىشىنىڭ پۇت - قولىدىن ماغدۇر ، جىسمىدىن ھوزۇر كېتىدۇ . ئەقىل - پاراسىتىمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ياشلىقتا كىشىنىڭ تەبىئىتى ياخشى ئىشلارغا مايىل بولمايدۇ » دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ، ئۇ دانىشمەن ھېكىمنىڭ قېرىلارغا خاس چوڭقۇر تەپەككۇرى بۇ بەختلىك ياش پادىشاھقا يول كۆرسەتكەنلىكى**

ئىسكەندەر ئەرەستودىن مۇنداق سوئال سورىدى :

— يىگىتلىك مەزگىلىدە ھەر قانداق ئىشنى ئاخىرغا يەتكۈزۈش ئاسان . يىگىتلىك دەۋرىدە كىشىنىڭ ھەممە ئىشقا زوق - ئىشتىياقى ، لەززىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . كىشى قېرىغاندا ئۇنىڭدا ھېچ ئىشقا زوق - ھەۋەس ، كۈچ - قۇۋۋەت قالمايدۇ . شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ياش ۋاقتىلىرىدا يامان ئىشلارغا كۆڭۈل بېرىپ ، ياخشى ئىشلاردىن قاچىدۇ ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەرگىن .

ئەرەستو بۇ سوئالغا جاۋابەن مۇنداق سۆز باشلىدى :

— ئادەم كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭدا ئەقىل - ئىدراك ئاز ، تەبىئىتى بىلىم ۋە پاراسەتلەردىن يىراقراق بولىدۇ . بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ھەمىشە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ . ئەقىل - ئىدراكنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن داۋاملىق نەپسىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىپ ، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىدۇ . ئادەم بالىلىق دەۋرىدىن ئۆتۈپ ، ياشلىق مەزگىلگە قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ دىلىنى ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى يورۇت-

دۇ . بۇ مەزگىلدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل كۈچ بولىدۇ . ئۇنىڭ بىرى ئەقىل ، يەنە بىرى نەپسىدۇر . ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى كۈچلۈك بولۇپ ، ياخشى ئىشلارغا كۆڭلىنى بەرسە ، بۇنداق كىشى پۈتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىدۇ . خالايىق ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ قالىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ نەپسى ئەقلىدىن كۈچلۈك بولۇپ قالسا ، ئۇ تەبىئىي ھالدا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ . نەپسى ئۇنى ھەر قانداق ھاۋايۇ ھەۋەسكە ، يامان ، چاكىنا ئىشلارغا بۇيرۇسىمۇ رەت قىلىشقا ئىلاجىسىز قالىدۇ . ئۇنى شۇ ھامان ئورۇندايدۇ . نەپسىنىڭ خاھىشى ھەر قانداق ۋاقىتتا خاتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارغا مايىلدۇر . ھەر كىم ئۆزىنىڭ روھانىيىتىنى پاك ۋە تازا تۇتسا ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەقىل شامى يورۇتۇپ ، مۇنەۋۋەر قىلىدۇ . ئەقىللىق ، بىلىملىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ . قېرىغاندىمۇ بارغانسېرى پاك ۋە دانىشمەن بولىدۇ ، ھەر قانداق ئىشنىڭ بېشى ياشلىق دەۋ- رىدىن باشلىنىدۇ . كىشى ياشلىقتا قايسى ئىشقا مايىل بولسا ، قېرىغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ ياققا تارتىدۇ . ياشلىقتا قانداق ئىشقا كۆڭۈل بەرسە ، قېرى- غان چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق ئىش نامايان بولىدۇ .

**كۆڭۈل سېھرىلىك چاچتىن قاپقارا خالغا مايىل بولۇپ قالغاندەك ، ئىسكەندەرنىڭ كەشمىردىن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقى ، رايى ھىندىنىڭ دۆلەت كاتتىلىرى ۋە ھېكمەت ئەھلىنى ئارىغا سالغانلىقى ، ئۇلار ئىسكەندەر ئالدىدا قۇل پادىشاھتىن ئۆز گۇناھىنى تىلىگەندەك ئۆزرە ئېيتىپ كەچۈرۈمگە ئېرىشكەنلىكى ، رايىنىڭ ئىسكەندەرنى ھىندىستان تەرەپكە باشلاپ ، گۈزەل باغۇ بوستانلاردا قىشلاشقا تەكلىپ قىلغانلىقى ، ئۇ بوستانلارنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ چەك - چېگرىسىغا يەتكىلى بولمايدىغان تەرىپى ، بەلكى بۇنداق يەرنىڭ پۈتكۈل روبى زېمىندا تېپىلمايدىغانلىقى**

تارىخ ئەھلى بۇ داستانغا مۇنداق ھەرپلەرنى يازدى :

www.uyghurkitap.com

ئەلقىسسە : ئىسكەندەر فىرۇز شاھقا كەشمىرنى بېرىپ ، ئۇنى تەخت ۋە تاج بىلەن ئۇلۇغۋارلىقتا ئىرىشتۈردى .تاپشۇرىدىغان باج ـ خىراجنى بەلگىلەپ ، ئۆز ئىلىگە پادىشاھ قىلدى . ئاندىن ئۇنىڭ لەشكەرلىرگە يول خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بەردى ۋە فىرۇز شاھقا :

— سەن ھازىردىن باشلاپ ھېچ ئىشقا مايىل بولماي ،جىددىي تەييارلىق قىلىپ ، ئارقىمىزدىن پات پۇرسەت ئىچىدە ھىندىستانغا يېتىپ بارغىن ، — دېدى .

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن ھىندىستان تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى . ئۇنىڭ لەشكەرلەر دەرياسىغا شاۋقۇن ـ سۈرەت چۈشتى . يول يۈرگەندە ئۇلارنىڭ چاڭ-توزانلىرى پەلەككە يېتەتتى . ئۇلار مەنزىلمۇ مەنزىل يۆتكىلىپ ،ماڭغان يوللىرىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ ، بەلگە سېلىپ ماڭاتتى ، قەدىمى ھەر بىر دىيارغا يەتسە شۇ دىيارنى ئېلىپ ، ئۆزىگە تەۋە قىلاتتى . يۇرتنى يامانلاردىن تارتىۋېلىپ ،ياخشىلارغا بېرەتتى . باشتۇڭلۇق قىلغانلارنىڭ بېشىنى پەس قىلىپ ،ناتىۋان ھالغا كەلتۈرەتتى . ھىندىستانغا بارغۇچە ئادالەت ۋە ئېھساندىن چۆللەرنى ئاۋات قىلىپ باغۇ ـ بوستانغا ئايلاندۇردى . بۇ خەۋەر ھىندىستان پادىشاھى رايى ھىندىغىمۇ ئاڭلاندى . راي ئىسكەندەرنىڭ كەشمىرگە كەلگەندە شۇ قەدەر كۈچلۈك سېھرگەرلەرنى ئاجىز قىلىپ ،چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن تىلسىملارنى ئېچىپ ، ئاخىر كەشمىرنى قولغا ئالغانلىقىنى تولۇق ئاڭلىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىپ ، تەڭ كېلىشنىڭ زادى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى شەك ـ شۈبھىسىز جەزملەشتۈردى . ئىسكەندەرنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ،ھەددى ھېسابسىز پىشكەشلەرنى تەييارلىدى . ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ، ئېسىل ماتالاردىن توققۇز تۇققۇزنى چىگىپ تەييارلىدى . ھەرخىل ئېسىل ۋە ھەيۋەتلىك پىللاردىنمۇ توققۇزنى ،يەنە بىر رىۋايەتتە ئوتتۇز توققۇزنى

تەييارلىدى. ئۇ پىللارنىڭ ھەر بىرىدىن زېمىن ۋە زامان تىترەيتتى. ھەربىر پىلنىڭ جىسمى تاغدەك بار ئىدى. كۈچ - قۇۋۋىتى بولسا، تاغلارنى تالقان، بەلكى چاڭ توزانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ جىسمى تاغقا ئوخشىسا، مېڭىشلىرى بىر زور كېمىگە ئوخشايتتى، ئۇنىڭ بېشى تاغنىڭ ئۇچىدىكى غايەت زور بىر قورام تاشقا ئوخشايتتى. قۇلاقلىرى كېمە بېشىغا ئورنىتىلغان ئىككى يەلكەنگە ئوخشايتتى. بۇ پىللارنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى كېمە ئەمەس، بەلكى بۈيۈك ئاسماندەك، ھەربىرىنىڭ خارتۇمى گوياكى بىر سامان يولىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خارتۇم ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن چوڭ كاناي، ياق، سۆلەت - سالاپەتتە ھەيۋەتلىك ئەجدىھانىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ پىللار خارتۇمى بىلەن چىرماپ تارتىدىغان بولسا، ئۇزۇن يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، پەلەك بىلەن بوي تالاشقان ھەيۋەتلىك چىنارلارنى غولىدىنلا ئۇزۇپ تاشلايتتى. بىر تۇرتۇش بىلەنلا سىدىرە دەرىخىدەك يۈكسەك ۋە مۇستەھكەم مۇنارلارنى ئۆرۈۋېتەتتى. مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك پىللارنىڭ ھەر بىرىگە يەتتە قىسىما يوپۇقلارنى يېپىپ، ئۇلارنى ئالتۇن ۋە لەئىلى - جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلىگەنىدى. ھەربىر پىلغا بىر خۇش قامەت پىل باققۇچىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆسنى جامالدا تەڭداشسىز ئىدى. ھەربىر پىلنىڭ ئۈستىدە بىردىن تەخت قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئىچىدە توققۇز نەپەردىن ھىندى غۇلاملىرىنى جايلاشتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى گۈزەللىك ۋە خۇش خۇيلۇقتا كۆز قارىچۇقىدەك ئەزىز ۋە شوخ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېرىق ۋە قىزىل لىباسلارنى كىيگەن ھالدا، مېڭىپ كېتىۋاتقان پىللارنىڭ ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇراتتى. يەنە ھەرخىل ئېسىل ئاتلاردىن يەتتە توققۇزنى تەييارلىدى. بۇ ئاتلارنىڭ ھەربىرى پىلدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر توققۇزى بىرخىل رەڭدە بولۇپ، گۈزەللىكتە باشقا رەڭلەر بىلەن ھۆسن تالىشىپ تۇراتتى. قارىماققا بۇ

www.uyghurkitap.com

ئاتلارنىڭ ھەر بىرى بىر پەرىدەك، ئەمما چوڭلۇقتا دىۋىدەك كۆرۈنەتتى. ئاتلارنىڭ ھەممىسى تاڭ شامىلىدەك چاپقۇر ۋە يۈگرۈك ئىدى. ئاتلارنىڭ ھەربىر تۇقۇزىغا بىر خىل رەڭدە قىممەتلىك ۋە ئۆزگىچە يوپۇقلارنى ياپتى. ھەممىسىگە ئالتۇن قۇڭغۇراقلارنى باغلىدى. ھەربىر ئاتقا بىردىن كېلىشكەن ۋە گۈزەل ھىندى چاكىرىنى مىندۈردى. ئۇلار ھەممىسى زەرباپ كىيىملەرنى كىيىپ، ئالتۇن كەمەرلەرنى باغلىغانىدى. ئۇ چاكارلار شۇ قەدەر شوخ ۋە چاققان ئىدىكى، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، نەيزىسىنىڭ ئۇچى بىلەنلا يەردىكى ساۋۇت ۋە قالقانلىرىنى ئالاتتى. ئۇلار قۇلاقلىرىغا ئالتۇندىن ياسالغان قۇللۇق ھالقىلىرىنى تاقىغانىدى. يەنە توققۇز تۇققۇز ئۇلاغدا نەپىس رەختلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەۋرىشىم ۋە نېپىز ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ئون قات كىيىم كىيگەن تەقدىردىمۇ يەنە بەدەن شۇنچە روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كىيىم كىيگەن ياكى كىيمىگەنلىكىنى بىلىش قىيىن ئىدى. يەنە قۇياشتەك شولا چېچىپ تۇرىدىغان ئالتۇن ئىدىش ۋە جاملاردىن توققۇز توققۇزنى تەييار قىلدى. گۈل يۈزلۈك غۇلاملار بىر قولىدا ئىدىشنى، يەنە بىر قولىدا جامنى تۇتقان ھالدا تەق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. يەنە شېكەر تىللىق، شېرىن سۆزلۈك تۇتىلاردىن توققۇز توققۇزنى تەييارلىدى. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى زۇمرەتتەك ياپيېشىل، تۇمشۇقلىرى ياقۇتتەك قىپقىزىل رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياقۇت ئېغىزلىرى سۆزلىگەندە گۆھەرلەرنى چاچاتتى. يەنە چىرايلىق تۇزلاردىن توققۇز توققۇزنى تەييارلىدى. بۇلار گۈزەللىكتە جەننەت تۇزلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار خۇددى زىبا سەنەملەردەك ئادەمنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنى ھەيران ۋە سەرگەردان قىلاتتى. ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى تىترەپ تۇرغان تاجلىرى گۈزەل جانانلارنىڭ باشلىرىغا قىستۇرۇۋالغان ئۇتىغاتلىرىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى ئۇۋلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەچچە ـ نەچچە ئۇلاغلاردا ئۇد، ئەنبەر، كاپۇر، ئىپار ۋە سەندەل-

لەرنى تەقلىدى. بۇ سوۋغا ـ سالاملارنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران، ھوشى سەرسان بولاتتى. يەنە ھىندىستاننىڭ بارلىق ئاكابىرلىرى، مۆتىۋەرلىرى، ئالىم ـ ئۆلىما، ھېكىم ـ ھۆكۈمرانلىرىنى يىغدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم ـ ھېكمەتتە ئەفلاتون ۋە ئەرەستودەك چېچەن، تەقۋادارلىقتا ۋە پاكلىقتا قۇياشتەك نۇرانە، سۆز ۋە نۇتۇقتا ئەيسا پەيغەمبەردەك ئىسسىق نەپەسلىك ئىدى. ئۇلارنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان سوۋغا ـ سالام ۋە پىشكەشلەر بىلەن قوشۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقارتتى. ئۇلارنى ماڭدۇرۇشتىن ئىلگىرى رايى ھىندى ئۆزىنىڭ ئۆزرەخاھلىقى ۋە بىچارىلىكىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن شاھلار شاھى ئىسكەندەرنىڭ كەمتەر چاكىرى، بېشىم ئۇنىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىنىڭ تۇپراقىغا مايىل. شاھى ئالەم بىلەن جەڭ قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم. ئۇنداق خىيال قىلىشقا ھەددىمۇ ئەمەس. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ھىندى نەسلىدىن بولغان كەمتەر بەندىسى دەپ بىلىمەن. خوش، شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتۇشتا قانداقمۇ بويۇنتاۋلىق قىلىمەن؟ شاھنىڭ يارلىقى يەتكەندە ئاجىزلىقىم تۈپەيلىدىن بارالمىدىم. ئەمما ئورنىمدىن تۇرۇپ، ئەلچىدىن يارلىقنى ئالدىم. ئۇنى سۆيۈپ، ئاندىن بېشىم ئۈستىگە قويدۇم. شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ شاھقا بولغان كەمتەرلەرچە سەمىمىي ھۆرمىتىمنى ئىزھار قىلغانىدىم. شۇ چاغدا شاھنىڭ خىزمەتلىرىگە بېرىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن بېرىشقا شارائىت يار بەرمىدى. شاھنىڭ پەرمانىغا بويۇن تولغاپ، باشتۇڭلۇق قىلمىغانىدىم. بەلكى ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى جان ـ دىلىمدىن قوبۇل قىلغانىدىم. بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى ئەلچىمۇ بايان قىلغان بولغىيدى. ئۇ چاغدا مەن مەجرۇھ بولۇپ، ئاغرىق ئازابىدا قالغانىدىم. بۇ ھەقتىكى ئۆزرىخاھلىقىمنى ئەلچىلەرگىمۇ ئىزھار قىلغانىدىم. پادىشاھىم ئەمدى ئۆزرىمنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ۋەيرانە ئېلىمگە چۈشۈپ،

شەپقەت ۋە مەرھەمەتلىرى بىلەن مېنى خالايىق ئىچىدە ئەزىز ۋە شادىمان قىلسا، بېشىم كۆككە يېتىدۇ. جېنىمنىڭ بارچە ئۇنىڭ قۇللۇقىنى بەجا كەلتۈرىمەن. تەڭرىم مېنى پادىشاھنىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە دۇچار قىلمىغاي. ئۇنىڭدىن كۆرە بىر جام زەھەر ئىچىۋالغىنىم ياخشىراق. ئەگەر مېنى گۇناھكار بىلىپ، قۇللۇقۇمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغىمۇ ئىلاجىم يوق. شاھىمنىڭ خاھىشىنى قوبۇل قىلماسلىقتا ھەددىم ئەمەس. سىلەر شاھىي ئالەمنىڭ ئالدىدا مېنىڭ بۇ ئۆزرە خاھلىقىمنى يەتكۈزۈپ، كەچۈرۈم سوراڭلار. سىلەر شەپقەت قىلىپ ئارىغا چۈشسەڭلەر، شاھىم ھەرھەممەت قىلىپ گۇناھىمدىن ئۆتەر.

رايى ھىندى بۇ قەدەر شېرىن سۆزلەر بىلەن دانىشمەن ـ ئۆلىمالارنى ئاياغقا تۇرغۇزۇپ، بارلىق سوۋغا ـ سالام ۋە پېشكەشلەرنى تاپشۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئۇلار سوۋغاتلارنى ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ باگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاۋۋال دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ھېكمەت ئىگىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، رايى ھىندىنىڭ سالام ئېھتىراملىرىنى يەتكۈزدى. ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمالىرىمۇ بۇ كەلگەنلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلدى ۋە ئەھۋالىنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى. تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ، كەلگەن مېھمانلارنى چاقىرىشقا پەرمان قىلدى. ئۇ رايى ھىندىگە بولغان غەزىپىنى ياندى. بۇ دانىشمەن ئۆلىمالارنىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. شاھنىڭ كۆزىگە بۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار بىر ياماقچىلىكمۇ كۆرۈنمىدى. ئەمما بۇ ئالىملارغا شۇ قەدەر ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر بۈيۈك شاھتەك كۆرۈپ ئەزىزلىدى. ئۇلارنى شاھانە ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئۇلار پەرمان بويىچە جايلاشتۇرۇلدى. ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەھلى سالاھ، ئالىم ۋە ھۆكۈما كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشكەن ھۇجرىلىرىغا شەخسەن

ئۆزى يوقلاپ باردى . ئۆزىنى ئۇلاردىن تۆۋەن تۇتۇپ ، كەمتەرلىك بىلەن ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈردى . مەجلىس ۋە زىياپەتلەرنى تۈزگەندە ، بۇ ئالىملارنى ، ھەقىقەت ۋە مەرىپەت ئىگىلىرىنى ئۆزىدىن يۇقىرى بىلگەنلىكتىن ، تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمەي ، تەكەللۇپسىز ھالدا شۇلار ئارىسىغا كىرىپ ، ئادەتتىكى ئورۇنلاردا ئولتۇردى . ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىناۋىتىنى ئەلا بىلىپ ، ھەممىسىنى ئۆزىگە لايىق ھالدا يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى . ھە دېگەندىلا ئۆزرەخاھلىقتا تىل ئېچىپ ، ئۇلاردىن ھاردۇق سورىدى .« ئۇزۇن يول يۈرۈپ ، كۆپ جاپا چەكتىڭلار » دەپ ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى . كەلگەن ئالىم ۋە ئۆلىمالار ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە مەدھىيىلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ، پادىشاھ رايى ھىندىنىڭ بارلىق ئۆزرىخاھلىقىنى تولۇق يەتكۈزدى . ئىسكەندەر بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپ خىجىل بولدى . پۈتكۈل سالىھلار ۋە ئالىملارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن مۇنداق دېدى .

— سىلەر نېمىنى ئىلتىماس قىلساڭلار ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى ئېلىش ۋە خاتىرجەم قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز . پادىشاھىڭىزلاردىن گەرچە ئاز - تولا سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەپۇ قىلىشقا تامامەن بولىدۇ . ھەتتا ئۇنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىر بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇنداق ئاجىزانە ھالىتىنى كۆرگىنىمدە چوقۇم رەھىم - شەپقەت قىلىپ ، ئۇنى كەچۈرگەن بولاتتىم . خۇسۇسەن ، سىزلەردەك مۆھتىرەم كىشىلەر كېلىپ ئارىغا چۈشۈپ ، ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن ئەپۇ سوراۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ، مەن ئۇنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلماي تۇرالايمەن ؟ گەرچە ئۇ ئاز - تولا سىياسەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا لايىق بولسىمۇ ، لېكىن مەن سىلەرنىڭ يۈز - خاتىرىڭلارنى قىلىپ ، ئۇنىڭ ھەممە سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈپ ، ئاداۋەتتىن قول يىغدىم . شۇڭا ئۇ بىزنىڭ شەپقەت ۋە ئىنايىتىمىزنى ئۆزىگە مۇقەررەر دەپ بىلىپ ، قىلچە ئەنسىرىمەستىن بارگاھىمىزغا كەلسۇن .

ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلىقتا بۇراپ، بېشىغا تاج كىيدۈرەي، تەختنى زىننەتلەپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ بېزىكگە ئايلاندۇراي، ئۇنىڭ شان - شەۋكىتى ۋە مەرتىۋىسىنى پەلەككە يەتكۈزەي. چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ مۇبارەك جامالىڭلارنى كۆرۈپ، بىللە ئولتۇرۇپ ھەمسۆھبەت بولۇپ، كۆڭلۈم ناھايىتى شادلاندى. يول ئازابى تارتىپ بۇياققا كېلىپ، مېنى تېخىمۇ كۆپ خوشاللىقتىن بەھرىمەن قىلدىڭلار. يول بويى تارتقان رەنج - مۇشەققەتىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن ۋە ناھايىتى كۆپ مىننەتدارمەن. قەدىمدىن بېرى شۇنداق بىر رەسمىي قائىدە باركى، بىر پادىشاھ كېلىپ بىر شەھەرنى ئالسا، ھۆكمىگە ئۆتكەن شەھەرنىڭ شاھىدىن بىر مۇنچە مال - دۇنيا تەلەپ قىلىدۇ. بىراق بىز سىلەرنىڭ خەلقىڭلارنىڭ ۋە شاھىڭلارنىڭ بۇ مال - مۈلكنى يېغىشتا ناھايىتى كۆپ قىيىنىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنداق رەسمىيەتنى ئالمايمىز. ھېچقانداق ئالۋان - سېلىق سالمايمىز. يەنە شاھلار كېلىپ ھۆكمىمىزنى قوبۇل قىلسا، تەبىئىكى، ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا باج - خىراج تاپشۇرۇش بۇيرۇلىدۇ. بىراق خەلقىڭلارنىڭ بۇنى بېرىشتە ناھايىتى كۆپ قىيىنىلىدىغانلىقىنى ۋە دىشۋارچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سىلەردىن ئىككى يىلغىچە باج - خىراج ئالمايمىز. خەلقنىڭ زىممىسىدىنمۇ ئىككى يىللىق ئالۋان - سېلىق، باج - خىراجەتنى كۆتۈرۈۋېتىمىز ۋە سىلەرنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىپ، ھەددى - ھېسابسىز ئىنئام ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. بۇ كىشىلەر ئىسكەندەرنىڭ كەڭچىلىك ۋە مەرھەمەتلىرىدىن شۇ قەدەر سۆيۈندىكى، ئۇنىڭ يولىدا تويا - تۇپراق بولۇپ كەتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. بۇ قەدەر چەك - چېگرىسىز ياخشىلىق ۋە ئىنئاملارنى كۆرگەن ئىلىم ئەھلىنىڭ تەشەككۈر ئېيتىشقا تىلى كەلمەي، دۇئا قىلىشقا ماجالى يەتمەي قالدى. بىراقلا يۇزلەنگەن بۇنداق

خۇشاللىقلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ جېنى چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى. ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن بىر ئاماللارنى قىلىپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە سۆزلىرىنى مۇنداق تىلەكلەر بىلەن باشلىدى:

— ئەگەر پەلەك چۆرگىلەپ، قۇياش پەلەك ئۈستىدە ئۆرگىلەپ تۇرسىلا، سىنىڭ تەخت ۋە سەلتەنىتىڭ كۆك ئەۋجىدە بەرقارار بولسۇن. قۇياش سېنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ياستۇقۇڭ، تەكىيەگاھىڭ بولسۇن. بەخت — تەلەي قۇياشى يۈزۈڭگە نۇر بەرسۇن، كۆڭلۈڭنى جاھاننەما ئەينەكتەك روشەن قىلسۇن. بىز جانابىڭنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە قورقۇنچ تۈپەيلىدىن شۇ قەدەر يامان ئەھۋالدا ئىدۇقكى، سۆزلەشكىمۇ تىلىمىز كەلمەي قالغانىدى. چۈنكى سېنى بىز باشقا پادىشاھلارغا ئوخشاش دەپ پەرەز قىلغانىدۇق. لېكىن تەڭرى باشقا پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىنى قارا تۇپراقتەك، سېنى بولسا نۇرلۇق چىراغدەك قىلىپ ياراتقانىكەن. باشقا شاھلارنى تەڭرى خەلق ئىچىدە شاھ قىلغان بولسا، سېنى شاھلار ئىچىدىكى شاھ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. سېنىڭ بۇنداق ئېسىل خۇي — مىجەزىڭ ۋە ياخشى پەزىلەتلىرىڭنى كۆرۈپ، كۆڭلىمىزدە قورقۇنچ، ۋەھىمە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. جانابىڭدا بۇنداق ياخشى خۇلق ۋە پەزىلەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. ئىشلىرىڭدىن ۋە سۆزلىرىڭدىن بىلىنىپ تۇرغان چوڭقۇر بىلىم ۋە ئەقلىي تەپەككۇردىن ھەيرانلىقىمىز ئۈستىگە ھەيرانلىق قوشۇلدى. سەندە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ قەدەر ئالىي سۈپەتلەرنى ھېچقانداق ئىنساندىن تاپقىلى بولمايدۇ. تەڭرى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى پەرىشتىدەك قىلىپ ئاپىرىدە قىپتۇ. بۇ جاھان سېنىڭدىن بىر نەپەسمۇ خالىي بولمىسۇن. رايى ھىندى ئەگەر سېنىڭ بۇ قەدەر ئالىيجاناپلىقىڭنى بىلگەن بولسا ئىدى، پۈتكۈل ھىندىستانغا پەرۋا قىلماستىن، دەرھال ھۇزۇرۇڭغا كېلىپ، دەرگاھىڭنى تاۋاب قىلغان بولاتتى. ئەگەر ئىجازەت بولسا، بىز تېزرەك قايتىپ، سېنىڭ قىلغان كەڭچىلىك ۋە

ياخشىلىقلىرىڭنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ غەمكىن كۆڭلىنى خۇشال قىلايلى. ئۇنى باشلاپ كېلىپ، قۇللۇقۇڭغا يېقىن قىلايلى. ئايغىنىڭ تۇپرىقىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يورۇتايلى.

— سىلەرنىڭ ئارزۇيۇڭلاردىن ئۆزگىسى ماڭا ھارام بولسۇن، — دېدى ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

بۇ ئالىم ۋە ئۆلىمالار جامائىتى ئىسكەندەر بىلەن يەر سۆيۈپ خوشلىشىپ، يولغا راۋان بولدى. خۇشال - خۇرام ھالدا رايى ھىندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەممە ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇنى چەكسىز خۇرسەن قىلدى، ئىسكەندەر دەرگاھىغا بېرىشقا دەۋەت قىلدى. رايى ھىندى بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، گوياكى ئۆلۈك ئابىھايات تاپقاندەك، پۈتكۈل غەم - غۇسسىلىرىدىن نىجات تاپتى. بۇ ئۆلىما ۋە ئالىملار جامائىتىنى ئالدىغا سېلىپ، دەرھال ئىسكەندەرنىڭ ئاستانىسىگە قاراپ راۋان بولدى. ئىلگىرىكى پىشكەشلەردىن نەچچە ھەسسە زىيادە سوۋغا - سالامنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى. بۇلارنى تەسۋىرلەشكە سان، سۆز ۋە سىياھ يېتىشمەيدۇ.

رايى ھىندى بۇ ئەھلى سالاھ كىشىلەرنى ئۆزىگە يول باشچى قىلىپ، توغرا يولغا كىردى. ئۇلارمۇ رايىنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلەپ، ئىسكەندەرنىڭ قۇياشتەك چەكسىز ئىنئام ۋە ئېھسانلىرىنى يول بويى ھارماستىن بايان قىلىپ، ئۇنى زەررىچىلەردەك ئۈمىدۋار قىلدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. رايى ھىندىنىڭ ئۆلىمالار بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەنلىكى شۇ ھامان ئىسكەندەرگە خەۋەر قىلىندى. ئىسكەندەر دەرھال ئۇلۇغلار ۋە دانالار مەجلىسى تۈزۈشكە پەرمان چۈشۈردى. مەجلىس راسلىنىش بىلەنلا رايى ھىندىنى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە باشلاپ كىردى. رايى ھىندى قىلىچىنى بوينىغا ئاسقان، بىر قولىدا كېپەن، يەنە بىر قولىدا باشقا ئۆلۈم جابدۇقلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ:

— دەرھال بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋېتىڭلار! ئۇ مېنىڭ

دەرگاھىمغا بۇنداق ھالەتتە كېلىدىغان دەرىجىدە چوڭ گۇناھ قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئالىملار ۋە باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىرگە كەلگىنىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى، — دەپ پەرمان قىلدى.

شۇندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قىلىچ ۋە كىپەنلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، ئېھ-تىرام بىلەن ئىسكەندەر قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ھالدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. رايى ھىندىمۇ ئىسكەندەرنىڭ ئاياغلى-رىنى سۆيۈپ، يۈزىنى يەرگە قويدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا چەكسىز ئىززەت-ئېكراملارنى قىلىپ، ئۇنى يۇقىرىغىراق تارتىپ، قايتىدىن يەنە بىر نۆۋەت قۇچاقلىدى. رايى ھىندى ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتى. بۇ قۇچاقلىشىشتىن ئۇنىڭ كۆڭۈللىرى ھېسابسىز شادلىققا تولدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا- سالاملارنى ئىسكەندەرگە تەقدىم قىلدى. ئىسكەندەرمۇ ئۇلارنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن رايىغا شاھانە قائىدە بويىچە يۇقىرى ئورۇن كۆرسەتتى. ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭلىنى بارلىق ۋەھىملەردىن ئازاد قىلدى. ئۇنىڭ خاتىرىدىن ھەممە غەم- ئەندىشىلەرنى تازىلىدى. ئىسكەندەر يەنە رايى ھىندى بىلەن بىرگە كەلگەن ئۆلىما، ھۆكۇما ۋە باشقا پەزىلەت ئىگىلىرىگىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ھېسابسىز ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلدى. مۇلايىم ۋە يېقىملىق سۆزلەر بىلەن پۈتكۈل ھىندى ئەھلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئوۋلاپ، ئۇلارنى ۋاپا ۋە مېھرى- شەپقەت سىرتماقلىرى بىلەن باغلاپ، ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئىس-كەندەر يۇمشاقلىق ۋە خۇش چاقچاقلىق بىلەن بەزمىنى قىزىتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپتە تارتىنىش ۋە ياتسىراشلار تۈگەپ، ئۇلار قىزغىن ۋە ئۇزاقتىن- ئۇزاق سۆزلەرنى بايان قىلىشتى.

رايى ھىندى ئىسكەندەرنىڭ بۇ چەكسىز ئىلتىپاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، تەسىرلىنىپ، ئورنىدىن تۇردى- دە، مۇنداق دەپ ئىلتىماس قىلدى:

— ئەي ئالەمنىڭ باش پاناھى، ھىندىستان مەملىكىتىدە بىرنەچچە ئاي

تـوخـتاپ ، بۇ ئەلگە جامالىڭ بىلەن زىننەت بەرگىن ، پەزىلەتلىرىڭ بىلەن بۇ تۇپراقنى نۇرلاندۇرغىن . بۇ ئەلدە تاماشا قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر بار . بۇ يەرنىڭ جاڭگال ۋە ئورمانلىرى ، گۈلزار ۋە باغۇ ـ بوستانلىرىدا ئاجايىپ قۇشلار ، ۋەھشىي ھايۋانلار ، بۇغا ـ ماراللار ۋە باشقا تۈرلۈك جانىۋارلار ، نازۇ ـ نېمەتلەر تولۇپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ . ئۇ يەرلەردە بىرنەچچە مۇددەت سەيلە ـ تاماشا قىلىش كىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەن خۇشاللىق ئىشتۇر . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش پەسلى يېقىنلاپ قالدى . قىش ۋاقتى دېڭىزدە شاراب ئىچىپ ، راھەت ـ پاراغەت سۈرۈشتىن باشقا ئىشمۇ قالمايدۇ . خۇسۇسەن ھىندىستاننىڭ قىش ۋاقتى ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە باھار ۋاقتىنى ئەسلىتىدۇ . بۇلۇتلاردىن يامغۇر يېغىپ ، دەرەخلەردە گۈللەر ئېچىلىپ ، خۇش پۇراقلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ . ھاۋا ساپ ۋە يېڭى بولىدۇ . ئىسسىق ـ سوغۇق ، بوران ـ چاپقۇن ۋە چاڭ ـ توزان بولمايدۇ . بۇ مەزگىلدە ھىندىس-تاندا تۇرۇپ ئارام ئېلىش ئەڭ ياخشى چارە . قۇياش مەھەل بۇرچىغا يۈزلىنىپ ، باھار مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە ، ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلسا ، قىلغىلى بولىدۇ . لەشكەر تارتىشنىڭ ئەپچىل ۋاقتىمۇ دەل ئاشۇ مەزگىل ھېسابلىنىدۇ . ھەرقانداق كىشى ئەنە شۇ چاغدا بىر ياققا ماڭىمەن دېسە ، ئۇ-نىڭغا يول بولسۇن دېسەكمۇ بولىدۇ .

بۇ سۆزلەر ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە خۇددى ئۇسساپ قالغان كىشىگە سۇ بەرگەندەك خۇش ياقتى . شۇڭا رايىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ :

— سەن قاياققا باشلىساڭ ، بىز قوشۇنىمىزنى شۇ يەرگە چۈشۈرۈپ ، بۇ قىشنى شۇ جايدا ئۆتكۈزىمىز ، — دېدى .

— دېھلى شەھىرى ھىندىستاننىڭ پايتەختىدۇر ، — دېدى رايى ھىندى مەسلىھەت بېرىپ — ، جانابىڭىزنىڭ شۇ يەرگە ، ئوردا ئىچىگە چۈشكىنىڭىز مۇۋاپىق .

ئىسكەندەر بۇنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى :

— لەشكەر ۋە سىپاھلار شەھەر ئىچىگە سىغمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ دالا ياكى ئورمانزارلاردا ئارام ئالغىنى تۈزۈك. سىغقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىشتىن پۇقرالارغا ھەرەج ۋە مالاللىق يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بىر كىشى بىزنىڭ ئالدىمىزدىراق بېرىپ، شەھەرنىڭ تاشقىرىسىدا بىر ئورۇننى كۆرۈپ قويسۇن. شەھەرگە يىراقراق بولۇپ قالسىمۇ ھېچقىسى يوق. شەھەر خەلقى تەشۋىشكە قالمىسىلا بولغىنى. قوشۇنلىرىم شەھەرگە ئورۇنلاشمىغانلىقىغا ئانچە غەم قىلىپ كەتمەيدۇ.

— ئەگەر شاھى ئالەم ئىجازەت بەرسە، — دېدى رايى ھىندى ئىلتىماس قىلىپ، — ئۆزۈم ئالدىن بېرىپ، قولچىلاپ خىزمەت قىلىپ، پادىشاھىمىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئارامگاھ بولالىغۇدەك بىر ئورۇننى تاپاي ۋە ئۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇراي. شۇنداق قىلمىغۇچە كۆڭلۈم خاتىرجەم بولمايدۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، رايىغا يېڭىدىن تاج، تون ۋە كەمەرلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاڭ شامىلىدەك تېز چاپىدىغان بىر ئارغىماقنى ئىگەر، يۈگەن ۋە ئۈزەڭگىلىرى بىلەن زىننەتلەپ، ئۇنىڭغا رايىنى مىندۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇنى ھىندىستان تەرەپكە ئۇزاتتى. ئىسكەندەرمۇ تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

پادىشاھ رايى ھىندى ئۆز ئېلىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەملىكەت خەلقىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. يۇرت خەلقى دۈشمەندىن ئامانلىق تاپقانلىقىنى بىلىپ، خۇشال بولدى. ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستان خەلقىگە ئىلتىپات ۋە ئېھسانلارنى قىلغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى سۆيۈندى. ئىسكەندەرنىڭ ھەققىگە ئاتاپ دۇئا قىلىشتى. رايى ھىندى ئەلنى بۇ ئىش بىلەن خۇشال قىلغاندىن كېيىن، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە كىرىشتى. ئارامگاھنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ناھايىتى جىددىي ئىشلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەلقىسسە، دېھلى شەھىرىنىڭ سىرتىدا بىر چەكسىز ئورمانزار بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «نىگار ئورمانزارى» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە قۇشلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. بۇ ئورمانلىق ئەمەس، بەلكى جەننەت بېغىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقىل تىلى ھەيرانلىقتىن گېپەچ بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەردىن ئەتىر پۇراقلىرىنى تارىتىپ تۇرغان مەيىن شامالлар بۇ قارا تۇپراقنى ئەنبەر ھىدلىرىغا چۆمدۈرگەنىدى. سەندەل ۋە قارا ياغاچ دەرەخلىرىنىڭ ھىدلىرى دىماغلارنى خۇش پۇراققا تولدۇراتتى. پۈتۈن ئورمانزاردىن خۇش بۇي ھىدلار تارقىلىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ بېشى كۆككە يەتكەن، قۇياش ئۇنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. يەرگە سايە ئارىلاش يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئەمما كۈننى كۆرگىلى بولمايتتى. چىنارلارنىڭ پەنجىلىرى ئاسمان يۈزىگە يېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر ياپراقلىرى خۇددى قۇياش پەنجىسىدەك يالتىراپ تۇراتتى. جەۋزىبۇيا① دەرەخلىرى كۆك يۈزىنى قاپلىغانىدى. بۇ دەرەخلەر خۇددى ئاسمانغا ئېسىلىپ قانغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەرقانداق دەرەخ جەۋزىبۇيا دەرىخى تەرەپكە ئېگىلگەن بولسا، ئۇنىڭ شاخلىرىدا دارچىن② ھاسىل بولاتتى. زەيتۇن دەرەخلىرى كۆككە تۇتاشقان بولۇپ، پەلەك زەيتۇنىمۇ بۇلاردىن خىجىل بولاتتى. قايسى دەرەخنىڭ شېخى پەلەككە يەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۈزۈم تەكلىرىمۇ چىقىپ ياماشقانىدى. بۇ تەكلەرنىڭ ئۈزۈملىرى خۇددى پەلەك بارىگىدىكى ھۆكەر يۇلتۇزىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەكلەر دەرەخلەرگە خۇددى ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ، دەرەختىن ـ دەرەخكە، شاختىن ـ شاخقا ياماشقان، ھەتتا سىدە دەرەخلىرىنىڭ بويۇنلىرىغىمۇ سىرتماقلارنى سالغانىدى. بۇ ئۈزۈم تەكلىرى ئاشۇ ھەيۋەتلىك دەرەخلەرگە يامىشىپ، قىيىن كۆرمەستىن ئاسمانغا چىقىشنى خىيال قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

---

① جەۋزىبۇيا ــ ھىندىستاندا ئۆستۈرۈلىدىغان بىر خىل دەرەخ، ھىندى دەرىخى.

② دارچىن ــ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ پوستى. تىبابەتتە ئۇنىڭدىن دورا ئورنىدا پايدىلىنىدۇ.

بۇ غايەت زور تەك بارىڭدا كۆز كېلىپ، يوپۇرماقلار سارغىيىپ چۈشۈشكە باشلىسا، خۇددى پەلەك بارىڭدا يۇزمىڭلىغان يۇلتۇزلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە كۆچۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ ئورمانلارنىڭ ئۈستىدە خىلمۇ ـ خىل قۇشلار ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلار پەلەك سەييارىلىرىدەك ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ھەر بىر قۇش بىر ھەمراھ سەييارىدەك ئاسماندا سەيلە قىلاتتى. تۇتىلار بىر تۈرلۈك يېقىملىق ئاۋازلاردا سايرىشىپ تۇراتتى. ئۇلار قايسى دەرەخكە بېرىپ قونسا، ئۇ دەرەختە يېشىل كىيىملىك خىزىر پەيغەمبەر ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ رەڭگى سەنەۋبەر دەرىخىنىڭ ياپراقسىز نوتىسىغا، بۇ سۆزۈك ئاسمانغا، ياق، ئاسمانمۇ ئەمەس، گۈل خىپچىسىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ تېنىدىكى قىزغۇچ گۈللەر ئوتقاشتەك تۇمشۇقلىرى بولسا ئوت يالقۇنىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ جىسمى گويا رەڭلىك موملاردىن ياسالغاندەك، قىزىل ۋە يېشىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. شارەك قۇشلىرى تەرەپ ـ تەرەپتە ئۇچۇپ يۈرۈپ، ھىندى تىلىدا شېرىن سۆزلەرنى قىلاتتى. بۇ قۇشلار گوياكى ھىندى قىزنىڭچىلىرىغا ئوخشاش سېرىق رەڭدە كىيىنگەندى. ئۇلار گوياكى مىس لەۋھەلەر بىلەن زىننەتلەنگەندەك قىلاتتى. ياق، بۇ مىس لەۋھە ئەمەس، بەلكى ئالتۇندا سىرلانغان لەۋھە ئىدى. ئۇلار بۇ ئالتۇن ۋاراقچىلەردىن زىبۇ ـ زىننەت تاقىغانىدى. بۇ قۇشلار قاياققا ماڭسا، شۇ يەرگە ماسلىشاتتى، كۆرگەن كىشى مەپتۇن بولۇپ كۆزىنى ئۈزەلمەي قالاتتى. ئۇلار ئارپا گۈللۈك ئەتلەسلەردىن لىباس كىيگەندەك، بېشىغا بۆك ئورنىغا ئالتۇن جامنى كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. يېنىك چامداپ، ئۇياق ـ بۇياققا يۈرۈۋاتقان چىرايلىق توزلار پەرىشتىلەرنى ئەسكە سالاتتى. نازاكەت ۋە مەستانىلەرچە ھەرىكەتلەر بىلەن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە ماڭاتتى. مەستانە يۈرۈشلىرى بىلەن بىرگە يەنە بويۇنلىرىنى مەي شېشىسىدەك سوزۇشلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بوينى بەدەنى ئالتۇن ھەل بىلەن بويۇلغان كۆك شېشىدەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

قىرغاۋۇل ۋە كەكلىكلەرنىڭ يۈرۈشلىرى كىشىنى ئەقىل-ھوشىدىن ئازدۇراتتى. سەرۋى دەرىخىگە قونۇۋالغان قىرغاۋۇللار ئالتۇن گۈلدەستىلەردەك كۆرۈنەتتى. ئېگىز شاخلاردا ئولتۇرغان گۈزەل توزلار سىدرە دەرىخىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان پەرىشتە جىبرىئىلنى ئەسكە سالاتتى. بۇ ئورمانزارنىڭ شىمال تەرىپىدە سىندى دەرياسى بار ئىدى. جەنۇب تەرىپىگە ھىندىستاننىڭ پايتەخت شەھىرى جايلاشقانىدى. سىندى دەرياسىدا ئۇياق-بۇياقلارغا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەر پەلەك دەرياسىدىكى يېڭى ئايدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر پايانسىز كەتكەن شېكەر قومۇشلۇقى بار ئىدى. ئۇنى تەرىپلەشتە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ قومۇشزارلىقنىڭ سۈيى شېرىن-شەربەتلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن، سۇ تېگىدە لاي-لاتقا ۋە پاتقاقلار ئورنىغا قەنت-ناۋات شېكەرلەر ھاسىل بولغانىدى. غەرب تەرىپىدە ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ بولۇپ، ئۇ تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياز پەسلىدىكىدەك ياپيېشىل تۇراتتى. بۇ تاغدا گۈل ۋە رەيھانلار قىش-ياز ئوخشاشلا ئېچىلىپ، پۈتكۈل ئەتراپ چىمەنزارلىققا پۈركىنىپ تۇراتتى. ھەسەل ھەرىلىرى بۇ يەردە گۈل شىرنىلىرىنى يىغىپ، تاغ ئىچىنى ھەسەلگە توشقۇزغانىدى. ھەر بىر تاشنىڭ تېگىدىن ھەسەل ئېقىنلىرى خۇددى بۇلاق سۈيىدەك ئاقاتتى. ئۇ تاغدا يەنە يۈزمىڭلىغان ۋەھشىي ھايۋانلار، بۇغا-ماراللار، قۇلۇن، كىيىكلەر بار ئىدى. ئۇلار ھەسەل ۋە شېكەرلەرگە دەسسىگەنلىكتىن يەرگە چاپلىشىپ قالغان ئاياغلىرىنى ناھايىتى تەستە يۆتكەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سان-ساناقسىز ئۇۋھايۋانلىرى ۋە ھەددى ھېسابسىز يىرتقۇچ ھايۋانلار بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھەربىر ئېقىنلىرىدا پەلەك ھۇتى ①نى ئاجىز قىلىدىغان ھەيۋەتلىك

---

① ھۇت — 1) كاتتا بېلىق؛ 2) كونا ئاسترونومىيىدىكى ئون ئىككى بۇرج ئىچىدىكى ئون ئىككىنچىسىنىڭ نامى؛ شەمسىيە يىل ھېسابىدىكى بىر ئاينىڭ نامى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

كۆمۈش رەڭ بېلىقلار ياشايتتى. ئۇلارنى تەرىپلەشكە سان ئازلىق، تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ ئورمانزارنىڭ ئەتراپلىرىلا تەرىپلەپ ئۆتۈلدى. ئورمانزار ئىچىدە يەنە چەكسىز كەتكەن ئوچۇقلۇق ۋە تۈزلەڭلىك جايلارمۇ بار ئىدى. بۇنداق جايلار گۈل ۋە ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ ئورمانزارغا تۇتىشىپ تۇرغان شەھەر شۇ قەدەر گۈزەل ۋە ئاۋات ئىدىكى، ئۇنى تەرىپلەشتە قەلەم تىلى كېكەچلەپ قالاتتى.

رايى ھىندى ئىسكەندەرنى باشلاپ كېلىپ، ئاشۇ ئورمان ئىچىدىكى چىمەنزارلارغا چۈشۈردى. ئىسكەندەرنىڭ پۈتكۈل لەشكەر ۋە سىپاھلىرى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. بۇ جايغا ئاسمان گۈمبىزىدەك بۈيۈك ۋە ھەيۋەتلىك چېدىر - بارگاھلار تىكىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ئەتراپلارنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولدى. ھەر تەرەپلەرنى ئايلىنىپ، ئىنچىكە ۋە ئېھتىيات بىلەن كۆزەتتى. ئۇ ھەربىر جايغا نەزەر سالغاندا، ئۇ يەرنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى گۈزەل ۋە ئەلۋەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالاتتى. بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ خىرەلەشتۈرۈۋەتتى. رايى ھىندى ئىسكەندەرگە خىزمەتكارلىقنى شۇ قەدەر ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈردىكى، ئۇنى شەرھلەشكە سۆز يېتىشمەيتتى. ئىسكەندەر ئاخىر ھەممە ئىشلىرىنى توختىتىپ، قىشنى مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزمەكچى بولدى. راھەت بەزمىلىرىنى تۈزۈپ، پاراغەت جاملىرىدا شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

**ساقىينامە:**

كەتۈر، ساقى، ئول ساغەرى زەرنىگار،
كى مەي لەئلىدىن بولدى گەۋھەر نىگار،
چۇ دەشتى نىگار ئىچرە قىلدىم مەقام،
كېرەكدۇر ماڭا زەرنىگار ئەمدى جام.
مۇغەننىي، تۈزەت نەغمەئى رىختە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانى قىل ئۆزۈڭ بىرلە ئامىختە .
كى بىر سەبزى شىرىن يانا ھىند ئارا ،
مېنىڭ روزگارىمنى قىلدى قارا .
نەۋائى ، نېلەر قىلدى خاماك يانا ،
كى بىر مۇلكى ھىندى ئولدى نامەڭ يانا .
نەچە كۆرسە مۇلكىدە ھىندۇ سەۋاد ،
ئونۇتقاي ، كۆرۈنگەي زەمان بۇ سەۋاد .

**بىر سودىگەرنىڭ ھېكايىتى . پايدا تېپىش سەۋداسى بىلەن تىنماي چېپىپ يۈرۈۋاتقان بۇ سودىگەرنىڭ بېشىغا كاتتا بىر زىيان كەلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، جىگەر قانلىرىنى كۆزلىرىدىن ئاققۇزۇپ ، يۈزلىرىنى قانغا بويىدى . ئۇ بىلىگە تۈگۈۋالغان بار دەسمايىسىنى بىر ئۆلۈكنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن بېرىپ ، « قاتىل » دەپ تۇتۇۋېلىنغان بىر يىگىتنى قۇتقۇزدى . ئۇنىڭ قۇتۇلدۇرغىنى دەل ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى ، بەلكى كۆڭۈل دەسمايىسى ئىدى**

ئەدەن مەملىكىتىدە بىر سودىگەر بار ئىدى . سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا ناھايىتى ماھىر ۋە دانا ئىدى . ئۇنىڭ پۈتكۈل جاھاندا تەڭداشسىز بىر پەرزەنتى بار ئىدى . ئۇ ھەر ئون كۈندە بىر شەھەرگە يۆتكىلىپ توختىماستىن تىجارەت قىلاتتى . يول ـ تاق ۋە كاجۇۋىلىرى تۆگە ئۈستىدىلا تۇراتتى . دائىم سەپەر قىلىپ ، بىر قەدەر تىنىم تاپمايتتى . شۇ ئادىتى بويىچە بىر كۈنى يەنە يولغا چىقتى . ئۇ كېچىسى بىر باياۋاندا ئوغلى ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن سودا ـ تىجارەتنىڭ تەدبىرلىرى ۋە تاغ ـ دەريا ، دەشت ـ سەھرالارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي پاراڭ سېلىشىپ كېتىۋاتقىنىدا ، تۇساتتىن قاراقچىلار باستۇرۇپ كەلدى . سودىگەرلەر جانلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچ نېمىگە قارىماستىن ، تەرەپ ـ

تەرەپكە قېچىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر تەرەپكە قاراپ قېچىپ، ھەر بىرى بىردىن ئەلگە بېرىپ توختىدى. سودىگەر توختاپ، ھوشىنى تېپىپ قارىسا، ئوغلى يوق تۇرغۇدەك. ئوغلىدىن ئايرىلغان بۇ سودىگەر جىگەر قانلىرىنى ئاققۇزۇپ زار - زار يىغلىدى. يىنىنى ئاختۇرغانىدى. بېلىگە تۇگۇۋالغان مىڭ تىللا ئالتۇنى قېپقاپتۇ. ئۇ مۇشۇ دەسمايە بىلەن ھەرەم تەرەپلەرگە بېرىپ ئوغلىنى ئىزدەش ۋە تەكرىگە تېۋىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ جىگەر قانلىرىنى يۇتۇپ، نالە - زار قىلغان ھالدا بىر مەملىكەتكە يېتىپ كەلدى. سودىگەر شەھەر ئىچىگە كىرىش بىلەنلا بىر توپ جامائەتنىڭ بىر ئادەمنى باغلاپ، ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جاللات ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچ تەڭلەپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە:

— بۇ بىر ئاجىز بىچارىنى ئۆلتۈردى. شەرىئەت بويىچە بۇ قاتىلغا ئۆلگۈچىنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن مىڭ تىللا ئالتۇن تاپشۇرۇش بۇيرۇلدى. ئەگەر ئالتۇننى تاپشۇرالمىسا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قېنى ئاراڭلاردا مىڭ تىللا تاپشۇرۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان كىشى بارمۇ ؟! — دەپ جار سېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا چىلىشىپ كەتكەن، يۈزلىرى جىگەر رەڭگىدە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانىدى. سودىگەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ، بېلىگە تۇگۇۋالغان مىڭ تىللانى جاللاتقا بەردى. جاللات بۇ يىگىتنى سودىگەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. سودىگەر ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇردى. يۈز - كۆزلىرى ۋە پۈتكۈل بەدىنىدە قېتىپ قالغان جىگەر رەڭ قانلارنى تازىلىدى. قارىسا قۇتقۇزۇلۇۋالغىنى دەل ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى ئىدى. بۇ ئىش بىلەن سودىگەرنىڭ جىگەر پارىسى ساقايدى. بۇ ئاتا - بالا كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلارنى ئاققۇزۇپ كۆرۈشتى.

— ئەي جىگىرىمنىڭ پارىسى، كۆزلىرىمنىڭ قارىسى، — دېدى سودىگەر ئوغلىغا، — جۇدالىقتا ئۆتكەن ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن.

يىگىت :

— ئاشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كېچىسى مەن قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم . ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى . لېكىن يەنە بۇ نىيىتىدىن يېنىپ ، قېنىمدىن كەچتى . « بۇنى ئۆلتۈرگەندىن كۆرە ، ئۆزىمىزگە يارىدەمچى قىلىۋالايلى » دەپ مەسلىھەتلەشتى . شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇلارغا تەۋە مالايغا ئايلىنىپ قالدىم . بۈگۈن ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ ، بۇ جامائەت بىلەن ئۇرۇشتى ۋە بىر بىچارىنى ئۆلتۈردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قېچىپ كەتتى . مەن تۇتۇلۇپ قالدىم . جامائەت مېنى ئۆلگەن كىشىنىڭ بەدىلىگە ئەسىر قىلىۋالدى . بۇ ئەھۋالنى ھاكىمغا مەلۇم قىلىپ ، مېنى ئۆلگۈچىنىڭ خۇن باھاسى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تاپشۇردى . شۇ تۈپەيلىدىن ئۆمرۈم قۇياشى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە ، سەن كېلىپ ، مېنى تونۇمىغان بولساڭمۇ ساخاۋەتلىك قولۇڭنى سۇنۇپ ، ئالتۇن بېرىپ جېنىمنى سېتىۋالدىڭ ، — دەپ يۈتكۈل ئەھۋاللارنى سۆزلەپ ئۆتتى .

بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەن خالايىق ئۇنى مۇشۇ يۇرتنىڭ شاھىغا مەلۇم قىلدى . پادىشاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ؛ سودىگەرنىڭ مەرد ۋە سېخىيلىقىغا قايىل بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپ دەسمايە بەردى . يىگىتنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى . ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەت يامغۇرى ياغقانلا يەردىن ئاقىۋەت مۇشۇنداق گۈللەر ئېچىلىدۇ .

**ھېكمەت . ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن : « نېمە ئۈچۈن دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇكاپاتى ياكى جازاسى بولىدۇ . كىشى نېمىشقا قايسى خىلدىكى ئىش ۋە ئەمەل ئۇرۇقىنى تىكسە ، شۇنداق مېۋىگە ئېرىشىدۇ ؟ » دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ۋە ئەرەستونىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلغانلىقى**

ئىسكەندەر يەنە ئەرەستودىن مۇنداق سوئال سورىدى :

— ئەي دانا ئۇستاز ، ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر خۇ-

سۇسىيىتى بار . كىمكى يامان ئىش قىلسا ، ئۇنىڭغا يامان ئاقىۋەتتىن ئامانلىق يوقتۇر . ئەگەر ياخشىلىق قىلسا ، شۇنىڭغا يارىشا ياخشى ئىقبال ۋە كېلەچەككە ئېرىشىدۇ . بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ ماڭا بايان قىلىپ بەرسەڭ .

— بۇ جاھانغا يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى بولىدۇ ، — دېدى ئەرەستو جاۋاب بېرىپ ، — بۇنداق خاسىيەتلەر ياكى ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە ئۆزىگە لايىق ھەقىقەت بار . ئەگەر بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتى ۋە ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىسە ، ئۇنداق ئىشنىڭ يۈزىگە چىقىپ قېلىشى بىر ئەيىبتۇر . بىلىمسىز نادان كىشىلەر بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا ، ئۇنىڭدىن كۆز ئالدىدىلا نەپ ئېلىشنى ئىستەيدۇ . پايدا كەلتۈرمەيدىغان ئىشلارنى زادى قىلمايدۇ . ئۆزىگە پايدا يەتمىگەن ئىشلارنى قىلغۇچىلارنى كىچىك بالا ، ساراڭ ، ئەقىلسىز دەپ قارايدۇ . ئەقىل ئىگىلىرى بىرەر ئىشنى قىلىشتا ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدۇ . يىراقنى كۆزلەيدۇ . ياخشى ئويلىماي تۇرۇپ ، ئىش باشلىمايدۇ . شۇڭا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا تەگرى ياخشى ئاقىۋەت ۋە مەنپەئەتلەرنى بەرسە ، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . دۇنيادىكى ياخشى - يامان ئىشلار ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ . شۇڭا ھەر قانداق بىر ئىش ياكى شەيئىنى ئوشۇقچە ياكى كېرەكسىز دەپ قالماسلىق كېرەك . بىرەر زەررىچىنىڭ ھەرىكەت قىلىشمۇ سەۋەبسىز ياكى بىكارچىلىقتىن ئەمەس ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىرەر ئىشقا مەشغۇل . ئۇلارنىڭ مەسئۇل بولغان ئىشىدا چوقۇم بىرەر خاسىيەت ياكى ئالاھىدىلىك بار . بۇ خاسىيەتلەر ئىچىدە جەزمەن بىرەر ھەقىقەت بار . تەگرى شەيئىلەرنىڭ ئىش ۋە ئەپئاللىنى يۈزىگە چىقارغاندا ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى كۆپىنچە خالايىق كۆزىدىن پىنھان تۇتىدۇ . ئەمما ، ئۇنى يەنە ھامان ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدۇ . مەسىلەن ، ئۈرۈقتىن قارىماققا ھېچقانداق ھەقىقەتنى

چۈشەنگىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن دېھقان ئېكىنزارغا ئارپاتېرىپ قويغان بولسا ، بۇغداي ئورالمايدۇ . ئەگەر بۇغداي ئۇرۇقىنى چاچقان بولسا ، ئارپا ئورىمايدۇ . قىزىلموچ ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشى ئاچچىق مېۋىگە ئېرىشىدۇ . شېكەر قومۇشى يېتىشتۈرگەن كىشى چوقۇم شېكەر ئالىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاشلا ، ئىشنىڭمۇ ياخشى ـ يامىنى بولىدۇ . ئەگەر ياخشى ئىش قىلغان بولسا ، ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ . يامانلىق قىلسا ، يامانلىق كۆرىدۇ . بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا ، ئىشلار ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدىن چىقىپ كېتىدۇ .

ئەرەستو بۇ جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن ، ئىسكەندەر ئۇنى توغرا تېپىپ ، قايىل بولدى .

**قۇياشنىڭ تۇن زۇلمىتى زەڭگىباردىن چىقىپ ، كۈندۈز زىياسىنىڭ نىمروزىغا كىرگىرگىنىگە ئوخشاش ، ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستان ئېلىدىن چىقىپ ، مەملىكىتىگە كىرگەنلىكى ، ئۇنىڭ قۇياشتەك چاپسانلىق بىلەن جاھانگىرلىك تىغىنى ئوينىتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن خاقانى چىننىڭ زەررىچىلەردەك تولا لەشكەر يىغىپ ، ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلانغانلىقى ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكەندەر بىلەن يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن ، ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ، ئەلچىنىڭ نامۇۋاپىق جاۋاب ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، زەررىچىلەردەك بىھىساب چىن لەشكىرىنىڭ خۇددى زەررىچىلەر گۇرۇھىدەك قوزغالغانلىقى ، ئاخىر خاقاننىڭ ئۆزى بۇ ئىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ھەتتا بىرەر زەررىچىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماستىن تۈزۈپ چىققانلىقى**

نەقىل ھېكمەتلىرىنى يىغىشتا كۆپ مېھنەتلەرنى چەككەن نەقىلچىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى :

ۋاقتىكى ، ئىسكەندەر ئاجايىپ ئورمانزاردا ئارام ئېلىش بىلەن قىش كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى . ھىندى شاھى راي ئۇنىڭ بەزمە ـ مەجلىسلىرىدە دائىم بىللە ئىدى . ئىسكەندەر گاھى شەھەرگە كىرىپ راي بىلەن

قەسىر ئىچىدە شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولاتتى. يەنە بەزىدە ئورمانزارغا كىرىپ، ئوۋ ـ شىكار قىلىپ، دالا بەزمىسى تۈزەتتى. گاھ يولۋاسلارنى ئۆلتۈرسە، گاھى پىل ۋە كەركىدانلارنى ئوۋلايتتى. گاھى دەريا بەزمىسى تۈزۈپ، كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ، تور تاشلاپ، كۆمۈش رەڭلىك بېلىقلارنى تۇتۇپ، كۆمۈش قەدەھلەردە شاراب ئىچەتتى. بەزمىدە شېكەر قومۇشلۇققا كىرىپ، شىردەك ھەيۋەت بىلەن بۇغا ـ ماراللارنى تۇتۇپ، ياۋا ئات ـ ئېشەكلەرنى قوغلايتتى. مەي ئىچكەندە شېكەر قومۇشلىرىنى قەنت ـ گېزەك قىلاتتى. يەنە بەزىدە قۇياشتەك ئۆرلەپ، ھەسەل تېغىغا چىقاتتى ـ دە، شاراب ۋە ھەسەل بىلەن كۆڭلىنى خۇشال قىلاتتى. يەنە بەزىدە بولسا، شاھىنشاھلارچە رەسىم ـ قائىدە بىلەن بارگاھ ئىچىدە بەزمە تۈزۈپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، پەلەك بارگاھىغا ھەيۋەت ـ ھەشەمەت بەخش ئېتەتتى. سەھرا پەردىلەر ئىچىدە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلاتتى. بەزى چاغلاردا دانىشمەنلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ھەر خىل ئىلىمگە ئائىت كىتابلارنى كەلتۈرۈپ بەس ـ مۇنازىرە قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق مەسىلىنىڭ نازۇك ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىپ، مۇجىمەل مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. ئىسكەندەر كېچە ۋە كۈندۈزلەرنى ئاشۇ تەقلىدتە ئۆتكۈزدى.

باھار پەسلى يېتىپ كەلدى. قۇياش شەرەپ بۇرجىغا كىرىپ، ئالەمنى تېخىمۇ روشەن قىلدى. ئىسكەندەر نۇرلىنىپ تۇرغان قۇياشتەك، ياق، بەلكى بۈيۈك پادىشاھ جەمشىدتەك جاھان مەملىكىتىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇ ئىشرەت بەزمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خىتا بىلەن چىن مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ لەشكەر دەرياسى يەنە دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار «چىن ئېلىگە قاراپ يولغا چىقىمىز!» دەپ جار سېلىپ، سەپەر ناغرىلىرىنى چېلىپ، پۈتكۈل قوشۇننى، ھەتتا ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاق، توپا ـ تۇپراقلىرىنىمۇ قالدۇرماستىن، بۇ يۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئاندىن تۇغ ـ ئەلەملەرنى تارتىشىپ،

ھەيۋەت ـ ھەشەمەت بىلەن چىن شەھەرلىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئىسكەندەر چىن مەملىكىتىگە يۈرۈش باشلاپ يولغا چىققاندىن كېيىن، يول بويىدىكى ۋە ئەتراپلاردىكى دۆلەت ۋە دىيارلارنىڭ ئۇلۇغ شاھلىرى ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن بەيئەت قىلدى. ئۇلارغا لەشكەر ئەۋەتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شاھلار ئۆزلىرى نامە ۋە پىشكەشلەرنى ئېلىپ كېلىپ، يالۋۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىنىڭ بوسۇغىسىنى يۆلەنچۈك ۋە تەكيە قىلىپ يېتىشماقتا ئىدى. ئىسكەندەرمۇ بۇ شاھلارغا لايىقىدا ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەرنى قىلىپ، توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلىدى. يول بويى مەملىكەتلەرنى سەيلە ـ ساياھەت قىلغاچ ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى چىن دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا يېقىن كەلدى.

چىن خاقانىمۇ ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستاندىن چىن ئىلىگە قاراپ، سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز قوشۇن، قىياس ۋە مۆلچەردىن زىيادە قورال ـ ياراغنى تەييار قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ دەسلىپىدە تەكەببۇرلۇق قىلىپ، دۈشمەنلىششنى خالىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دانا ۋەزىر، ئەمىرلىرىگە مۇنداق پەرمان بەردى:

— بىز لەشكەر ۋە قورال ـ ياراغلارنى تەقلەپ، ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرايلى. لېكىن ئالدى بىلەن دۈشمەنلىششنى باشلىماي، ئەلچى ئەۋەتىپ، سىلىق ۋە يۇمشاق سۆزلەپ يارىشىش ۋە سۈلھ قىلىش مۇددىئايىمىزنى ئارىغا سالايلى. سۆزىمىزنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارنى دوستلۇق قائىدىلىرى بويىچە مېھمان قىلىپ، ئۇزىتىپ قويايلى. ئەگەر بۇ ئىشىمىزنى لايىق تاپمىسا، دوستانىلىق ۋە سىلىق ـ سىپايىلىق، شەرمۇ ـ ھايا قىلىپ ئولتۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بىزنىڭ ئىسسىق نەپسىمىزدىن سوغۇق تۆمۈر يۇمشىمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىمىزنى خار قىلماي، لەشكەر تارتىپ قەتئىي جەڭ قىلىشىمىز كېرەك.

خاقان يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆز يېقىنلىرى بىلەن مەسلىھەتنى

پىشۇرغاندىن كېيىن، ئەلچىلىك ئىلمىدە پىشقان بىر دانىشمەن كىشىنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا بىر تالاي سۆزلەرنى جېكىلىدى. ئەلچى شامالدەك تېز يۈرۈپ، ئىسكەندەر بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئەلچى بۇ يەردىكى ھەيۋەت ـ ھەشەمەتلەرنى كۆردى. لەشكەرلەرگە نەزەر سېلىپ، ئۇلارنىڭ سانىنى يۈز يىل قىياس قىلغان بىلەنمۇ مۆلچەرلەشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شاھنىڭ بارگاھىغا كۆز سالغىنىدا، يۈكسەكلىكتە پەلەك بارگاھىمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن لەشكىرىي ئەسلىھەلەرنى كۆرۈپ، ئەقلى ھەيران بولدى. ئاندىن ئىسكەندەر دەرگاھىغا كېلىپ، يەر سۆيۈپ تەزىم قىلدى. بۇ دەرگاھ خادىملىرى ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، ئەلچى باشلاپ كىرىلدى. بىر تال خازان دەرياغا كىرگەندەك بولدى. بۇ دانىشمەن ئەلچى دەرھال يەرگە باش قويۇپ، ئىسكەندەرگە تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا تەخت ئالدىدىن ئو- رۇن بەردى. ئەلچى دېمىنى ئېلىپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقىچە كۈتۈپ تۇردى ۋە باشقا گەپلەرنى سوراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. ئاندىن ئەلچىگە:

— ئەمدى ئۆز مۇددىئايىڭنى بايان قىلغىن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

ئەلچى ئىسكەندەرگە كۆپ دۇئا ۋە سالاملارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، خاقانىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، سەن خۇددى قۇياش كۆك ئاسماندا سەپەر قىلغاندەك بۇ تەرەپكە قاراپ يۈرۈش باشلىدىڭ. جاھان كەزگۈچى ئارغىما- قىڭ بىلەن كېلىپ چاڭ ـ توزانلىرىڭ بىلەن بۇ ئەلنى يورۇتتۇڭ. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ تەرەپكە كېلىشتىكى مۇددىئا ۋە خىيالىڭ نېمە؟ سەن ئەگەر بىزگە دوست بولماقچى بولساڭ، بۇ قىلغىنىڭ دوستانىلىق ئەمەس. سەندەك ئۇلۇغ بىر پادىشاھ لەشكەر تارتىپ كېلىپ، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنى بېسىۋال- ماقچى بولۇۋاتىسەن. ھېچكىم بۇنداق ئىشنى دوستلۇق دەپ بىلمەيدۇ. ئەگەر

دۇشمەنلىك غەرىزى بىلەن كەلگەن بولساڭ ، بۇنىڭدىكى سەۋەب نىمە ؟ بىزدىن قايسى دۇشمەنلىكنى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن بىزگە دۇشمەن بولدۇڭ؟ ئەۋەتكەن ئەلچىڭ قاتتىق ــ يىرىك سۆزلەرنى قىلىپ كېلىۋىدى ، بىزمۇ شۇنىڭغا لايىق گېپىمىزنى قىلىپ ، ئۇنى تىرىك ۋە ساق ــ سالامەت پېتىچە ئۇزىتىپ قويدۇق . سەن ماڭا : « دارا ئۆلۈپ ئۇنىڭ تەخت ۋە تاجى ماڭا قالدى . شۇڭا چىن مەملىكىتىنىڭ باج ــ خىراجىتىنى ئېلىپ ئالدىمغا كەلسۇن » دەپتىكەنسەن . مەنمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن : « گەرچە دارا بۇ مەككار دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولسىمۇ ، سەن ئۇنىڭ ئورنىدا بەر قارار بولۇپ ، بۇ ئالەمدىن ۋاپا كۆرگىن . لېكىن دارا بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا سۇلھى ــ سالاھ ، سالام ــ سائەت ۋە مۇرەسسە ــ مادارا مۇناسىۋىتىلا بار ئىدى . ئۇ ھېچقاچان مېنىڭ ئۇستۇمدىن غالىب كېلىپ ، مەندىن باج ــ خىراج تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى . ئەگەر سەنمۇ شۇ بويىچە يول تۇتساڭ ، سېنىڭ بىلەنمۇ مۇرەسسە ــ مادارا قىلىپ ، جەڭگى ــ جېدەل ۋە دۇشمەنلىك قىلىشماي ئۆتىمىز . بۇنىڭغا رازى بولمىساڭ ، تەقدىردە نىمە بولساڭ ، شۇنى كۆرىمەن » دېگەنىدىم . ھازىرمۇ گېپىم شۇ . سەن ئېيتىپ باقە ،بۇ يامان گەپمۇ ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نىمە دېسەم بولاتتى ؟ مەن بۇندىن كېيىنمۇ بۇ سۆزۈمدىن يانمايمەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۆز قىلمايمەن . ئەگەر سەن سۇلھى قىلاي دېسەڭ بۇنىڭغا ھازىرمۇ تەييارمەن . مۇرەسسە ــ مادارا بىلەن ئىشنى بولدى قىلىمىز . ئەگەر ئۇرۇش قىلىمەن دېسەڭ ، بۇ ئىشتا مېنىڭ سەندىن ھېچقانداق كەمچىل تەرىپىم يوق . لەشكىرىم شۇ قەدەر كۆپكى ، ئۇنىڭ سانى يوق . قورال ــ ياراغ ــــ ھەربىي ئەسلىھەلىرىم شۇ قەدەر تولۇقكى ، بۇ تەرەپتىن قۇسۇر تېپىشىڭنىڭ ئىمكانى يوق . مېنىڭ خەلقىم مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن ، قېرى ياكى ياش بولسۇن ، ئۇلارنىڭ تېنىدە جانلا بولىدىكەن ، ۋەتەن ئۈچۈن ، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ، پۈتۈن ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ . ھېچكىم بۇ ئىشتا بوشاشمايدۇ . بىراق ئىككى پادىشاھ بىر ــ بىرىگە

قارشى لەشكەر تارتىپ جەڭ قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قايسىسى مەغلۇب بولۇپ، قايسىسىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش تەس. بۇ خىل ئاقىۋەت ھېچكىمنىڭ پېشانىسىگە يېزىپ قويۇلغانمۇ ئەمەس. شۇڭا شاھلار جەڭ ۋە ماجىرالاردىن قانچە يىراق بولسا، شۇنچە ياخشى. ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپكە پايدىسى يوق.

بۇ سۆزمەن ئەلچى چىن خاقانىنىڭ ئامانەت سۆزلىرىنى شۇ تەرىقىدە بايان قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىسكەندەرنىڭ جاۋابىغا كۆز تىكىپ، يەرگە قاراپ جىم تۇردى. ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— چىن خاقانى مېنى مەيلى شاھلىق شان-شەۋكىتىدە بولسۇن، ياكى جاھاندارلىق قائىدە، يوسۇنلىرى جەھەتتە بولسۇن دارا بىلەن ئوخشاش دەپ بىلسە، روشەنكى، ئۇ خاتا قىلغان بولىدۇ. ھوشيار ۋە چېچەن كىشىلەر ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ ئەسلى ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر پادىشاھنىڭ ئىززەت-ئىتىبارى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەملىكىتى بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھازىر مېنىڭ مەملىكىتىم ئىككى دارانىڭ مەملىكىتىگە تەڭ كېلىدۇ. ئەگەر جەسۇرلۇق ۋە شىجائەت بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا، خاقانى چىننىڭ مەن بىلەن دارا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن خەۋىرى بولسا كېرەك. مەن دارا بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ۋاقتىمدا شان-شەۋكىتىم ۋە كۈچ قۇدرىتىم ئۇنىڭدىن ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم. شەك-شۈبھىسىزكى، مەن غالىب ئىدىم. تەڭرى ماڭا غەلىبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلغانىدى. ئەگەر خاقان بۇ ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولسا، نالايىق سۆزلەرنى قويۇپ، بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلسۇن. ئالدىمغا كېلىپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزرىخاھلىقىنى ئىزھار قىلسۇن. مەنمۇ ئۇ-

نىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغۋارلىققا سازاۋەر قىلاي. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسە، ئۇنىڭ كۆزىگە جەڭ كۈنلىرىنى كۆرسىتىمەن. مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست گەپ، مېنىڭ ئادىتىم راست سۆزلەشتىن ئىبارەت. سۆزۈم تۈگىدى. ئەمدى سەن قايتىپ سۆزلىرىمنى خاقانغا يەتكۈزگىن. سېنىڭ ئارقاڭدىن بىزمۇ يولغا چىقىمىز. ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ تۇرىمىز. ئەگەر بالدۇرراق ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، بىزمۇ ئۇنىڭغا ياخشى جاۋاب قايتۇرىمىز. ئەگەر خاقان پەرمانىمغا بويۇن تولغىسا، بۇ پەلەكنىڭ قانداق ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقايلى.

ئەلچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، پەرىشان ھالدا قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆز شاھىنىڭ دەرگاھىغا يۈز قويدى. شاھانە مەجلىس ئىچىدە ئىسكەندەرنىڭ خاقانىنىڭ خىتابلىرىغا بەرگەن جاۋابلىرىنى باشتىن ئاخىرغىچە تولۇق بايان قىلدى. خاقان ئىسكەندەرنىڭ غەيرەت ـ شجائەتتە ئۆزى قىياس قىلغاندىنمۇ زىيادىرەك ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. ئەمدى ئەلچى ئەۋەتكەنىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بارغان بىلەنمۇ يەنە ئوخشاش جاۋاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەردانىلىق بىلەن جەڭگە بەل باغلىدى. ئىسكەندەرنىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتىنى پىلانلاپ، ئاتا مۈلكى بولغان چىن ۋە خىتادىن لەشكەر توپلىدى. يەتتە ئەمەس، يەتمىش پۇشتىنىڭ ماكانلىرىدىنمۇ ئەسكەر ئالدى. ئۇنىڭ يىغقان ئەسكەرلىرى ئاسمان يۇلتۇزلىرىدىن، ياق، بەلكى باياۋان قۇملىرىدىنمۇ تولا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوقيا ۋە قىلىچ ماھىرلىرىنىڭ ئۆزىلا توققۇز يۈز مىڭ ئىدى. ئوقياچىلار دۈشمەنلىرىنى بىر دەمدىلا ئوق يامغۇرلىرىغا غەرق قىلىۋېتەتتى، قىلىچۋازلارنىڭ تىغلىرىمۇ ياۋ بېشىدا چاقماقتەك چېقىلاتتى. قالغان لەشكەرلەرنىڭ سانى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسى مەرگەن ۋە ماھىر چەۋەندازلاردىن ئىدى. ھەممىسى تۈركلەرچە ساۋۇتلارنى كىيگەن، ساۋۇتلىرىغا ئالتۇن ھەل بىلەن باشتىن ئاياغقىچە گۈل چېكىلگەنىدى.

ئاتلارغا بولسا چىنچە زەرباپ يوپۇقلارنى ياپقانىدى. ھەر بىر ئاتلىق خۇددى كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنغان ۋە بېزەلگەن بىر تۈپ كۆچەتكە ئوخشايتتى. قارىماققا خۇددى كۈمۈش رەڭلىك بېلىقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار باشتىن - ئاياغ دۇبۇلغا - ساۋۇتلارنى كىيگەن بولۇپ، ھەممىسى تۆمۈر بەدەنلىك رويىنتەن ① نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. چىن خاقانى بۇ قەدەر كۆپ ۋە جەسۇر لەشكەرلەرنى قوزغاپ، ياق، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزىگە قوزغىلاڭ ۋە ھاياجان سېلىپ، چىن شەھىرىدىن چىقتى ۋە ئىسكەندەرنىڭ قارشى تەرىپىدە توختىدى. ئۇلار ھېچبىر قورقماستىنلا ئىسكەندەر قوشۇنىغا قارشى سەپ تۈزۈپ، لەشكەري تەرتىپلەر ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى مۇستەھكەملىدى. لەشكەرلەر تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئەتراپىغا ئۇزۇنلۇقى 15 ياغاچ كېلىدىغان چوڭقۇر خەندەكلەرنى قازدى. ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە مۇستەھكەم سېپىل سوقتى. سېپىلنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ھارۋىلارنى ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ياتقۇزۇپ، ھارۋىلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ مىخلاپ تەييار قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئوقيا ۋە مىلتىقچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. خەندەك ئەتراپىغا يەنە شېكەر قومۇشىدەك قېلىن قوزۇقلارنى قېقىپ توساق ھاسىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، چىن خاقانى بۇ قورغاننى ئەجەلمۇ كىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە پۇختا قىلىپ ياسىدى. چىن قوشۇنلىرى بۇ قورغان ئىچىگە ئورۇنلاشتى. قورغان ئەتراپىغا توپلانغان لەشكەرلەرمۇ غايەت زور ۋە مۇستەھكەم سېپىل ھاسىل قىلغانىدى. چىن خاقانى پەلەك قورغىنىدەك بۈيۈك ۋە مۇستەھكەم قورغاننى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، جەڭ ئىشلىرىنىڭ باشقا ئەسۋابلىرىنىمۇ تەق قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر چىن تەرىپىگە يۈرۈش قىلغان پېتى، خاقاننىڭ لەشكەرگاھىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن توختىدى. ئۇ خاقاننىڭ

① رويىنتەن — «شاھنامە» داستانىدىكى قەھرىمان ئىسپەندىيارنىڭ لەقىمى.

www.uyghurkitap.com

بارگاھىنى يىراقتىن كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز لەشكەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، سەپكە تىزدى. ئۇ لەشكەرلەر شۇنداق رەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك تىزىلغانىدىكى، ئۇنى تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ تولىلىقى قانچىلىك دېسە، شۇنچىلىك بار ئىدى. ئىسكەندەر بارلىق لەشكەرلەرگە ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق قىلىپ، مال - مۈلۈكلەرنى ئىنئام قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلدى. لەشكەرلەر مۇستەھكەم سەپ تۈزگەندىن كېيىن، شۇنداق سۈرەن سالدىكى، ئۇلارنىڭ ساداسىدىن پەلەك گۈمبىزى تىترەپ كەتتى. بۇ سۈرەن سالغان ئاۋازدىن ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن چىن خاقانى خاۋاتىرلەنگەن ھالدا، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە نەزەر سالدى. ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ دەرۋەقە ئىنتايىن شىجائەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆردى. كەچ بولۇپ كەتكەچكە ھەر ئىككى تەرەپ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۆز جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ ئارام ئېلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ھالەتلىرىنى نامايان قىلىشتى. ئىككىلا تەرەپتىن ھىماتچى ۋە جىسەكچى قوشۇنلار چىقىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كۆزەت قىلىپ، ئىنتايىن ھوشيار ھالەتتە تۇرۇشتى. ئىسكەندەر ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا سەپ تۈزۈپ جەڭ ۋە ماجىرالارنى باشلاپ، قىيامەت كۈنىنى ئاشكارا قىلىشنى پىلانلىدى. ئىسكەندەرنىڭ بۇ پىلانىنى ئاڭلىغان ھېكمەت ئىگىلىرى ئۇنى بۇ ئىشتىن توستى.

— تاڭلا - ئۆگۈنلۈككە قەدەر تەخىر قىلماق كېرەك، — دېيىشتى ئۇلار مەسلىھەت كۆرسىتىشىپ، — چۈنكى جەڭ ئىشلىرىدىكى نەس يۇلتۇزلار تۇغدى. ئۇلار ئۈچ كۈنگىچە بىز تەرەپكە تىكىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا نەس يۇلتۇزلار ئۆتۈپ كەتكىچە ساقلاش كېرەك. ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھى ئالەمنىڭ ئىقبال يۇلتۇزى پارلايدۇ. شۇندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى قولايلىق ۋاقتى ۋە ئەپلىك پۇرسىتى يېتىپ كېلىدۇ. شۇ كۈنى دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ باشلىساق، ئۇلارنى يېڭىپ، خاقانىنىڭ شەۋكىتىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توختاپ، پەيت كۈ-

تۈشكە باشلىدى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرگەن، خاقانىنىڭ قوشۇنلىرى سەل ئەنسىرەشكە باشلىدى. خاقان گەرچە ئۇلارغا قانچە كۈچ ۋە مەدەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتەلمىدى. ئۇلار جەڭ قىلىشتىن ئەمەس، ھەر خىل زىددىيەتلىك پەرەزلەردىن سۆز ئېچىشقا باشلىدى. كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇشقان ھالدا مۇنداق پاراڭ سېلىشماقتا ئىدى:

«ئىسكەندەر باتۇرلۇقتا ۋايىغا يەتكەن، قورقۇمسىزلىقتا بىر ئەركەك شىرنىڭ ئۆزى ئىكەن. جاھانگىرلىكنى ھەۋەس قىلىپ، دېگەن ئىشنى قولغا كەلتۈرمەي قويمايدىكەن. ئۇ بۈگۈنگە قەدەر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ، نېمىنى ئىختىيار قىلسا، شۇنىڭغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ قايسى مەملىكەتكە يۈرۈش قىلسا، شۇ مەملىكەتنى قولغا ئالدى. قايسى شاھنى ئۆزىگە بېقىندۇرغۇسى كەلسە، شۇنىڭ بويىنىغا سىرتماق سالدى. ئۇ دارا بىلەن سوقۇشقاندى، تەدبىرلەر بىلەن ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە بەرھەم بېرىپ دارا ئېلىنى ئۆز سەلتەنىتىگە قوشۇۋالدى. لېكىن بىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمىز دارادىن ئارتۇق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسكەندەر نەۋقىران پەھلىۋاندۇر. بۇنداق كىشى بىلەن دۈشمەنلىشىش ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە ئارىغا ئۇلۇغ زاتلارنى كىشى قويۇپ، ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلسا ياخشى بولاتتى. چۈنكى خاقان ياشىنىپ قالدى. ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ تەڭدىشى دېگىلى بولمايدۇ. كىمكى ئىسكەندەر بىلەن ئۇرۇشۇش دەۋاسىدا بولسا، ئۇنىڭ قىلىچىدىن ئامان قالمايدۇ. ئەقىللىق كىشى ئۆزىنى ئۆزى قەستلەيدىغان ئىشنى زادى قىلماسلىقى كېرەك. خاقانىمىزنىڭ ئىسكەندەرگە خىراج بېرىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ پەرمانىغا بەيئەت قىلغىنى ئەۋزەل ئىدى. مەللۇ ئىسكەندەرگە قارشى نى ـ نى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر جازالاندى. ئوغلى فىرۇزشاھ بولسا ئىتائەت قىلغانلىقتىن تەختۇ تاجقا ئىگە بولۇپ، ھۆرمەت ـ ئېتىبارغا ئېرىشتى. رايى

ھەـنـدىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئېلـىـنـىـڭ باشپاناھى بولۇپ قېلىۋەردى . ئەگەر خاقانمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزرەخاھلـىـقـىـنى بايان قىلىپ ، خىزمەتكارلىقىنى قىلغان بولسا ، ئىسكەندەر خـاقـانـنى يەنە ئۆز مەملىكىتىدە بەرقارار قىلىپ قويماسمىدى، يۇرت ئىشى يەنە خـاقـانـنىڭ ئىلكىدە بولماسمىدى ؟! ئەمدى بۇ ئىشتىن باشقىچە ئەھۋال يۈز بېرىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ ... »

ئەلقىسسە خاقاننىڭ يېقىن بىر مەھرىمى بار ئىدى . ئۇ يۇقىرىقى سۆز - چۆچەكـلـەردىـن ۋاقـىـپلانـغـانـدىن كېيىن ، خاقاننى پىنھان جايغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ ، زار - زار يىغلىغان ھالدا :

— خـالايـىـقتا ئاجايىپ بىر ھالەت يۈزلىنىپتۇكى ، ھېچكىم بۇ غەمدىن خـالىي ئەمەس ، — دەپ ، كىشىلەردىن ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەرنى قالدۇرماي بـايـان قـىـلـدى . ئانـدىـن يـەنـە ، — ئەي پـادىـشـاھىم ، مـاڭا مەلۇم بولغان ئەھۋاللارنـى سـاڭا ئەينەن مەلۇم قىلدىم . ئەگەر ئىشەنمىسەڭ ، ئۆزۈڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ، بىر ئامالىنى قىلغايسەن ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

خاقان بىر پەس خىيالغا چۆكتى . بۇ مەھرەمنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ راسـت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۆز ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىپ : « چىنىنىڭ جـانـى چـىـنـىـسـى بـىـلەن رۇمنىڭ قورام تېشىنى بىر - بىرىگە ئۇرسا ، چىنە قـانـداقـمـۇ تاشقا تەڭ تۇرالىسۇن ؟ » دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئەگەر ئىسكەندەر بـىـلەن جەڭ باشلىسا ، بىر مۇنچە تالاپەتلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى پەملىدى . بۇ ئىشتا خاقاننى ناھايىتى مۇرەككەپ خىياللار چىرمىۋالدى . ئۇنىڭ تاڭ ئاتقۇچە ئۇيـقـۇسـى كـەلـمىدى . تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا بىر مەسلىھەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، بـىـر نـىـقـابـنـى تـاپتى . ئاندىن ھېلىقى مەھرىمىنى چاقىرىپ مۇنداق جېكىلىدى :

— بـۈگـۈن مېنىڭ بارگاھىمدىكى كىشىلەرنى بىرىنى قويماي چىقىرىۋېتـىـپ ، سەھرا پەردىلەردىن ئۆتۈپ ، مېنىڭ ھۇجرامنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ

ئولتۇرغىن. كىشىلەرگە «بۇگۈن خاقان ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدۇ» دەپ ئادەم كىرگۈزمىگىن. بۇگۈن ئاخشامغىچە ئىشكىمنى ئاشۇنداق ساقلا. ھېچكىمگە بۇ سىرىمنى ئاشكارلىما، ھېچ كىشى مەندىن ئەندىشە قىلمىسۇن. ئەگەر تاڭلا كېچىسى مۇشۇ مەھەلدە قايتىپ كېلەلىسەم، بارلىق مۇشكۈللىرىم ئاسان بولۇپ، مۇرادىم ھاسىل بولغان بولىدۇ. مۇبادا كېلەلمىسەم، ھەممىڭلار ئۆز غېمىڭلارنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار. ئالدىڭلارغا نېمە ئىش كەلسە، شۇنى كۆرۈڭلار. مەنمۇ بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرىمەن. لېكىن سەن مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل، سىرىمنى ساقلا. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى مەندىن سوراپمۇ ئولتۇرما.

مەھرەم خاقاننىڭ سۆزىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇ يەردە ئىشىك بېقىپ ئولتۇردى. خاقان شاھانە لىباسىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئەلچىلەر كىيىمنى كىيىپ ياساندى.

**ئايدىن ئىبارەت بۇ چاققان سەييارە بىلەن قۇياشنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقىنىغا ئوخشاش، خاقاننىڭ ئەلچىلىككە كېلىپ، ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، بۇ ئۇچرىشىشتىن خاقاننىڭ ئايدەك پاك نۇرغا چۆمۈلگەنلىكى**

تارىخ ئىلمىنىڭ دانىشمەنلىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

— خاقان ھېلىقى مەھرىمىگە پەرمان قىلىپ:

— بارگاھنىڭ ئالدىغا بىر ئات ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

ئۇ مەھرەم بىر ئۇچقۇر ئاتنى تەييار قىلىپ، خاقاننىڭ بارگاھى ئالدىغا كەلتۈردى. خاقان ھېلىقى مەھرەمنى بارگاھ ئىشىكىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاتقا مىندى. قاراڭغۇ تۈندە ئۆز لەشكەرلىرى ئارىسىدىن چىقىپ، قورغان دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىۋەنلەرگە بىر دەستەكنى بېرىپ:

— خاقان مېنى ئىشقا بۇيرۇدى، مېنى دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ

قويۇڭلار ، ــــ دېدى .

دەرۋازىۋەنلەر دەستەكنى كۆرۈپ ، ئۇنى قورغاندىن چىقىرىپ قويدى . خاقان قورغان سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ، ئېتىنى ئۇچقاندەك چاچتۇرغىنىچە يولغا راۋان بولدى . ئۇ يول بويى كۆڭلىگە يۈزمىڭلىغان خىياللارنى كەلتۈرۈپ ماڭدى . ئەلچى سۆزىتىدە ياسانغان بۇ خاقان شۇ ماڭغىنىچە تاڭ سۈزۈلگەن مەزگىلدە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەر گاھىغا يېتىپ كەلدى . مۇلازىملار بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلىپ :

ــ بىر نۇرانە چىراي ئەلچى يېتىپ كەپتۇ . ئۇنىڭ باشتىن ئاياغقىچە پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئەقىل ـ پاراسەتتىن پۈتكەندەك قىلىدۇ . بۇ بەئەينى غايىب-تىن كەلگەن ئەلچىگە ئوخشايدۇ ، ــــ دېدى .

ــ ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كېلىپ ، تەختىم ئالدىدا ھازىر قىلىڭلار ، ــــ دېدى ئىسكەندەر مۇلازىملارغا ، ــــ بۈ كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگەنىدىم . ئۇنىڭ تەدبىرى مۇشۇ بولسا كېرەك . چۈشۈمدە : ئۆزۈم قۇياشقا ئوخشاپ قالغانمىشمەن ، نۇرلىرىمۇ قۇياشنەك پارلاق ئىمىش . شۇ پەيتتە يەنە بىر قۇياش پەيدا بولۇپ كېلىپ ئايىغىمدا باش قويارمىش . بۇنداق ئىككى قۇ-ياشنى ھېچكىم چۈشىدە كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھلى ھېكمەتلەرمۇ ئاسمان سەييارىلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق « بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە غارايىپ ئىشلار يۈزەگە چىقىدۇ » دەپ ھۆكۈم قىلىشقانىدى . بۇمۇ ئاشۇ خىل ئىشلاردىن بولسا كېرەك . كەلگەن ئەلچىنى ئىچكىرىگە باشلاپ كى-رىڭلار .

مۇلازىملار ئەلچىنى باشلاپ كىردى . ئەلچىمۇ يىراقتىن ئوچۇق چىراي بىلەن ، شېرىن تىللىرىنى ئىشقا سېلى ، ئەلچىلەر رەسمىيىتىنى ئادا قىلدى . ئىسكەندەر بۇ ئەلچىنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى كۆرۈپ ، سۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئەلچىگە بەخت ـ تەلەي يار بولدى .

ئىسكەندەر ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئەلچى ئولتۇرۇپ ئارامنى ئالغاندىن كېيىن ، ئىسكەندەر ئۇنىڭغا :

ــــ ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا ، تولۇق بايان قىلىپ ، بىزنى ئۆزۈڭگە سىرداش قىلغايسەن ، ــــ دېدى .

ــــ ئەي ئالەمنىڭ باش پاناھى ، ــــ دېدى ئەلچى ئىسكەندەرگە ، ــــ بىز سېنىڭ قانداق ھۆكۈمىڭ بولسا قوبۇل قىلىپ ، ھازىرانە ۋە غايىبانە ھەممىمىز ھۇزۇرۇڭغا قاراشلىق بولۇپ تۇرماقتىمىز . بىراق چىن خاقانى ئۆز تەدبىرى بىلەن ماڭا بىر نەچچە تۈرلۈك شەرەپلىك سۆزلەرنى دېگەنىدى . بۇنى ئاڭلاشقا بىر ئۆزۈڭدىن باشقا كىشى مۇۋاپىق ئەمەس . بۇ مەجلىس تارقاپ ، شاھى ئالەمنىڭ ھۇزۇرىدا بىر ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىش قالمىغاندا ، ئاندىن مەن ھەرقانداق سوئال بولسا جاۋاب بېرىمەن . چۈنكى خاقان ماڭا : « ئاشۇ خىل خىلۋەت سۆھبەتكە مۇيەسسەر بولالىساڭ ، سۆھبەتىڭدە ئىسكەندەردىن باشقا ھېچ كىش بولمىسا ، ئاندىن مېنىڭ بارلىق ئىلتىماسلىرىمنى ئىزھار قىلغىن . ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ، تەخىرسىز قويۇپ يېنىپ كەلگەيسەن . ئەگەردە سېنى ئەسىر قىلىۋالغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئېغىز ئاچمىغىن . پىتنە ـ پاساتچىلار ساڭا ئىشەنمەي ، گۇمانلانسا ، ئۇلار سېنىڭ پۇت ـ قوللىرىڭنى باغلاپ قويۇشسۇن . ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قىلىچنى قويۇپ قويسۇن . ئاندىن سەندىن سوئال سورىسۇن . سەن مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىمنى راستى بىلەن بايان قىلغىن » دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنىدى . ئەگەر ، مېنى شاھنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالدۇرۇشقا ئەندىشە قىلساڭلار ، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار .

ئەلچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئەجەبلەنگەن ھالدا :

ــــ ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار ، بۇنى باغلاپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق . ھۆپۆپ شۇڭقارغا تەسنەك ئۇرىدىغان ئىش نەدە بار ؟ ــــ دېدى .

ئەھلى ھېكمەتلەر بۇنىڭغا قوشۇلمىدى . خۇسۇسەن ئەرەستو ھېكمە-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئەلچىنىڭ قول ـ پۇتلىرى باغلاندى. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا قىلىچنى ئەكىلىپ قويۇشتى. ئۇلار شۇندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ تاش قىرىغا چىقىپ كېتىشتى. بۇ يەر غەيرىدىن خالىي بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر مەخپىي سىرلارنى بايان قىلىشنى ئېيتتى.

ئەلچى ئىسكەندەرگە:

— ئەي پاك نىيەتلىك پادىشاھ، سەن مېنى ئەلچى دەپ ئويلاپ قالما، چىن خاقانى دەرگاھىڭغا كېلىپ، بوسۇغۇڭ توپىرىقىنى كۆزىگە توتىيا قىلدى. ئۆزى دەرگاھىڭغا كېلىشنى قوبۇل قىلدى. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، قولۇمدا قىلىچ يوق، كۆڭلۈمدە ئاداۋەت يوق. ئۆزۈمنىڭ قول ـ ئاياغلىرىنى ئۆزۈم باغلىتىپ ئالدىڭدا ئۆزۈمنى ئاجىز ۋە بىچارە ھالەتكە چۈشۈردۈم. بۇ ھالەتتە ھۇزۇرۇڭغا كېلىشىمنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبى بار. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ كېلىشى بۇ ئىشتا زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

ئىسكەندەر ھەيران بولغان ھالدا:

— سەن چىن ۋە خىتا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تۇرساڭ، پادىشاھ بولغان كىشى قانداقلارچە بۇنداق خاتا ئىشنى قىلىدۇ. قانداقلارچە ئۆزىنى ئۆز دۈشمىنىگە ئەسىر قىلىپ بېرىدۇ؟ ساڭا مۇشۇ تاپتا ھېچكىممۇ ياردەم بېرەلمەيدۇغۇ؟ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كېلىپ ئەسىرگە چۈشكەن تۇرۇقلۇق يەنە ئەركىن، ئازادە سۆزلەۋاتىسەن. باشقا سۆزلەرنى قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئالدى بىلەن مېنىڭ مۇشۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن، — دېدى.

— ئەي جاھان مەملىكىتىنىڭ تەخت ئىگىسى، — دېدى خاقان جاۋابەن، — مېنىڭ بېشىمغا ناھايىتى مۇشكۇل ئىش چۈشكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈم ئالدىڭغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا ئىشەنچىم بار ئىدى. چۈنكى سەن كۆڭلى ـ كۆكسىڭ يورۇق، ئەقىللىق، مەردانە ۋە ھىممەت ئىگىسى بولۇشتەك سۈپەتلەرگە ئىگىسەن. ئاجىز بولۇپ

كەلگەنلەرنى ئۆلتۈرۈش سەن ئۈچۈن نومۇس. بىراۋلار ساڭا قارشى لەشكەر تارتىپ جەڭ قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئەپۇ سورىسا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنى يەنە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە قىلىسەن. مەندىن تېخى مۇنداق ۋەقە سادىر بولغىنى يوق. بۇنداق قىلىشتىن ئۈيىلمەن، تارتىنىمەن. سېنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىڭنى بىلىپ، ئۇلۇغ ئىشلىرىڭغا ئىشەنچ باغلىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى خارۇ - زارلار كەبى ئاجىز قىلىپ، تەختىڭ ئالدىغا كەلدىم. ساڭا ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلىپ، ئالدىڭدا ئەسىرلەردەك تۆۋەنچىلىك بىلەن سۆزلەيمەن. ساڭا ھېچقاچان ئاداۋەت قىلىش ئويۇم يوق. سەندىن ئۈمىدىم شۇكى، مەرھەمەت قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئايىغايسەن، يۈز - خاتىرەمنى قىلغايسەن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى ناھايىتى سۆيۈندى.

— ئەي بەختىيار پادىشاھ، — دېدى ئۇ خاقانغا، — بۇ كەلگىنىڭ ناھايىتى توغرا بوپتۇ. ئەمدى قانداق سۆزلىرىڭ بولسا، چاقچاقنىراق ئىزھار قىلىپ، ئۇنى يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئىچىدىن تېزرەك ئاشكارلىغىن. چۈنكى سېنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ئولتۇرۇۋېرىشنى ۋە بۇ خىل تەقلىدتە تۇرغۇزۇپ سوئال سوراشنى راۋا كۆرمەيمەن.

خاقان ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ماختاشلارنى ئادا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي جاھاندار، مېنىڭ بۇ كېلىشىمدىكى مەقسەت شۇكى، سەن بىلەن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ، سۆزلىرىمنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتماقچىمەن. مېنىڭ سۆزۈم شۇكى، ئۆز ۋاقتىدا جانابىڭدىن ئەلچى كېلىپ، مېنىڭ ساڭا خىراج تاپشۇرۇشۇمنى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئالدىڭغا بېرىشىمنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنى قوبۇل قىلمىغانىدىم. گەرچە جاۋابىمدىن ئەلچى ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى پەرىشان بولغان بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغىلى كەلدىم. نالايىق

www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنى دېگەن بولسام، گۇناھكار بولۇپ، جازاغا تارتىلارمەن. ئۆزۈمنىڭ گۇناھىنى بىلىپ، ئالدىڭغا كەلدىم. ئەگەر بېشىمغا قىلىچ سۇرسەڭ قېنىم ساڭا پىدا بولسۇن. ئەگەر ئەپۇ قىلىپ، مېنى خۇشال قىلساڭ، بۇ سېنىڭ ياخشى خۇلقۇڭ ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس.

— ئەي سائادەتمەن پادىشاھ، — دېدى ئىسكەندەر تەسىرلەنگەن ھالدا، — سېنىڭ شۇ چاغدا ئەلچىدىن ئەۋەتكەن جاۋابلىرىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ۋە دوستانە ئىدى. سۆزلىرىڭ مەيلى يات، مەيلى يېقىنلارنىڭ ھەممىسىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ھەققانىي ۋە سەممىي ئىدى. بىراق مەن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، جاھانگىرلىكنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. جاھان مەملىكەتىنى قولغا ئېلىشنى كۆزلەپ، سېنىڭ دىيارىڭغا قەدەم باسماقچى بولدۇم. شۇڭا سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن قۇسۇر تاپتىم. چۈنكى ھەرقانداق بىر پادىشاھ ئۆز دۈشمىنىگە غالىب بولسا، بۇنداق باھانىلەرنى تولا كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولمىغىنىدا سېنىڭ تەرىپىڭدىن ئۆكتە قوپقىدەك سۆزلەر كەلمەگەنىدى. ھەرقانداق خاتالىق ئۆتۈلدى دېيىلسە، ئۇ جەزمەن بىز تەرەپتىن ئۆتۈلگەنىدى. ئۇ چاغدا مەن ساڭا خىلاپ سۆزلەرنى قىلغان بولساممۇ، لېكىن مانا ئەمدى ساڭا نىسبەتەن كۆڭلۈم ساپ بولدى. ئىككىمىز ياخشىلىشىپ قالدۇق.

شۇندىن كېيىن خاقان ئىسكەندەرگە دۇئا قىلىپ، ئۆز سۆزىنى مەقسەت تەرەپكە بۇرىدى:

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ، پۈتكۈل ئالەم ساڭا تەۋە بولسۇن، جاھانگىرلىك ساڭا مەنسۇپ بولسۇن. سەن ھەرقانداق بىر مەملىكەتنى ئېلىش ئۈچۈن بەل باغلىغىنىڭدا، ئۇ ئەل ساڭا ھامان ئۇرۇشسىز نېسىپ بولمىدى. ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، مەللۇدىن ئىبارەت ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئانچىكى سېھىر - جادۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، ساڭا خېلى سەركەشلىك ۋە

بويۇنتاۋلۇقلارنى قىلدى. ساڭا دۈشمەنلەرچە قارشى تۇردى. سەن بىر مۇنچە تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇرتىنى ئالدىڭ. ئەسلىدە ئۇنى ئاداۋەت تىغىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئاداۋەت ساقلىماي، ئۇنىڭ ئوغلىغا رەھىم - شەپقەت قىلىپ، تاج - تەختىنى بېرىپ، ئۇنى ئاتا مەملىكىتىدە پادىشاھ قىلدىڭ. سەن مېنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن خىيال قىلاتتىڭ. لېكىن مەن ئۆزۈمنى ساڭا پىدا قىلىپ، ئالدىڭغا كەلدىم. خىيالىمغا مۇشۇنداق ئوي كېلىپ، ساڭا مۇشۇ تەقلىدتە ئىتائەت قىلدىمكى، جاھاندا ھېچكىم بۇنداق قىلمىغان بولغىيتتى. تەڭرى سېنىڭ مەرتىۋەڭنى شۇ قەدەر يۈكسەك قىلدىكى، مەندەك بۈيۈك سەلتەنەتلىك شاھلارمۇ ئالدىڭغا كېلىپ، خارلىق ۋە كەمتەرلىكنى ئىختىيار قىلدى. ئەمدى مېنىڭ مۇرادىم شۇكى، سەندىن مەرھەمەت بىلەن بىر تىلەكنى تىلەيمەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بارلىق مۈشكۈللىرىم ئاسان بولغۇسى.

خاقاننىڭ بۇنداق شكەستىلىكىنى كۆرگەن ئىسكەندەر ھاياجانلانغان ھالدا دېدى:

— ئەي مويسىپىت پادىشاھ، سەن خاتىرجەم بولغىنكى، ئىككىلا ئالەمدە سەن ئاتام، مەن ئوغلۇڭمەن. مەن سېنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، خىزمەتلىرىڭنى نۇقسانسىز ئورۇندايمەن. پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن ئورۇنداپ، دائىم ئايىغىڭنى سۆيۈپ تاۋاب قىلىمەن. ماڭا ھازىر گوياكى پەيلەقۇس ئاتام تىرىلىپ كەلگەندەك بولدى. سېنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، قول ئاستىڭدا سىپاھ بولىمەن. مەن قىلىچلىرىڭنى چېپىپ، دۈشمەنلىرىڭنى يوقىتىپ، شەۋكىتىڭنى قوغدايمەن. ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىساڭ، كۆڭلۈڭ نېمە ئىش بىلەن خۇش بولىدىغان بولسا، شۇنى بايان قىلىپ، مېنى خەۋەردار قىلغىن. مەن بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن تىرىشىپ، تىلەكلىرىڭنى ئادا قىلىمەن.

www.ughurkitap.com

خاقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولدى . ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ئاپىرىنلار ئېيتتى . كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى توختىتالمىغان ھالدا تەشەككۇر تۇپرىقىغا باش قويۇپ ، مۇنداق دېدى :

— ئەي ئالەم تەختىنىڭ سۇلتانى ، سېنىڭ تەختىڭگە بۇ ئاسمان يۈكسەكلىكىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ . سېنىڭ شاھلىقىڭ پۈتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئۈستىدە كەم بولمىسۇن . پالۋانلىقىڭ جاھان ئەھلى ئارىسىدا بەرقارار بولسۇن . مەندەك خان ۋە خاقانلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئالدىڭدا بەندە پەرمان بولسۇن . تەڭرى ساڭا مۇنداق پاك تەبىئەت ۋە ئالىي ھىممەتنى ئاتا قىپتۇ . ياخشى خۇلقۇڭ ۋە شان ـ شەۋكىتىڭ ئالدىدا ، ساڭا بۇ جاھان مۈلكىمۇ ئازلىق قىلىدۇ . ساڭا ئىككى ئالەم شاھلىقى لايىقتۇر دېيەلمەيمەن ، چۈنكى ئۇنىڭدىن يەنە ئون ھەسسە ئارتۇق بولسىمۇ كەملىك قىلىدۇ . سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭغا تەشەككۇر ئېيتىشقا ئاجىزمەن . گۆھەردەك قىممەتلىك سۆزلىرىڭنى ئاڭلاشقىمۇ ماجالىم يوق . بىراق سەن مېھىر ـ مۇھەببەتلىك سۆزلىرىڭ بىلەن ئارىمىزدا ئاتا ۋە ئوغۇللۇق ئىپادىسىنى بىلدۈردۈڭ . سېنى ماڭا بۇنداق ئالىي ھۆرمەت ۋە مەرتىۋىنى بەخش ئېتەر دەپ خىيال قىلمىغانىدىم . مەندەك ناتىۋان سەندەك ساھىبقىرانغا ئاتا بولۇشقا لايىق بولمىسامۇ ، لېكىن ماڭا لاياقەتسىزمەن دېيىشمۇ ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ . چۈنكى شاراپەتلىك گۆھەرنىڭ ئاتىسى سەدەپ بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ شان ـ شەۋكىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ . گەرچە مەن بۇنداق ئىلتىپاتقا لايىق بولمىسامۇ ، لېكىن بۇ مۇناسىۋەتنى سەدەپ بىلەن گۆھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ ، شۇڭا ماڭا دېگەن بارلىق سۆزلىرىڭنى خەلق ئالدىدا ئاشكارا بايان قىلغىن . ئەمما مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ۋە بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنمىغىن . ماڭا ئەلچىگە قىلىدىغان مۇئامىلىنى قىلىپ ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ساقلىغىن ، ئادەملىرىڭگە : « بۇ ئەلچى خاقان بىلەن مېنى ياراشتۇرىدىغان گەپلەرنى

دېدى، مەنمۇ قوبۇل قىلدىم» دېگىن. ئاخشاملىقتا ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە، مېنى ئۇزىتىپ قويغىن. تاڭ ئاتقاندا بىر ئەلچىنى قېشىمغا ئەۋەتكىن. ئۇ بېرىپ بېشىمغا شەرەپلىك سايىسىنى سالسۇن. ئۇ ئەلچى ئارقىلىق مېنى ئۆز دەرگاھىڭغا چاقىرغىن. مەنمۇ پەرمانىڭنى تۇتۇپ ئالدىڭغا كېلىمەن. ئىككىمىز كۆرۈشكەندە ئەل ئالدىدا مېنىڭ ھۆرمىتىمنى ساقلىغىن، پۈتكۈل خالايىق ئېنىق كۆرگۈدەك دەرىجىدە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، مېنى قىزغىن قارشى ئالغىن. بۇنىڭدىن ئىككى پادىشاھنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ئېنىق نامايان بولسۇن. مەن سېنىڭ بۇ قىلغان ھۆرمىتىڭنى ئەبەدىي ئۇنۇتمايمەن. چۈنكى مەن بۇ مەملىكەتكە ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن تارتىپ پادىشاھ بولۇپ كېلىۋاتىمەن. تاكى بۇ چىن مەملىكىتى بەرپا بولغاندىن بېرى بۇ دىيار ئاتىدىن بالىغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغان. پۈتكۈل ئەجدادىم بۇ مەملىكەتكە خان ۋە خاقان بولۇپ ئۆتكەن. سەن بۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ غۇرۇر ۋە نومۇسىنى ساقلىغىن. ماڭا ئالدىڭدا يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىشنى شەرت قىلمىغىن. بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ خاقانلىق شەۋكىتىم سۇنمىسۇن. شاھلار شاھى بولغان سۆلەت ۋە سالاپىتىم بۇزۇلمىسۇن. خالايىق ئالدىدا مېنى ئەزىزلەپ «ئاتام» دېگىن. مېنى بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئەل ئالدىدا ئالىي ھۆرمەت ۋە يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە قىلغىن، ئىلگىرى ئەۋەتكەن مەكتۇبىڭدا ماڭا «باج ـ خىراج بەرسۇن» دەپ يازغانىدىڭ، بۇ قېتىم بۇنداق تەلەپنى قىلمىغىن. بەلكى بۇنداق سۆزلەرنى كۆزۈڭگىمۇ ئىلمىغىن، سېنىڭ خىراج تەلەپ قىلىشتىكى مەقسىتىڭ مال ـ دۇنيا بولىدىغان بولسا، بۇنداق نەرسىلەر مېنىڭ خەزىنىلىرىمدە چەكسىز ۋە ھەددى ـ ھېسابسىزدۇر. ماڭا سەندەك ئوغۇل مۇيەسسەر بولغان يەردە، مېنىڭ خەزىنىلەرنى ئاياپ ئولتۇرۇشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن. مەن سېنىڭ ۋە لەشكەرلىرىڭ ئالدىدا قىممەت باھالىق مال ـ دۇنيانى شۇ قەدەر كۆپ تۆكۈۋېتىمەنكى، پۈتكۈل قوشۇنىڭ ئۇنى يىغىپ يۆتكەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش،

ئۇنچە ـ مەرۋايىت ، لەئلى ـ ياقۇت ۋە ئېسىل ماتالارغا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ . ئىككىمىز ئەنە شۇنداق قۇتلۇق ئۇچرىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەرھەمەت قىلساڭ ، شۇندىن كېيىن مېنىڭ باغ ۋە قەسرىمگە بېرىپ مېھمان بولغىن . ساڭا شاھانە زىياپەتلەرنى تۈزۈپ ، مەجلىسلەرنى بېزەپ ، شەرىپىڭگە سەلتەنەتلىك مۇراسىم ۋە مەرىكىلەرنى ئۆتكۈزىمەن . سەن بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرۇشنى خالىساڭ تۇرۇپ مېھمان بولغىن . قايتىدىغان ۋاقتىڭ بولغاندا قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئۇزىتىپ قوياي ، خىزمىتىڭنى قىلىپ ، قەيەرگىچە دېسەڭ ، شۇ يەرگىمۇ بىللە بېرىپ خوشلىشاي . لېكىن مېنىڭ ئەلچى بولۇپ ئالدىڭغا كەلگەنلىكىمنى زىنھار ئاشكارىلىمىغىن .

— مەن ئاشكارا قىلمايمەن ، — دېدى ئىسكەندەر ، — بىراق ، بۇ ئىش سەن تەرەپتىن ئاشكارا بولۇپ قالسا ، قانداق قىلغۇلۇق ؟

— مەن تەرەپتىن بۇ ئىش ھەرگىز ئاشكارا بولمايدۇ . چۈنكى مېنىڭ بۇياققا كېلىدىغانلىقىمنى مەن تەرەپتىن ھېچكىم بىلمەيدۇ ، — دېدى خاقان .

ئىسكەندەر بۇ تەكلىپنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلدى . ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا بېلىنى مەھكەم باغلىدى . ئاندىن ئوردا ئەھلىنى چاقىرتقۇزۇپ ، ھەممەيلەننى ھازىر قىلدى ـ دە ، ئۇلارغا ھايالسىزلا پەرمان چۈشۈرۈپ :

— ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن بۇ ئەلچىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى بوشىتىۋېتىڭلار . ئۇ ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى ئېلىپ كېلىپ ، خاقان بىلەن مېنى سۆلھىگە كەلتۈردى . ئارىدىكى زىددىيەتنى تۈگەتتى . بۇ ئەلچىلىكتە ناھايىتى كامىل كىشى ئىكەن ، — دېدى .

ئىسكەندەرنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن ، « ئەلچى » نىڭ پۇت ـ قوللىرى يېشىلدى . ئۇنىڭغا قىممەتلىك لىباسلار كىيدۈرۈلدى . بىر مۇنچە ئېسىل سوۋغا ـ سالاملار ھەدىيە قىلىندى . ئاندىن ئۇنى ئىسكەندەر قېشىغا ئولتۇرغۇزدى . ئىسكەندەر « ئەلچى » گە :

— بۈگۈن ئاخشامغىچە بۇ يەردە تىنىچ ـ ئامان ، خۇشال ـ خۇرام دەم ئالغايسەن . كەچ بولغاندا سىنى ئۈزىتىپ قويىمىز ، — دېدى .

« ئەلچى » ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە ماختاشلارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ، مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى . ئۇ يەردە تاكى ئاخشامغىچە خۇشال ھالدا ئارام ئالدى . ئەمما يۈزىدىن نىقابنى زادىلا ئاچمىدى . كەچ بولۇپ ، ئاي پەلەك يۈزىگە چىقتى . « ئەلچى » مۇ ئېتىغا مىنىپ ، خۇددى پەلەك يۈزىدىكى ئايدەك سەيلە قىلغان ھالدا ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ كەلدى . شاھانە چېدىر ئىشكىدە ھېلىقى مەھرەم خاقاننىڭ جامالىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇراتتى . خاقان ئۇنىڭغا ئېتىنى تاپشۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ ، خاتىرجەم ھالدا ئولتۇردى . خاقاننىڭ قىلغان بۇ ئىشىنى ھېچقانداق پادىشاھ قىلىپ باقمىغان بولغىيتتى .

تاڭ ئاتتى . قۇياش پەلەك تەختىگە چىقتى ، ئىسكەندەرمۇ تەخت ئۈستىدە ئورۇنلىشىپ ، پۈتكۈل ۋەزىرلەر ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى ئوردىغا چاقىرتتى . پۈتكۈل دۆلەت كاتىپلىرى ئىسكەندەر ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى . ئىسكەندەر بۇلار ئارىسىدىن بىر دانىشمەن ئەلچىنى تاللاپ ، ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەرنى جېكىلىدى :

— سەن خاقان قېشىغا بېرىپ ، مەندىن دۇئايۇ سالام دېگەچ ، مۇنۇ سۆزۈمنى يەتكۈزگىن : ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك ئەسۋابلىرىنى تاشلاپ ، سۈلھى ۋە مۇھەببەت ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ، بىز تەرەپكە كەلسۇن . بىز ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن كۆڭلىمىزنى مۇتلەق پاك تۇتىمىز . پەقەت ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمىز . بىز خاھى ياخشى خاھى يامان بولايلى ، بۈگۈن ئۇنىڭ يۇرتىغا مېھمان بولۇپ كەلدۇق . شۇڭا خاقان ھەر ھالدا بىزدەك موھتاجلارنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ ، بىز تەرەپكە كەلسۇن .

ئۇ سۆزمەن ئەلچى بۇ خەۋەرنى ئېلىپ خاقاننىڭ بارگاھىغا قاراپ يولغا

چىقتى . ئۇ خاقاننىڭ لەشكەرگاھىغا يېقىن كېلىپ ئۆزىنىڭ سۆز ئۇنچىلىرىنى چاچقىنىدا ، لەشكەرلەر ئۇنىڭ ئەلچى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى . خاقان ئاڭلاپ ، ئۇنى ئوردىغا چاقىرتتى . ئەلچى كىرىپ تەخت يېنىدا ئولتۇردى . خاقان بارلىق ۋەزىر ، ئەمىر ۋە سەركەردىلەرنى بارگاھقا يىغدى . ئاندىن ئەلچىدىن :

ــ بۇياققا كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە ؟ ــ دەپ سورىدى .

ئۇ گەپىدان ئەلچى ئىسكەندەردىن ئاڭلىغانلىرىنى خاقاننىڭ ھۇزۇرىدا تولۇق بايان قىلدى . خاقان ئىسكەندەرنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، ئەلچى بىلەن قايتىدىن دوستانە كۆرۈشتى . ئاندىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

ــ ئىسكەندەر بىزگە ئىلگىرى ئاداۋەتلىك سۆزلەرنى ئەۋەتكەنىدى . ئۇ بىزگە دۈشمەنلىك قىلغاچقا ، بىزنىڭ لەشكەر تارتىپ قارشى تۇرۇشىمىز زۆرۈر بولغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ يۇمشاق سۆزلەرنى ئېيتىپ ، سېنى ئەۋەتىپتۇ . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىزگە سادىقلىق بىلەن دوست بولۇشنى ئىختىيار قىلغانلىقى مەلۇم بولدى . ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گىنە ـ ئاداۋەت قالمىدى . ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسىلا ، بىز سەن بىلەن بىللە ئىسكەندەر مەنزىلىگە قاراپ راۋان بولىمىز .

ــ مېنىڭ سۆزۈم ئىسكەندەر ئېيتقان سۆزلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر ، ــ دېدى ئەلچى تەكىتلەپ ، ــ ئۇنداق بولمىسا ، بۇ سۆزلەرنى دېيىشكە نېمە ھەددىم بولسۇن ؟

خاقان ئەلچىنىڭ سۆزلىرىگە كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ، ئىسكەندەر تەرەپكە بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى . خاقان ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا ئاتلانغاندىن كېيىن ، پۈتكۈل چىن ئەھلى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ ، شادلىنىقتا چۆمدى . ئۇلار گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ خاقاننىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندى . خالايىقنىڭ تولىلىقىدىن ، ئۇلارغا يەر يۈزى تار كەلدى . يولغا سى-

غىشمىدى . شۇڭا خاقان ئۇلارغا پەرمان قىلىپ ئارقىسىغا ياندۇردى . ھەممىسى ئۆز جايىغا قايتىپ كۈتۈپ تۇردى . خاقانى چىن گۈلىيۈزلۈكلىرىدىن يۈز كىشىنى ۋە خىتا يىگىتلىرىدىن مىڭ كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ، يولغا راۋان بولدى . ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرگاھىغا يەتكەندە ئىسكەندەر تەرەپتىن شاھلار ، ۋەزىر ــ ۋۇزرالار شاھانە زىبۇ ــ زىننەتلەر بىلەن خاقانى چىننىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۇلار شۇ زاماننىڭ قائىدە يوسۇنى بويىچە ئارقىمۇ ئارقا چىقىپ ، خاقان بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار خۇددى دەريا دولقۇنىدەك ئارقا ــ ئارقىدىن كېلىپ ، كەلگەنلەر بىلەن سالام ــ سائەت قىلىشتى . ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلگەندە ، خاقان ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى . شاھنىڭ ئارقىسىدىن پۈتكۈل خالايىق يۈگۈرۈشكەن ھالدا ئىسكەندەر چېدىرىنىڭ تاناپلىرى يېنىغا كەلدى . ئىسكەندەرمۇ ئاق ئۆي ئىچىدىن دەرھال چىقىپ كەلدى . ئىككى پادىشاھ ئىككى تەرەپتىن قوللىرىنى ئاچقان ھالدا بىر ــ بىرىگە يېقىنلاشتى . ئۇلار خۇددى ئاي بىلەن كۈن بىر نۇقتىدا ئۇچراشقاندەك كۆرۈشتى . ئاتا بىلەن ئوغۇلدەك قۇچاقلاشتى . بۇنداق ئىككى بۈيۈك شاھنىڭ ئۇچرىشىشىنى بۇ قېرى پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدى . بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ، ئىسكەندەر خاقاننىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ ، ئۆز تەختىگە قاراپ ماڭدى . خاقان خىجالەت بولۇپ ، ئۆزىنى ئارقىغا تارتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئىسكەندەر خاقاننىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماستىن ، ئۇنى تارتىپ ، يۇقىرىغا چىقاردى ۋە خاقاننىڭ ئاياغلىرى تاكى تەخت ئۇستىگە يەتمىگۈچە توختىمىدى . ئىسكەندەر ئاۋۋال خاقانى ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئۆزى ئولتۇردى . ئۇ قىلغان ۋەدىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلدى . يەنە بۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماستىن ، مۇلايىم ۋە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن خاقاننىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈردى . مېھرىبانلارچە مۇئامىلە بىلەن ئاتا ۋە ئوغۇللۇق سۆزلىرىنى ئارىغا سالدى . خاقاننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ، بۇرۇن

قىلغان ۋەدىلەرنى قىلچە نۇقسانسىز ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. كۆرۈشۈش ۋە ئۆزئارا سۆھبەت رەسمىيەتلىرى تولۇق ئەمەلىيلەشتى. ئاندىن باقاۋۇل داستىخانلارنى سېلىپ، خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتلەرنى يايدى. بۇ تائاملارنى كىشىنىڭ يېگەنسېرى يېگۈسى كېلەتتى. بۇ يەرگە ھازىر قىلىنغان تائاملارنى تەييارلاشقا ئالەمدە ھېچ كىشىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيتتى. زىياپەتتىن كېيىن، ئىسكەندەر خاقانىنىڭ ئۆز بارگاھىغا قايتىپ، بۇ دوستانە ئۇچرىشىشنى چىن خەلقىگە تېزرەك يەتكۈزۈشنى ئۆتۈندى. خاقان بۇ سۆزدىن ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى ــ دە، ئىسكەندەرگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، خوشلاشتى. ئىسكەندەر خاقانىنى چىن لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقان قورغانغا ئۇزىتىپ قويدى. ئۆزى گۈل رەڭ قەدەھلەردە گۈلگۈن شارابلانى ئىچىشكە باشلىدى.

**ساقىينامە:**

ئاياقچى، تولا ئەيلە چىننى ئاياق،
ئېرۇر بىزگە سۆزنىڭ چىنى ئىشتىياق.
لەبا لەب تۇت ئانىكى مە سىپقاراي،
داغى لەھزە ـ لەھزە ئۆزۈمدىن باراي.
مۇغەننىي كەلۇ سەۋتى تۈركانە ساز،
مەقانى نەۋا، يوقسە تۈركىي ھىجاز.
نەۋائىنىڭ ئەشئارىدىن نەچچە بەيت،
مېنىڭ ھەسبى ھالىم تاپىپ تۈركىي ئايت.
نەۋائى، تۇتۇپ فال دىۋانى ئاچ،
ئوقۇردا دۇرۇ لەئل ئالەمغە ساچ.
مۇغەننىيغە ھەم ئەيلە تەئلىم ئانى،
كى قىلسۇن سۇرۇد ئىچرە تەقسىم ئانى.

## ئەردەشىرنىڭ ھېكايىتى . ئۇ كۈچلۈك دۈشمەننى قىلىچ بىلەن يوقىتىشقا ئاجىز كەلدى . لېكىن پەم ـ پاراسەت ۋە تىل قورالىنى ئىشقا سېلىپ ، بۇ مۈشكۈلاتنى ھەل قىلدى

پۈتكۈل شاھلار تائىپىسى ئىچىدە ئەردەشىر ناھايىتى ئەقىللىق ۋە دانىشمەن پادىشاھ ئىدى . ھەم سۆزمەن ، ھەم شىجائەتلىك ئىدى . ئۇ پادىشاھ ئەردەۋان بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى . ئىككى تەرەپ لەشكىرى جەڭ قىلىشقا تەييار بولدى . لېكىن ئەردەۋان قوشۇنى كۈچلۈك ، ئەردەشىرنىڭ قوشۇنى بولسا ئاجىز ئىدى . ئەردەشىرنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى سەۋەبىدىن قوشۇنلىرى چېكىنمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەردەۋان قوشۇنىنى يېڭىپ ، ئالغا ئىلگىرىلەپمۇ كېتەلمىدى . ئەردەشىر كۆڭلىدە : « بىرەر سۇلھى يولىنى تېپىپ ، خەلقىم ۋە يۇرتۇمنى بۇ ئۇرۇشنىڭ خانىۋەيرانچىلىقىدىن قۇتقۇزاي » دېگەنلەرنى ئويلاپ ، ئەردەۋانغا كۆڭۈل قويۇپ ئەلچى ئەۋەتتى . ئەردەشىر قوشۇنىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەردەۋان ئەردەشىرنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى ۋە ياردىشىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى .

ئەلقىسسە ، ئەردەشىرنىڭ لەشكىرى ئىچىدە بىر ئادەم بار ئىدى . ئۇ ھەمىشە ئەردەشىرنىڭ ئوردىسى ۋە قوشۇنى ئىچىدىكى مەخپىي ئەھۋاللارنى ئەردەۋانغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى . ئەردەشىرنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەت ئارقىلىق ئەردەۋانغا توختاۋسىز ھالدا يوللاپ تۇراتتى . كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئەردەشىرگە بىر قانچە قېتىم مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئەردەشىر ئۇنىڭغا چېقىلمىدى ، ھېچ نەرسىمۇ دېمىدى . ئەردەۋان قوشۇنى بىر كۈنلۈك يەرگىچە يېقىنلاپ كەلدى . لېكىن ئەردەشىر قىلچە پەرۋا قىلمىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر مەسلىھەت كەلگەنىدى . ئۇ بارلىق دۆلەت كاتىپلىرىنى چاقىرىپ مەخپىي يىغىن

ئاچتى. ئەردەشىر بارلىق ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— سىلەر ئەردەۋاننىڭ شان ـ شەۋكىتى ۋە ھەيۋەت ـ ھەشەمىتىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەڭلار. قادىر تەڭرى ماڭا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشالمەن. بۇ ئەھۋالنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، ئەمما، ھېچكىمگە ئېيتماڭلار. بۇ سىرنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇڭلار.

مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى ھېچ كىشىگە ئاشكارىلىماسلىق ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى. ئەردەشىر سۆزىنى خۇشال ھالدا داۋاملاشتۇردى:

— ماڭا ئەردەۋاننىڭ مەخسۇس پالۋانلىرى ۋە ئۇردا ئەمەلدارلىرىدىن بىر نەچچىسى خەت يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇلار خېتىدە: «بىزگە ئەردەۋاندىن ناھايىتى كۆپ زۇلۇم يەتتى. ئۇ بىزگە بەكمۇ ئۇۋال قىلدى. ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدۇق. بۇ ئەھۋالنى سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر. شۇڭا بىز بىرنەچچە پالۋان ۋە ساراي ئۇلۇغلىرى بىر بولۇپ بۇ خەتنى يازدۇق. مەقسىتىمىز شۇكى، تەڭرى خالىسا، ئەتە لەشكەرلەر يۈزمۇ يۈز بولۇپ سەپ تۈزگەندە، بىز بىر نەچچەيلەن ئەردەۋان قەيەردە بولسا شۇ يەردە بېشىنى كېسىپ جازاسىنى بېرىمىز. ئۇنىڭ بېشىنى ساڭا تەقدىم قىلىمىز» دەپ يېزىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەردەشىرنىڭ سىپاھ ۋە بەگلىرى ناھايىتى خۇشال بولدى. ئەردەشىرنىڭ لەشكەرىمۇ بىردىنلا روھلۇق ۋە جەڭگىۋار بولۇپ كەتتى. ئەردەۋانغا خەت ـ خەۋەر يوللاپ تۇرىدىغان ھېلىقى كىشى بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ يەنە خەت يېزىپ ئەردەۋانغا ئەۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەردەۋاننىڭ ئىچىگە ۋەھىمە چۈشتى. يا جەڭ قىلىشقا، ياكى ئۆزىگە قەست قىلماقچى بولغانلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا پېتىنالماي، ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىر ئۇنىڭ جاسارىتى سۇسلىشىپ، ئەردەشىر بىلەن

سۇلھى  تۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى . ئەردەشىر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن ئارزۇسىغا يەتتى .

**ھېكمەت : ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن : « ياخشى تەدبىر ۋە مەسلىھەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى قايسى ، خاتالىققا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبچۇ ؟ » دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ۋە جاۋاب ئاڭلىغانلىقى**

دانىشمەن ئىسكەندەر ئەرەستۇ ھېكىمدىن مۇنداق سورىدى :

ئىنسانلار يارىتىلىشتا ئوخشاش تۇرسا ، نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ رايى ياخشى تەرەپكە مايىل ، يەنە بەزىلەرنىڭ رايى خاتا تەرەپكە ئېغىپ تۇرىدۇ ؟ يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ نىيىتى ياخشى تەرەپكە مايىل بولۇپ ، شۈبھىسىز پاك بولىسىمۇ ، لېكىن بەزىدە خاتالىققا دۇچار بولۇپ قالىدۇ . ئەسلىدە ھەق ئىش بولغان يەردە خاتا ئىش بولماسلىقى ، خاتا ئىش بولغان يەردە ھەق ئىش بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ ؟

ئادەملەر يارىلىشتا ئوخشاش بولسىمۇ ، لېكىن دانىشمەنلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكتە ئوخشاش ئەمەس ، ــ دېدى ئەرەستو ھېكىم جاۋاب بېرىپ ، ــ تەڭرىنىڭ سۈپەتلىرى ھەددى ـ ھېسابسىزدۇر . ئادەملەرنىڭ ھەر بىرىدە بىر خىل سۈپەت نامايانىدۇر . ئادەملەردە بۇ سۈپەتلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ . ئىككى سۈپەت بىر سۈپەتكە قارىغاندا كۆپتۇر . شۇڭا بەندىلەرنىڭ بىرى ئەقىللىق ، يەنە بىرى ئەقىلسىز بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . ئەقىللىق ئەدەمنىڭ پەم-پاراستى كۆپ ھاللاردا توغرا تەرەپكە مايىل بولسىمۇ ، لېكىن بەزى ھاللاردا خاتا تەرەپكىمۇ ئېغىپ كېتىدۇ . چۈنكى ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ھەمىشە بىر خىل ئەھۋالدا تۇرمايدۇ . ھەر دائىم باشقا ـ باشقا ھالەتلەردە بولىدۇ . كىشىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ھەرقانچە مول بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ غايىب ئىلىملەرنى بىلەلمەيدۇ . ئەتە يۈز بېرىدىغان ئىشنى بۈگۈن بىلىپ كېتەلمەيدۇ . غايىب ئىلىملەر ئەقىل ـ پاراسەتتىن يىراق بولسىمۇ ، لې-

www.uyghurkitap.com

كىن ئۇنى بىلىش ۋە پەملەشتە ئەقىل ئىگىلىرى نادانلارغا قارىغاندا ياخشىراقتۇر. بىراۋنىڭ ئەقىل ـ پاراستى يېتەرلىك بولسا، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ياخشى ئىشلار يۈزەگە چىقىدۇ. ئۇنداق ئادەم تەڭرىنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. كامالەتكە يەتكەن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭمۇ خاتالىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ تەڭرى تائالانىڭ كامالىتىگە دەلىلدۇر. چۈنكى ھەقىقىي كامالەت ئىگىسى ۋە ئەبەدىي خاتالاشمايدىغان پاراسەت ئىگىسى پەقەت تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر.

**خاقانىنىڭ ئىسكەندەر ئۈچۈن زىياپەتكە تەييارلىق كۆرگەنلىكى ۋە ئىسكەندەرنى چىن شەھىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقى، ئۇ يەردىكى شاھانە بەزمە ۋە ئادەتلەرنى سۈپەتلەپ، تەڭداشسىز تەسۋىر ئۈستىسى بولغان قەلەمنىڭ جاۋاھىرلارنى چاچقانلىقى، ئۇ نادىر تۆھپىلەرنىڭ خاسىيەتلىرىنى تەرىپلەپ، يىتۆك تالانتىنىڭ گۆھەرلەرنى تۆككەنلىكى، ئۇ پېشكەشلەرنىڭ سان ۋە ھېسابىنى يېزىش ئۈچۈن، بۇ توققۇز پەلەك ۋاراقلىرىنىڭ قەلەمگە سەھىپە قىلىنغانلىقى، ئۇ كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى بەزمىنى شەرھلەش ئۈچۈن، سەككىز جەننەت بېغىنىڭ ئەقىل كۆزىگە يۈزلەندۈرۈلگەنلىكى**

چىن رەسسامى بۇ نەپىس سەھىپىگە مۇنداق گۈزەل رەسىملەرنى سىزدى:

ۋاقتىكى، خاقان ئاداۋەتنى مۇھەببەتكە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، چىن شەھىرىگە قايتىپ كەلدى. ئەلنىڭ كۆڭلىدىن غەم ـ غۇسسىنى چىقىرىۋېتىپ، شادلىق بەزمىسىگە تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئوردىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بارلىق دۆلەت ئەركانلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلدى. ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئاندىن بۇ ۋەزىر ـ ۋۇزرا ۋە ئەمىر ـ ئۇمرالارغا مۇنداق سۆز باشلىدى:

— ئىسكەندەر بولسا پەلەكتەك ھەيۋەت ـ ھەشەمەتلىك پادىشاھتۇر . ئۇ يەر يۈزىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ، جاھان پادىشاھلىرىنى ئۆزىگە قارام قىلدى . كۈچلۈكلەرنى باش ئەگدۈردى . پەلەكنىڭ بېشىغا سىرتماق سېلىپ ، ئۇنى ئۆزىگە بېقىندۇرغان كىشىلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ سىرتمىقى ئىچىگە كىرگۈزدى ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلدى . ئىسكەندەرنىڭ بۇ قەدەر ھەشەمەت بىلەن كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق ، يەنە بىزگە بۇنچىۋالا مېھرىبانلىق ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغانىدۇق . ئۇ كەلگەندىن كېيىن دۈشمەنلىكنى تاشلاپ ، كۆڭلىنى پاك تۇتتى . ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مېنىڭ ھۆرمىتىمنى ساقلاپ ، ماڭا ئۆزىنىڭ تەختى ئۈستىدىن ئورۇن بەردى . مېنى ئۆزىگە ئاتا بولۇشقا قوبۇل كۆرۈپ ، ئۆزى ماڭا شەپقەتلىك ئوغۇل بولدى . شۇنى بىلەمسىزلەركىن ، ئەگەر ئۇ جەڭ قىلغان بولسا ، لەشكەرلىرىم بىلەن خەلقىمنى ھېسابسىز زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچراتقان بولاتتى . ئۇ مەرھەمەت يولىنى تۇتۇپ ، ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلدى . بۇ يەرگە يىغىلغان ھەممىمىز ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولدۇق . مەن ئۇنىڭ قىلغان بۇنداق كاتتا ئىلتىپاتلىرىدىن خىجىل بولماقتىمەن . ئۇ گەرچە مېنى ئاتا دېسىمۇ ، لېكىن مەن ئۇنىڭ خىزمەتكارىمەن . شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئوبدان خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك ، ھەممىڭلار بۇ ئىش ھەققىدە ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭلار بولسا بېرىڭلار .

خاقان بۇ سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن ، يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى دۇئاغا قول ئاچتى . ئۇلار مۇنداق دېيىشتى :

— سىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭگە ھەممىمىز لەشكەرلىرىمىز بىلەن بىردەك ئەمەل قىلىمىز . بارچىمىز سېنىڭ پەرمانىڭغا قاراشلىقمىز . بۇ كەلگەن مېھمان جاھان خەلقىنىڭ پادىشاھىدۇر . ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىمىزنىڭ جانلىرى پىدا بولسۇن . ئۇنىڭغا ھەر قانچە ئىززەت ـ ئىكرام قىلساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ . ئۆزۈڭ چىن مەملىكىتىدىكى لەشكەر ۋە سىپاھلارغا ھەر نېمە دېسەڭ سېنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ . بارچىمىز سېنىڭ پەرمانىڭنى غەنىيمەت بىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئىجرا قىلىمىز . ھەممىمىز تاپقان خەزىنە ـ دەپىنىلىرىمىزنى ساڭا ھەدىيە قىلىمىز . سېنىڭ بۇ ئىشىڭدىن ھېچ نەرسىمىزنى ئايىمايمىز . سەن ھىممىتىڭنى قانچە يۇقىرى قىلساڭ ، بىزنىڭ ھىممىتىمىزمۇ شۇنچە يۇقىرى بولغۇسى . قاچانكى ئىككى پادىشاھ مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن بىر ـ بىرىگە قۇياش ھەم ئايدەك يېقىنلاشسا ، بىزگە ئوخشاش زەررىچىلەرمۇ ئەلۋەتتە جىم ياتمايمىز . سەن ۋە بارلىق يەرلىك خانلار ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىگەن خەزىنىلىرىنى سەرپ قىلساڭمۇ ، ئۇنى زىيادە خەرج قىلدى دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ساڭا ئىسكەندەردەك كىشى مېھمان بولسا ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈزلىگەن خەزىنە ۋە دەپىنىلەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ .

يىغىن ئەھلىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن سۆيۈنگەن خاقان مۇنداق پەرمان قىلدى :

— ئىسكەندەرنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ، خەلقىمىز ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە بىر يىللىق زۆرۈر خىراجەتنى بەرسۇن . مەنمۇ ئىسكەندەرگە بىر يىللىق خىراجەتنى ئۆز خەزىنەمدىن بېرىمەن .

بۇ سۆزگە ھەممەيلەن جان دىلىدىن رازىلىق بىلدۈرۈشتى . پۈتكۈل يەرلىك خانلار ، ۋەزىر ، ئەمىرلەر ، لەشكەر ، سىپاھلار ۋە ئاۋام پۇقرالار بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ، ئۆزئارا ياردەم قىلىشىپ ، ھەممە تىرىشچانلىقلارنى ئىشقا سېلىپ ، نەچچە كۈن ئىچىدىلا بارلىق خىراجەتنى تەييار قىلىپ بولدى . مال ـ دۇنيا ۋە خەزىنىلەر گويا دەريادەك ئاقتى . شۇ قەدەر بىھېساب ۋە بىباھا سوۋغات ـ پىشكەشلەرنى تەييار قىلدىكى ، بۇنى كۆرۈپ دەۋرانىنىڭ ، ياق بەلكى ئاسماننىڭ كۆزلىرىمۇ ھەيران قالدى . بۇ سوۋغاتلار ئىچىدە مىڭ ئاتنى تەييار قىلدى . ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يۈگۈرۈشتە گوياكى بۇلۇتتەك ئىدى . كېيىك ۋە قۇلانلارمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى . بەلكى تاڭ شەمىلىمۇ ئۇ ئاتلارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىغا يېتىشەلمەيتتى . ئۇ ئاتلارنىڭ سەكرەپ ـ چاپچىشلىرى گويا چاقماقتەك ئىدى . بۇ ئاتلار ھەممىسى ئالتۇنغا چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ ئىگەر ـ توقۇملىرى ، پۈتكۈل جابدۇقلىرىدىن باشلاپ

هەتتا تاقىلىرىغىچە پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ئىدى . ئۇلارنىڭ يوپۇقلىرىمۇ پۈتۈنلەي ياقۇت ۋە مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇپ تۇقۇلغان تەتىللا رەختلەردىن ئىدى . يەنە مىڭ تۆگە تەييار قىلدى . ئۇلارنىڭ هەر بىرى پىلدەك ، ياق ، بەلكى تاغدەك بەستلىك ئىدى . ئەمما پەرىشتىدەك مۇلايىم ئىدى ، هېچ كىشىگە ئازار بەرمەيتتى . ئۇلار يۈگۈرۈشتە بۇ پەلەكتەك تېز ۋە چەبدەس ئىدى . هەر بىر تۆگىنىڭ يوپۇقلىرى جاۋاهىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن چىن ماتالىرىدىن تەييار قىلىنغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋرىشىمدىن پۆپۈكلەرنى باغلاپ ، ئۈنچە ، ياقۇت ، هېقىق ۋە فىرۇزىلاردىن مونچاق ئېسىلغانىدى . يەنە بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكتەك چاققان ۋە تېز يۈرۈشلۈك قېچىردىن مىڭنى تاللاپ زىننەتلىدى . ئۇلارنىڭ ئىگەر - توقۇملىرىمۇ ئالتۇندىن ، يوپۇقلىرى چىننىڭ ئېسىل ماتالىرىدىن ئىدى . ئۇلار تەرتىپ بويىچە قاتار تىزىلىپ تۇراتتى . هەر بىر ئات ، تۆگە ۋە قېچىرغا بىردىن كىشىنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى . يەنە توققۇز مىڭ قۇر كىيىم تەييار قىلدى . ئۇلارنىڭ هەممىسى قىممەت باهالىق ماتالاردىن پۈتكەن بولۇپ ، گۈزەللىكتە هەر بىرى گوياكى بىر گۈلشەندەك ، بەلكى بىر جەننەت گۈلزارىدەك ئىدى . قاشتېشىدىن مىڭ تاۋاقچە بار ئىدى . ئۇلارنىڭ هەر بىرى گۈزەللىك ۋە قىممەت باهالىقتا تەڭداشسىز ئىدى . يەنە چىن مەملىكىتىنىڭ چىنە - قاچىلىرىدىن مىڭ دانە تەييار قىلدى ، ئۇلارنىڭ هەربىرى بىر تولۇن ئايدەك گۈزەل ئىدى . يەنە مىڭ نەپەر ئاي يۈزلۈك كېنىزەكنى تەييار قىلدى . ئۇلارنىڭ هەر بىرى سۇمبۇل چاچلىق ، گۈل يۈزلۈك ئىدى . ئېغىزلىرى پىستىدەك ، كۆزلىرى نەرگىس گۈلىدەك ، كىرپىكلىرى خەنجەردەك ئىدى . ئۇلار ئېسىل لىباسلار بىلەن قىممەت باهالىق جاۋاهىرلاردىن زىننەتلەنگەن بولۇپ ، ناز - كەرەشمىلەر بىلەن ئەلنىڭ كۆڭلىنى مەھلىيا قىلاتتى .

ئەمما ، يۇقىرىقى پىشكەشلەر ۋە سوۋغا - سالاملار ئىچىدە ئىككى خىل ئاجايىپ تۆهپە بار ئىدىكى ، ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىدى . ئۇنىڭ بىرى جەمشىد جامىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەينەك ئىدى . ئۇ

www.uyghurkitap.com

پاكلىقتا گويا كى قۇياش ئەينىكىدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا « پەلەكى مېھرى ئايايىن » ( پەلەكنىڭ قۇياش ئەينىكى ) دەپ ئات قويۇلغانىدى . لېكىن خەلق ئىچىدە « ئايىنەئى چىنى » ( چىنىنىڭ ئەينىكى ) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى . ئۇ ئەينەكنىڭ بىر يۈزى ئايدەك ، يەنە بىر يۈزى كۈندەك روشەن ئىدى . ھەرگىز قارايمايتتى ۋە كىرلەشمەيتتى . ھۆكۈمالار ئۇنى ياسىغاندا ئۇنىڭ ھەر بىر يۈزىنى بىر خىل خاسىيەتكە ئىگە قىلىپ تۈزگەن-دى . ئۇنىڭ بىرىنچى يۈزىنىڭ خاسىيىتى مۇنداق ئىدى : قاچانكى پادىشاھ كىشىلەردىن سوراق ـ سوئال سورىغاندا ياكى ئىككى دەۋاگەر بىر ـ بىرىگە دەۋا قىلغاندا ، گۇۋاھچىغا ئېھتىياج چۈشمەيتتى . ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئاشۇ ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ، ئەينەككە قاراتقۇزاتتى ، ئاندىن پادىشاھ ئۇ ئەينەككە قارىسا ، ئۇنىڭدا راست سۆزلىگەن كىشىنىڭ يۈزى كۆرۈنۈپ ، يالغان سۆزلىگۈچىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى . بۇ ئەينەكنىڭ ئىككىنچى يۈزى-نىڭ خاسىيىتى مۇنداق ئىدى : پادىشاھ بەزمە تۈزۈپ ، شاراب ئىچىشنى ئويۇشتۇرغاندا ، بەزمە ئەھلى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئەينەكنىڭ ئىككىنچى يۈزىگە قارىسا ، ئەدەب بىلەن تىنچ ئولتۇرۇپ شاراب ئىچكەنلەرنىڭ يۈزى ئەينەكتە ئىنتايىن چىرايلىق ۋە نۇرانە كۆرۈنەتتى . ئوسال مەست بولۇپ ، ئە-دەبسىزلىك ۋە بەتخۇيلۇق قىلغانلارنىڭ يۈزى ناھايىتى سەت ۋە بەتبەشىرە بولۇپ كۆرۈنەتتى . ئۆزىنى بۇ خىل ھالەتتە كۆرگۈچىلەر ئۆزىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ، قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرىنى توغرىلىۋالاتتى .

ئاجايىپ تۆھپىنىڭ يەنە بىرى ، بىر گۈزەل كېنىزەك ئىدىكى ، ئۇنىڭ زىبا ۋە چىرايلىقلىقى پۈتكۈل جاھانغا ئوت سېلىپ ، جانلارنى كۆيدۈرەتتى . ئۇ گۈزەلنىڭ سۈپەتلىرى مۇنۇ بېيىتلاردا سۆزلىنىدۇ . **بېيىت :**

يەنە لۇئبەتى بەل جەھان ئافەتى ،
جەھان ئافەتى يوقكى ، جان ئافەتى .
خىتايى ھەسەب ، بەلكى چىنىي نەژاد ،

جەمالىغە ھۆرۈ پەرى خانەزاد .
ئىكى پەندە ھۆسنىغە ھۆرۈ پەرى ،
ۋە لېكىن قاچىپ ھەر بىرى بىر سەرى .
خىتا مۇلكىدە زۇلفى غەۋغا سالىپ ،
كۆزى چىندە ھەردەم ئەلالا سالىپ .
ئىكى چىنى زۇلفى نە مۇشكىن تەناپ ،
ئاڭا چىن ئىچىدە سەبەب مۇشكى ناب .
قارا قاشى مۇشكىن ھىلالى كېلىپ ،
ھىلال ئاندىن ئاشۇفتە ھالى كېلىپ .
ئانى چەرخ ئەيلەردە مۇشكىن ھىلال ،
تامىپ نۇقتەئىكىم ، بولۇپ ئاتى خال .
ئۇزارى ئۇزە ئىككى قىيغاچ كۆز ،
ئۇلۇس قانىنى ئىچكەلى ئاچ كۆز .
كىم ئول ئاچلىغ ئەيلەپ ئانى زەئىف ،
ئۇزالىپ ياتىپ خەستەلەردەك نەھىف .
قۇياشدەك ئاڭا دەۋرى رۇخسار ئولۇپ ،
ئاغىز نۇقتەسىدىن نەمۇدار ئولۇپ .
چۇ پەركار ئۇچى ئەيلەپ كەشان ،
پەدىد ئۇلغۇچە تاپماي نىشان .
زەنەخ تەۋقى لېكىن يانا نىم دەۋر ،
كى ئاندىن بارى دەۋر ئەھلىغە جەۋر .
زەقەن چاھى ئول دەۋرنىڭ نۇقتەسى ،
تۇشۇپ چاھ ئارا ئەھلى دەۋران بەسى .
قەدى ئىشۋە بىرلە خىرامەندە سەۋر ،
خىرامەندە سەۋرى خىرامان تەزەرۋ .
چۇنان ئول تەزەرۋ ئاشكار ئەيلەبان ،

بەسى بازۇ شاھىن شىكار ئەيلەبان .
باشىدىن ئاياغ ئىشۋەۋۇ خۇبلۇق ،
ئاياقدىن باشى نازۇ مەھبۇبلۇق .
كېلىپ بارچەدىن تۇرفە بۇ ماجەرا ،
كى ھەم بەزم ئارا چۇشتۇ ھەم رەزم ئارا .

ۋاقىتكى ، بەزمە ـ مەشرەپ تۈزۈلگەندە ئۇ كېنىزەكنىڭ ئاشىقلارنى ئۆرتىگۈچى مۇڭلۇق ناخشىلىرى جاھاننى كۆيدۈرەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ خۇش ناۋالىرى بىلەن خالايىقنى بىھوش قىلاتتى . مۇزىكىسى بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكنى لال قىلاتتى . ئۇ ساز چېلىشقا باشلىسا ، ناتىۋان ئاشىقلارنىڭ جان رىشتىلىرى ئۈزۈلۈشكە باشلايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ناخشا ئاۋازى بىلەن ، بەربەت ئاۋازىنى بىرلەشتۈرۈپ سايرىتىشقا باشلىغاندا ، بۇ ئىككى ئاۋازنىڭ بىرى كىشىنىڭ جىسمىدىن جان ئالاتتى ، يەنە بىرى جان بەخش ئېتەتتى . ئۇ كېنىزەك يەنە شۇ قەدەر قەھرىمان ئىدىكى ، جەڭ مەيدانىغا كىرگىنىدە ، مەيدانغا كىرگەن باھادىر پالۋانلارنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ ، ئۇنى ھەر تەرەپكە سۈرەتتى . ئۇنىڭ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشلىرى زامان ئەھلىنىڭ جېنىنى ئېلىپ ، جاڭگالغا تاشلايتتى . ئەگەر ئۇنىڭ دۈشمىنى بۇ پەلەكتە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بويىنىغا يەم بىلەن سىرتماق سالاتتى . ئۇ قىلىچىنى ئۈيۈل تاشقا چاپسا ، ئۇ تاش كېسىلىپ ، ئۇ قىلىچىنىڭ غىلىپىغا ئايلىنىپ قالاتتى . ئۇنىڭ ئاتقان ئوقلىرى يۈزلىگەن دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلارنىمۇ تېشىپ ئۆتەتتى ، ھەتتا قاتتىق تاشنىمۇ تېشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . ئەگەر ئۇ نەيزىسىنى قولىغا ئالسا ، زور ئەجدىھالارمۇ ، خەۋپسىرەپ ئىزتىراپ بىلەن پۈكۈلۈپ قالاتتى .

ئەلقىسسە ، خاقان بۇ تۆھپىلەرنى ئىسكەندەر ئۈچۈن تەييار قىلىپ ، بىر ئاجايىپ ئالىي بەزمىگە تۇتۇش قىلدى . بەزمە ـ مەجلىس ئەسلىھەلىرىنى شۇ قەدەر ئەلا دەرىجىدە تەييار قىلدىكى ، ئۇنى ئەقىل ـ ئىدراك قىياس قىلىپ بولالمايتتى . بۇ ئىشلار ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن ، خاقان بىرنەچچە ئۇلۇغ

ۋەزىرىنى چاقىرتىپ:

— سىلەر ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەر ئۆپۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خاقاننىڭ ئىلتىماسىنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، دەرھال ئاتلىنىپ، شەھەر تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

خاقان ئۆز ئوردىسىدىن بىر ياغاچ مۇساپە يىراقلىقچە يوللارغا ۋە سەھرالارغا چىن ماتالىرىدىن پايانداز سالدى. ھەر ئون قەدەمدە بىر قېتىمدىن ياقۇت ۋە جاۋاھىراتلارنى ئىسكەندەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئەل ئارىسىغا چاچتى. يوللاردا تالايلىغان ئىپارلارنى تۆكتى. خالايىقنىڭ دىماغلىرى ئۇ ئە-پارلاردىن خۇش پۇراقلارغا تولدى. ئۇ قاپقارا ئىپار — ئەنبەرلەردىن پەلەكنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئىسكەندەر ھەيۋەت — ھەشەمەت بىلەن چىن شەھىرىگە كىردى. بۇ قېرى پەلەكمۇ بۇ شەھەرنى كۆرۈپ «لەم يەكۇن» ① ئايىتىنى ئوقۇيتتى. بۇ شەھەرنىڭ جەننەت كەبى باغ ۋە ھويلىلىرى ئىسكەندەرنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ چەك — چېگرىسى كۆ-رۈنمەيتتى. شەھەرنىڭ بارلىق تام، ئىشىك، دەرۋازا ۋە ئۆي تورۇسلىرىنى چىنىنىڭ رەسساملىرى سايىلىرىنى يېپىپ بېزىگەن بولۇپ، بۇنداق گۈزەل ۋە نازۇك رەسىملەر ۋە زىننەتلەرنى كىشىنىڭ كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، ئەقلى خىيال قىلىپ باقمىغانىدى. ئىسكەندەر بۇلارنى كۆرۈپ، شادلانغان ھالدا خا-قاننىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرگاھتىن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، ھەر تەرەپتە ئۆزگىچە بىر ئالەمنى كۆرۈپ، تاماشا قىلىپ ماڭ-

---

① «لەم يەكۇن» — بۇ «يوق»، «بولمىغان» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ يەردە تەڭ-دىشى يوق، بۇنىڭدەك گۈزەل شەھەردىن دۇنيادا ئىككىنچى بىرى يوق دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ سۆز يەنە قۇرئان ئايىتىگە ئىشارە قىلىپ ئېيتىلغان. «قۇرئان كەرىم»، مىل-لەتلەر نەشرىياتى 1986 — يىل نەشرى، 605 — بەت 98 — سۈرە، 1 — ئايەتكە قاراڭ.

www.ughurkitap.com

دى . ئىسكەندەر مىڭىپ بىر جايغا كەلگەندە ئالدىدا بۇ يېشىل پەلەكتەك خۇش
ھاۋالىق بىر باغ نامايان بولدى . بۇ باغنىڭ ھەر بىر تال گۈلى گوياكى بىر
يورۇق يۇلتۇزدەك پارلاپ تۇراتتى . ئۇنىڭ تاملىرى ئۇستى ـ ئۇستىگە سەك-
كىز قات قىلىپ قوپۇرۇلغانىدى . ئۇنىڭ ئىچىدە دەل ـ دەرەخلەر سان ـ
ساناقتىن زىيادە ئىدى . دەرەخلەرنىڭ غولىغا ئالتۇندا ھەل بېرىلگەن ، ئۇنىڭ
يوپۇرماقلىرى زۇمرەتتىن ئىدى . دەرەخ شاخلىرى تۆت تامدىن ئېشىپ
پەلەككە تاقاشقانىدى . ئۇنىڭ مېۋىلىرى گۆھەر ۋە ياقۇتتەك پارلاپ تۇراتتى .
دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە سەۋسەن ۋە ياسىمەن گۈللىرى چىمەن ـ چىمەنلەرنى
ھاسىل قىلغانىدى . بىنەپشىلەر يەرلەرگە يېقىلىپ يېتىپ كەتكەن ، ئۇنىڭ قې-
لىنلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، پۈتكۈل زېمىنغا يېشىل چايشاپ سېلىنغاندەك
ئىدى . باشقا خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ خىللىرى ۋە ھېسابىنى ئېلىشقا سان ۋە
ساناق يېتىشمەيتتى . ھەممە ياق شادلىق بېغىشلىغۇچى خۇش پۇراقلار بىلەن
تولغانىدى . كۆكلەمزار ۋە لالىزارلار كىشىگە خۇددى پۈتكۈل يەر يۈزىگە
گۈللۈك يېشىل گىلەملەر سېلىنغان ۋە ئۇ گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە
چېچەكلەردىن كۈمۈش تەڭگىلەر تۆكۈلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى . بۇ گۈلزارلىق
باغ ئىچىدە بىر ئالىي ئىمارەت بار ئىدى . ئۇ ئىمارەت يۈكسەكلىكى پەلەك قە-
سىرىدىنمۇ ئېگىز ئىدى . ئۇنىڭ راۋاقلىرىغا بۇلۇت سايىسى چۈشمەيتتى .
تاملىرى قار ـ يامغۇردىن نەم كۆرۈپ باقمىغان ، گۈمبەزلىرىگە چاقماق شو-
لىسى چۈشۈپ باقمىغانىدى . بۇ بىنانىڭ باغلىرى ، تاملىرى ، راۋاقلىرىدىن
باشلاپ ھەممە جايلىرى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە ئالتۇندىن ھەل بېرىل-
گەنىدى . بىنانىڭ تېگىگە چىنىنىڭ چىنە خىشلىرى بىر ـ بىرىگە
جىپسىلاشتۇرۇپ ، گۈل چىقىرىپ تىزىلغانىدى . بۇ چاقچۇق خىشلار بىنانىڭ
تېگىدە ئاجايىپ گۈزەل نەقىش سەھىپىسى ۋە ھاشىيەسىنى ھاسىل
قىلغانىدى . بۇ خىشلار بىلەن بېزەلگەن بىنانىڭ ئىچى خۇددى « چىن ئەي-
نىكى » دەك كىرسىز ، پاك ئىدى . بۇ بىنانىڭ ئىچىمۇ پۈتۈنلەي ئالتۇندىن
بېزەلگەن ، ئىشىك ۋە پەنجىرىلىرى گۆھەردىن كۆز قويۇپ زىننەتلەنگەنىدى .

بۇ بىنانىڭ بارلىق تاملىرىغا ماھىر رەسسام ۋە نەققاشلار سۈرەت ۋە نەقش سىزغان . بولۇپمۇ مانىي رەسسام بۇ رەسىملەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزىنىڭ چەكسىز تالانتىنى ئىشقا سېلىپ سىزىپ چىققانىدى . شۇڭا بۇ يەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۈزەل ۋە نەپىس چىن سۈرەتخانىسىغا ئايلانغان ، ياق ، بەلكى گۈزەللىكتە ۋە زىبالىقتا ئاجايىپ جەننەت قەسرىنىڭ ئۆزىگە ئايلانغانىدى . بۇ قەسىر ئىچىدە ئالىي تەخت ياسالغان بولۇپ ، خاقان ئىسكەندەرنى ئاشۇ تەختكە تەكلىپ قىلدى . ئىسكەندەرمۇ ئۇ تەخت ئۈستىدە خاقان بىلەن بىللە خۇددى ئاتا بىلەن ئوغۇلدەك ئولتۇردى . شادلىق بەزمىسى باشلاندى . خاقان ھەممەيلەننى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلدى . تاجدارلار ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەزىر - ئەمىرلەر ۋە سىپاھلار ئورۇن ئېلىشتى . ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەر شاھلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى . ئەفلاتون ، ئەرەستو ، فەرفۇرىنۇس قاتارلىق ئۈچ ئالىم خاقان بىلەن ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتى .

خاقان بۇ جەننەت كەبى قەسرىنى ئەنە شۇنداق قۇسۇرسىز ياساپ ، كەم - كۈتىسىز ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ، شارابلارنى ، نازۇ نېمەتلەرنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئۇلار چىن قەدەھلىرى بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلماقچى بولۇشتى . ئارىدىن دەرھال بىر شوخ چىن گۈزىلى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، قەدەھنى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھۆر - لەرمۇ قىزغىنىپ قارىشاتتى . ئۇ ياقۇت سۈيىدەك قىپقىزىل شارابنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، يەنە بىر قەدەھ قۇيۇپ ، ئۇنى ئىسكەن- دەرگە كەۋسەر سۈيىنى تۇتقاندەك ئۇزاتتى . ئىسكەندەر ئۇنى خاقان بىلەن تەكلىپ قىلىشىپ ئىچىشتى . شادلىق قەدەھلىرى ئۈچ - تۆت نۆۋەت ئايلان- غاندىن كېيىن ، ئەلنىڭ كۆڭلىگە ئۆزگىچە بىر ئەھۋال يۈزلەندى . شاراب دوستلارنىڭ نېرۋىلىرىنى قىزىتتى . ئارىدىن ئەدەب - ھايا كۆتۈرۈلۈپ ، ھەم- مىسى بىپەرۋا بولۇپ كەتتى . سازەندىلەر ناخشا - مۇزىكىلىرىنى سازلاپ ، نەغمە - ناۋاغا چۈشتى . ئاي يۈزلۈك ساقىيلار مەجلىس ئارىلاپ يۈرۈپ ، ئۆ-

زىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدىن ئېپار ھىدلىرىنى تارىتىپ قەدەر تونۇلاتتى. بۇلارنى كۆرگەن ھوشيار ئادەملەر ھەرخىل پاراڭلارنى قىلاتتى. مەستلەر بولسا، هاي ـ هۇي دېيىشىپ، سۈرەن سالاتتى. ئىككى بۈيۈك پادىشاھ بىر ـ بىرىگە ئىلتىجا بىلەن سۆزلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالماقتا ئىدى. بىرى يەنە بىرىنىڭ ئېغىزىغا قۇلىقىنى يېقىپ سۆز ئاڭلىسا، يەنە بىرى بىرىنىڭ ئايىغىنى تاۋاب قىلاتتى. بۇ بىرى چىن مەملىكىتىنى ئۇنىڭغا سوۋغات قىلسا، ئۇ بىرى پۈتكۈل يەر يۈزىنى بۇنىڭغا ھەدىيە قىلاتتى. ئىككى پادىشاھنىڭ بۇنداق ئىجىل ۋە يېقىن سۆھبىتىنى مۇشۇ دەمگىچە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى. خالايىقلار مەي ئىچىپ، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، ھەربىرى خىتا خانىدەك بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا پەلەك داستىخىنىدەك داستىخانلار يېيىلدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تاۋاق ـ تاۋاقلاردا قەنت ـ گېزەكلەر تىزىلدى. ھەممەيلەن بۇ تاتلىق ـ تۈرۈملاردىن يەپ قانغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن تائام يېيىشكە مايىل بولۇشتى. قەنت ـ گېزەكلەر ئېلىۋېتىلىپ، ئاش تارتىلدى. پۈتكۈل يەر يۈزى بۇ نازۇ نېمەتلەرگە داستىخان بولدى. يۈز رەڭ، يۈز قىسما تائاملار ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىلدى. توققۇز مىڭ ئات ئۈچىسى پۈتۈن پېتىچە پىشۇرۇپ ئېلىپ چىقىلدى. پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان قوي ئۈچىسىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق بولۇپ، يۈزمىڭدىنمۇ زىيادە ئىدى. شۇنىڭغا لايىق ئۇششاق ئاشلارمۇ شۇ قەدەر كۆپ تارتىلدىكى، بۇ پەلەك يەر يۈزىدە مۇنداق ئىشنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ قەدەر نۇرغۇن تائاملاردىن پۈتكۈل خالايىق قانغۇدەك بەھرىمەن بولدى. ئاندىن چىن خاقانى تەختتىن چۈشۈپ، ئېھتىرام بىلەن ئۆرە تۇردى. ئىسكەندەرمۇ تەختتىن چۈشۈپ، خاقان بىلەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشىپ تۇرغىنىدا، دۆلەت ئۇلۇغلىرى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا تۆھپە ۋە پېشكەشلەرنى ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ سوۋغا ـ سالاملارنى بايان قىلىشقا باشلىدى. خاقان يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، پادىشاھ ئىسكەندەرمۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۆھپىلەر توققۇز ـ

تۇققۇزدىن قىلىپ ئېلىپ كىرىلدى. ئىسكەندەر بۇ سوۋغاتلارنى كۆرۈپ خاقانغا ھەددى - ھېسابسىز ئاپىرىن، ھەشقاللا ئېيتتى. ھەممە تۆھپىلەر خىل - خىلى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. ئىسكەندەر بۇلار ئىچىدىن ئىككى سوۋغاتنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلاردىن بىرى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن خوتەن گۈزىلى مەھرۇ ئىدى، يەنە بىرى، چىن ئەينىكى ئىدى. خاقان بىر قولىدا چىن گۈزىلىنى، يەنە بىر قولىدا چىن ئەينىكىنى تۇتۇپ ئۇنى ئىسكەندەرگە ھەدىيە قىلدى. سوۋغاتلار تەقدىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، خاقان ئىسكەندەر بىلەن قايتىدىن تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، چىن ئەينىكىنىڭ خاسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئىسكەندەر بۇ ئەينەكنى بىر پەس كۆرۈپ، ناھايىتى زوقلاندى، كۆپ خۇرسەن بولدى. ئاندىن ئۇنى ھېكمەت ئەھلىگە كۆرسىتىپ، بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى سورىدى. ئۇنى قولىدىن چۈشۈرمەي، ئۇياق - بۇياقتا ئۆرۈپ كۆردى. بۇ ئىش بىلەن بولۇپ، ئاي يۈزلۈك گۈزەل مەھرۇنى يادىغا كەلتۈرمىدى. ئىسكەندەر ھېكمەت ئەھلى بىلەن گاھ بۇ ئەينەكنىڭ نەچچە تۈرلۈك خاسىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزسە، گاھى ئۇنىڭ تىلسىمى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى.

ۋاقىتكى، كەچ كىرىپ، قۇياش ئەينىكى ئالەم كۆزىدىن پىنھان بولدى. جاھان خەلقى قاراڭغۇلۇققا دۇچار بولدى. ئىسكەندەرمۇ مەي ئىچىشنى توختاتتى. چۈنكى شاھلارنىڭ مەست بولۇپ قېلىشى ئىنتايىن يامان ئەھۋالدۇر. ئىسكەندەر ئەھۋالنى پەملەپ، ئۆز ئوردىسىغا قايتىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار زىياپەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قايتىشقا ئاتلاندى. خاقانمۇ ئىسكەندەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى ئاتا ئۆز ئوغلىنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك قوغداپ، ئۆز لەشكەرلىرى جايلاشقان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ قويدى. ئاندىن تەۋەززۇ بىلەن خوشلىشىپ، قايتىپ كەلمەكچى بولدى. ئەمما ئىسكەندەر خاقانغا تەھسىن ۋە تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر سائەت سۆھبەت

ئۇيۇشتۇردى . بۇ سۆھبەتتە كاتتا زىياپەت بېرىپ ، خاقاننىڭ ئىلتىپانىغا رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى . تۆۋەندىكىلەر ئاشۇ زىياپەت بېغىنىڭ ساقىينامىسىدۇر . **ساقىينامە :**

كەتۈر ، ساقى ، ئول كۆزگۈنى رو بەروي ،
كى كافۇر تەبئ ئولغايۇ مۇشك بۇي .
دىماغىمدە چىن مۇلكى سەۋداسىدۇر ،
بۇ يەڭلىغ مەي ئانىڭ مۇداۋاسىدۇر .
مۇغەننىي ، ئۇلۇغ يەر ھەۋاسىنى تۈز ،
نەيۇ چەڭگۇ بەربەت نەۋاسىنى تۈز .
مېنى بىر نەۋا بىرلە خۇشھال قىل ،
جەھان فىكرىدىن فارىغۇل بال قىل .
نەۋائى ئىچىپ مەي ، ئىشتىكىل سۇرۇد ،
كى بەس بىۋەفادۇر سىپىھرى كەبۇد .
كى خاقانغە گەر جۇز جەفا قىلمادى ،
سىكەندەرغە داغى ۋەفا قىلمادى .
بۇ سىددىققە ھەم تۇت ئانىكدىن نەۋا ،
بۇ ئالەم ئىشىدۇر ھەمە بىۋەفا .
ھەمە بىۋەفا . جەھان شاھلارىغە ۋەفا قىلمادى ،
سىكەندەرغە ، خاقانغە ھەم قىلمادى .
كېتۈرگىل پەياپەيكى بىخۇد ئۇلاي ،
كى بىخۇدلۇقدىن سىكەندەر بولاي .
مۇغەننىي ، نەۋا چەك خاقانى چىن ،
نە رۇمى قالۇر ھىندۇ ماچىنۇ چىن .

**زىياپەت بېغىنىڭ سەرۋىدەك كىشىلىرى ھەققىدە . ئۇلار خىزمەت كەمىرىنى غۇنچىدەك چىڭ باغلاپ ، گۈلدەك ئوچۇق يۈزلىرى بىلەن سېخىيلىق داستىخانلىرىنى دائىم ئېچىپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى مەيلى قاغا بولسۇن ياكى پاختەك بولسۇن ۋە ياكى بۇلبۇل بولسۇن ، ھەممىسى ئۆز ھالىغا يارىشا شادلىق ۋە ناۋا تاپالايدۇ . بۇ خىل كىشىلەر ئارتۇقچە توقلۇقتىن پاك ۋە زىيادە ئىشتىھادىن يىراقتۇر**

نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر ـ ھە ؟ ئۇلار ھەمىشە ساخاۋەتتىن باشقا ئىش قىلمايدۇ . ئالەمنىڭ يورۇق چېھرىنى پەرۋايىغا ئالمايدۇ . ئۇلار ئۆزىنى بۇ زامانىنىڭ مېھمىنى دەپ بىلىدۇ . شۇنداقلا بارلىق زامان ئەھلىنى ئۆزىنىڭ مېھمىنى دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆلبىسىگە ھەرقانداق ئىنسان مېھمان بولۇپ كەلسە ، جان ۋە دىلى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ ، قورسىقىنى تويغۇزمىغۇچە ئۆزىنىڭ روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ . بەلكى تەڭرىنىڭ دوستى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك ساخاۋەت داستىخانلىرىنى ئېچىپ ، مېھمانىنىڭ ئالدىدا ئايدەك نانلارنى سۇندۇرىدۇ . ئۇلارغا مېھمانسىز يېگەن ھەر قانچە لەززەتلىك تائاملارمۇ زەھەردەك بىلىنىدۇ . مېھمان بىلەن يېگەن قۇرۇق نان جەننەت نېمىتىدىن زىيادىرەك كۆرۈنىدۇ . ئۇلار مېھماننى كۆرگەن ھامان ئىنتايىن خۇش مۇئامىلە ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن مەرھەمەت ۋە ياخشىلىق ئادەتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ . قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ ، گۈلدەك داستىخانلارنى يايىدۇ . مېھمان داستىخانغا قول سۇنسا جان ـ دىلى بىلەن مىننەتدار بولۇپ تۇرىدۇ ، تاكى مېھماننى تويغۇزمىغۇچە ئۆزىنى تويغۇزۇشنى ئويلىمايدۇ . مېھمان قول ئۇزاتمىغىچە ئۆزى قول سالمايدۇ . ئۇلارنىڭ مېھمىنى پادىشاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ، ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا مېھماندارچىلىق قائىدىسىنى ئادا قىلىدۇ . پادىشاھقا شېرىن تائاملارنى قويۇپ ، گاداي كەلسە قۇرۇق نان قويىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ . چۈنكى بۇ بىرى پادىشاھ ، ئۇ بىرى گاداي بولسىمۇ ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى تەڭرىنىڭ بەندى-

سىدۇر . تەڭرى ئالدىدا ئىككىلىسى باراۋەردۇر . ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارىماققا پاراكەندە ھالەتتە كۆرۈنىدۇ . كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ ئارتۇقچە بېزەپ كەتمەيدۇ . ئۇلار كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھلىرىدۇر. يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەرداردۇر . ئۇلارنىڭ ھىممىتى ئالدىدا بۇ يۈكسەك ئاسمانمۇ پەستۇر . ئۇنداق كىشىلەر سىزىلسە شاھلارمۇ ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويىدۇ . تەڭرى ئۇلارنى شۇ قەدەر ئەزىز قىلغان تۇرسا ، پاراكەندە ئەھۋالىغا قاراپلا خار كۆرۈشكە بولامدۇ ؟ ئاقىل كىشىلەر ئەگەر مېھماندوست بولىدىغان بولسا ، ئۇلارنى ھەرگىز پەس كۆرمەيدۇ . كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى پىنھاندۇر . ئۇلارنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى كۆزدىن يىراق . ئەقلىمۇ بۇنى بىلىشكە ئاجىزدۇر . ساخاۋەت ئىگىلىرى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە كەڭ ئېچىپ ، ھەممىنى تەڭ ـ باراۋەر كۆرۈشى كېرەك . قۇياشتەك ھەممە كىشىگە ئوخشاش چىراي ئېچىشى ، نۇرلىرىنى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ ۋە بىر تەكشى چېچىشى لازىم . قۇياش مەيلى ئالتۇن قەسىر بولسۇن ياكى ۋەيرانە خارابە بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاشلا نۇر چاچىدۇ .

ھەممەيلەنگە ئايانكى ، مېھماندارچىلىقتا نەچچە خىل ئىللەت بار . ئۇلاردىن بىرى شۇكى ، ئەگەر بىرەر باي ۋە ئىمتىيازلىق كىشى سىنىڭ ئۆيۈڭگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق قىلىسەن . مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش ۋە نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى كۆزلەپ بىر مېھمانغا ئون قوينى ئۆلتۈرۈپ ، قەنت ـ گېزەك ۋە نازۇ نېمەتلەر بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىسەن . ئۇ كىشى بۇلارنى بەربىر يەپ بولالمايدۇ . سەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ يالغۇز كىشىگە يېدۈرمەكچى بولۇپ ، سۆزۈڭ ، كۆزۈڭ ۋە قوللىرىڭ بىلەن ھەدەپ تەكلىپ قىلىسەن ، زورلايسەن . تاماقنىڭ تەرىپلىرىنى قىلىپ ، ئالدىغا قويۇۋېرىسەن . ئىنساپ بىلەن ئويلاپ باق ، بۇنداق قىلىشنىڭ قانداق بولغىنى . بۇنچىۋالا كۆپ يېمەكلىك بىلەن داستىخان ھازىرلايدىغانغا سىنىڭ ئۆيۈڭ شەيخ لوقماننىڭ مازىرى ئەمەس ، سەنمۇ ئۇ مازارنىڭ شەيخى ئەمەسقۇ ؟ نىمە

ئۇچۇن تەگرىنىڭ بەرگەن مېلىنى ئورۇنسىز ئىسراپ قىلىپ، غازاڭلاردەك بۇزۇپ چاچىسەن ؟! گەرچە تەگرى: «كۇلۇ ۋە ئەشرەبۇ» (يەڭلار، ئىچىڭلار) ① دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە: «ۋەلا تەسرىفۇ» (ئىسراپ قىلماڭلار) ② دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمۇ. ئۇ مېھمانغا يالۋۇرۇپ زەھەر يېگۈزىدىغانغا، ئۇ ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان. سېنىڭ ئۇ مېھمانغا يېگۈزگەن ھەر بىر لوقما تامىقىڭ ئۇنىڭغا بىر لوقما زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق زەھەر-دىن ئۇ مېھمان ھېچقاچان ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. بۇنداق زىيابەت بىر خىل شۇملۇق، بەلكى ئىنتايىن زور ئاپەتتۇر. ئەقىل ئىگىلىرى بۇنداق مېھماندار-چىلىقنى تولىمۇ يامان كۆرىدۇ. يەنە بىر ئىللەت شۇكى، ئۆيۈڭگە قاچانكى بىرەر ئاجىز ۋە زەئىپ مېھمان كەلسە، ئۇنىڭغا بىر لوقما بېرىشىنىمۇ راۋا كۆر-مەيسەن. ئۇ مۇساپىر ئاچلىقى ۋە ئىشتىھاسى ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا مېھماندارچىلىق يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرۈشكە رايىڭ بار-مايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىرەر ۋاخ تاماق بىلەن خۇش قىلىشنى خالىمايسەن. ھەتتا سېنىڭ بېخىللىقىڭ شۇ قەدەر چەكسىزكى، كەلگەن مۇساپىرنى قوپ-قورۇق ياندۇرۇشتىنمۇ ئار - نومۇس قىلمايسەن. سېنىڭ بۇنداق بېخىللىقىڭ ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچقاندىنمۇ يامانراق قەبىھلىكتۇر.

مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىسى شۇكى، كەلگەن مېھمان مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ھەممىسىگە بىرخىل خۇش مۇئامىلە قىلىش، ئىللىق چىراي بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلىش كېرەك. ئاندىن ئۇلارنى مېھمان قىلغاندا بەك ئىسراپخورلۇقمۇ قىلمىغىن. مېھ-مانغا بەك قاتتىقلىقمۇ قىلمىغىن. مېھمانغا لايىق كەلگۈدەك ھەرقانداق نېمەڭ بولسا ئۇنى ئۆز ھالىغا يارىشا سەرپ قىلغىن. تاپقىنىڭنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئوچۇق چىراي بىلەن كەلتۈرگىن. لېكىن مېھماندىن ھېچ نەرسە تەمە قىلمىغىن. ئىللىق، ئوچۇق چىرايىڭ بىلەن مېھماننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى

---

① ② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 7 - سۈرە «ئەئراف» 31 - ئايەتكە قاراڭ

www.uyghurkitap.com

قىلغىن . بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئېيتقان . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « ئەكرىمۇز ـ زەيفە ۋەئىن كانە كافىرەن » (سىلەرگە مېھمان بولغۇچى كىشى كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىڭلار ) دېگەن . ھەممە مېھمانغا ئوتتۇرىچە ھالەتتە داستىخان سېلىنغىنى ئەلادۇر . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « خەيرۇل ئۇمۇرى ئەۋسە تۇ-ھا » ( ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى ) دېگەن . مېھماندارچىلىقنى مۇشۇ قائىدە بويىچە تۈزسە ، ئۇنىڭدەك كىشىگە ئاپىرىن ئېيتسا بولىدۇ . بۇنداق كىشى ئالەمدە كەم تېپىلىدۇ . ئەگەر تېپىلغان تەقدىردە ، ئۇنى جاھاننىڭ دانىشمىنى ، تەڭرىنىڭ يېقىن بەندىسى دېيىشكە بولىدۇ .

**بەھرام گورنىڭ ھېكايىتى . بەھرامنىڭ چېدىرىدا ئولتۇرىدىغان كىشىلەردىن ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كىرگەنلىكى . ئۆي ئىگىلىرىدىن بىرى ئىسراپخور ، يەنە بىرى پىخسىق بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تاپا ـ تەنە ۋە يامان كۆنگە قالغانلىقى ، يەنە بىرەيلەن ئۆز ھالىغا يارىشا نورمال مېھماندارچىلىق قىلغانلىقتىن بەھرام گورنىڭ ئادالىتىدىن قارۇندەك باي بولغانلىقى**

نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە ، پادىشاھ بەھرام گور بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ . ئۇ بىر قۇلۇننى قوغلايمەن دەپ ئۆز لەشكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىپتۇ . ئۇ قوغلا ـ قوغلا ئاخىر بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ . ئۇ يەردە بىر-قانچە چېدىر ئۆيلۈك كىشى بار ئىكەن . ئۇ چېدىرلارنىڭ قېشىدا بىر دەرەخ بار ئىكەن ، بەھرام گور ئاشۇ دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ . ئاندىن چېدىر ئىگىلىرىدىن ئۈچ كىشىنى تېپىپ :

— مەن ھازىر سىلەرنىڭ مەھەللىگە مېھمانمەن . مەزە بولسا ئاچقىپ ، مېنى مېھمان قىلىڭلار . مەن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن قورسىقىمنى ئازراق توقلىۋالاي ، — دەپتۇ .

چېدىر ئىگىلىرىدىن بىرى ھەددىدىن ئارتۇق بېخىل ۋە ھىممىتى پەس

كىشى ئىكەن . شۇڭا شاھنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىلتىماسىغا قىلچە پىسەنت قىلماپتۇ . يەنە بىرى ھەددىدىن زىيادە ئىسراپخور ۋە بۇزۇپ ـ چاچىدىغان كىشى ئىكەن . شۇڭا ئۇ كىشى شاھ بەھرامنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قوينى ئۆلتۈرۈپ كاتتا زىياپەتكە تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ . بىراق ئۇ كىشى-نىڭ ئېسىل تائاملىرى تەييار بولۇپ بولغۇچە ، ئاچلىق ئازابى شاھ بەھرامنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتىپتۇ . ئۇ كىشىنىڭ كاتتا نازۇ نېمەتلىرى بۇگۈن پىشىدىغاندەك ئەمەس ئىكەن . بىراق يەنە بىر كىشى ناھايىتى ئەقىللىق ، دا-نىشمەن ئادەم ئىكەن . ئۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراستى يولباشچى بولۇپتۇ ـ دە ، شاھ بەھرامنى ئۆز چېدىرىغا باشلاپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا دەرھال بىرنەچچە نان بىلەن بىر ئاياق قېتىقنى ئەكەپتۇ . ئۇ كىشى شاھنى مەزەگە تەكلىپ قىلىپتۇ . شاھ بەھرام بۇ مەزەدىن قانغۇدەك يەپ ، بىناقەتلىك ۋە ئاچلىق ئازابىدىن قۇ-تۇلۇپتۇ . راھەتلىنىپ ئارام ئاپتۇ . بەھرام گور بىر پەستىن كېيىن مەزە قويغان كىشىگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن ، كۈمۈش ۋە خەزىنە ـ دەپىنىنى بېرىپ ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۆھتەرەم قىلىپتۇ . كۆڭلى پەس بېخىل كىشىنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بېرىپ ، ئۇنى سەگىتىپ قويۇپتۇ . ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چاچىدىغان ئىسراپخور كىشىگە ھەددى ـ ھېسابسىز تەنە ۋە كىنايىلەرنى قىلىپ ، ئۇنىڭ بۇزۇپ ـ چاچقان مۈلكىنى تۆلەپ بېرىپ ، قايتىپ كېتىپتۇ . سەن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار ؟ بەھرام گورنىڭ بۇ قىلغىنى ئىنتايىن توغرا ۋە ئادىل بولغان .

**ھېكمەت . ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن : « زىياپەت داستىخىنىنى قانداق ئاچقان ياخشى ، ھۆرمەت سۈپرىسىنى قانداق يايغان ئەلا ؟ » دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ، دانىشمەن ھېكىمنىڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ ، ھېكمەت يېمەكلىكلىرىدىن ئىسكەندەرنى بەھرىمەن قىلغانلىقى**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى :

ـــ ئەي دانىشمەنلەرنىڭ پېشۋاسى ، زىياپەت ئۆتكۈزۈشنىڭ توغرا

ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بەرسەڭ . بۇ ھەقتە كۆپ كىشىلەر ، نۇرغۇن مەزھەپ ۋە مىللەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى قىلغان بولىسىمۇ ، ئاخىر ھەممە مەزھەپ ۋە مىللەتتە مېھماننى ھۆرمەتلەش بىر خىل ئورتاق ئادەت بولۇپ قالغان . قارىشىڭچە قانداق زىياپەت ھېكمەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ۋە كەم ـ زىيادىلىكتىن خالىي بولغان بولىدۇ ؟

ئەرەستۇ شاھقا دۇئا قىلغان ھالدا مۇنداق جاۋاب بەردى :

ـــ مېھماننىڭ مەيلى يېمەكلىك بولسۇن ياكى باشقا نەرسىگە ئېھتىياجى بولسۇن ، ئۇنى دەرھال ئۆز ھەللىسىدە تەييارلاپ ، خونغا ئېلىپ ، مېھمان ئالدىغا ھازىر قىلىش شەرت . ئېلىپ كەلگەن ئۇ نەرسە بەك ئاز بولۇپمۇ قالمىسۇن ، كۆپ بولۇپمۇ كەتمىسۇن .

ـــ بۇ ئىش ناھايىتى ئاسان ، ـــ دېدى ئىسكەندەر ، ـــ بىراق بۇنداق ئاددىي قائىدە ـ يوسۇندىن شان ـ شەۋكىتىڭگە ئارتۇقچە نۇقسان يېتىپ قالماسمۇ ؟

ئەرەستۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق ھېكمەتنى بايان قىلدى :

ـــ بۈيۈك تەڭرى سېنىڭ مەرتىۋەڭنى بارغانسېرى يۇقىرى قىلىپ ، پۈتكۈل خالايىقنى ساڭا باش ئەگدۈرسۇن . شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى ، پۈتكۈل خالايىقنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە شاھلار مەسئۇلدۇر . ئارتۇق بېرەمدۇ ، زىيادە بېرەمدۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى . ئەمما كەم ـ زىيادە قىلىش ھەر ھالدا ياخشى ئەمەس . پادىشاھلار ئەگەر ئۆز شەۋكىتىمنى ئاشۇرىمەن دەپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ، پۇقرالارنىڭ رىزقىغا زىيان سالسا ، ئۇلارغا قىيىنچىلىق ۋە موھتاجلىق كەلتۈرسە ، بۇ پاسىقلىقتۇر . ئەگەر خالايىققا تەقسىم بولغان رىزقىدىن ئارتۇق سەرپ قىلىپ ، ئۇلار ئالدىدا شان ـ شەۋكىتىمنى تىكلەيمەن دەپ خىيال قىلسا ، ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چېچىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولسا ، بۇمۇ ياخشى خىيال ئەمەس . مىڭ دىرەم پۇل خەجلەيدىغان يەرگە ئىككى مىڭ دىرەم پۇل خەجلەپ ، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرماقچى بولغانلىق ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى

يەرگە ئۇرغانلىقتۇر. شاھلار ئۆزلىرىنىڭ شان - شەۋكىتىنى ئاشۇرىمەن دې-
سە، پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىك ئىشلىرىغا
كۆڭۈل بۆلۈشى، خەلقە زۇلۇم قىلماي، ئادىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشى
كېرەك. پۇقرالارنىڭ رىزقىمۇ مۇشۇنداق قىلغاندا كۆپىيىدۇ. زىياپەتنىڭ
توغرا يولى ئەنە شۇ. كىمكى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولغان بولسا، زىياپەتنى
ئاشۇ توغرا ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەرەستۇ شۇ سۆزلەردىن، ھېكمەت بايان قىلىشنى توختاتتى. ئىس-
كەندەر خۇشال بولۇپ، بۇ ھېكمەكلەرنى قوبۇل قىلدى.

**ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمالار بىلەن بىرلىشىپ، پەلەكنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى ۋە ئالەمنىڭ پىنھان خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشكارا ۋە روشەن قىلىش ئۈچۈن، كۈندەك يارقىن ئۇستۇرلاب ① ۋە قۇياشنەك پارقىراق ئەينەك ياساپ چىققانلىقى، ئۇنىڭ بۇ ئىككى قۇياش مىسال تۆھپىدىن مەمنۇن بولۇپ، يەنە ئىككى نەپەر قۇياش يۈزلۈك گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا مايىل بولغانلىقى، بۇ جەھەتتە توي تەييارلىقى ۋە ۋىسال تەنتەنىسىگە ئۇتۇش قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئاسماندەك بارگاھىنى رەۋشەنەكنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، مېھرىنازنىڭ شولىسى بىلەن پارلاتقانلىقى**

چىن سۈرەتلىرىنىڭ مۇئەللىپى بۇ سەھىپىگە مۇنداق سۈرەتلەرنى
سىزدى:

ئەلقىسسە، خاقان ئىسكەندەرگە مايىل بولۇپ قالدى. ئۇنى چىن شە-
ھىرىگە ئورۇنلىشىپ، بۇ قىشنى مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىش ۋە مەي - شاراب
ئىچىپ خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئىسكەندەرمۇ
خاقاننىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. كۆڭلىنى خۇشال تۇتۇپ، چىن مەم-
لىكىتىدە قىشلاش ئۈچۈن قېپقالدى. ئۇ گاھى خاقان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ
ئوردىدا بولسا، گاھى شىكارغا چىقىپ، چىن كېيىكلىرىنى ئوۋلايتتى. بەزىدە

① ئۇستۇرلاب — قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى ۋە ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

نەغمە ـ ناۋا بىلەن شاراب بەزمىسى تۈزۈپ ، مەي ئىچىپ شادلانسا ، يەنە بەزىدە ھېكمەت ئەھلى بىلەن بىللە كىتاب كۆرۈپ ، تۈرلۈك ئىلىملەرنىڭ ئۇستازلىرى بىلەن ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنى مۇلاھىزە قىلاتتى . يەنە بەزى چاغلاردا خاقان سوۋغات قىلغان چىن ئەينىكىنى تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى . ئۇنى ئۆزىدىن يىراق قىلماستىن ، تەخت ئۇستىدە تۇتۇپ ئولتۇراتتى . دەۋا ـ دەستىكىلەرنى سورايدىغان چاغدا چىن ئەينىكىنى دەۋاگەرلەرگە ئۇدۇل قىلىپ تۇتاتتى . بۇ ئەينەكتە راست سۆزلىگۈچىنىڭ يۈزى ئېنىق چىقاتتى . يالغان ئېيتقان كىشىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى . ئەگەر كۆرۈنگەن تەقدىردىمۇ ئىنتايىن غۇۋا ياكى قاپقارا كۆرۈنەتتى . ئىسكەندەر بۇ خىل ئەھۋالدىن ھەيران ئىدى . ئۇنىڭ ئالىملىرىمۇ بۇ ئەينەككە ھەيران ئىدى . يەنە شاھانە بەزمە تۈزۈلگەندە يەنە شۇ ئەينەكنى ئوتتۇرىدا قويۇپ ، ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرەتتى . ياخشى نىيەتلىك ۋە ئەدەپلىك كىشىلەر مەي ئىچسە ، ئۇ ئەينەكتە ئۇلارنىڭ چىرايى يۈز ھەسسە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى . ئەگەر بەتنىيەت ۋە ئەدەپسىز كىشىلەر مەي ئىچىپ مەست بولسا ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەينەكتە بەتبەشرە بولۇپ ، ياكى سوزۇنچاق ، ياكى يايپاق ، ياكى چوڭ ، ياكى كىچىك بولۇپ كۆرۈنەتتى . ئۇنداق كىشىلەر بەزمىدە شەرمەندە بولۇپ قالاتتى . ئىسكەندەر بۇ خىل خاسىيەتلەرنى كۆرۈپ ، بۇ چىن ئەينىكىگە شۇ قەدەر مەھلىيا بولۇپ كەتتىكى ، ئۇنى تىل بىلەن تەرىپلەش قىيىن ئىدى . ئۇ ھەيرانلىق بىلەن بۇ ئەينەكنىڭ خاسىيەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى . قانچە پىكىر ـ قىياس يۈرگۈزگەنسېرى ، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى شۇنچە ئارتاتتى . بۇ ئەينەكنى چىننىڭ ھېكمەت ئىگىلىرى بىلىپ يېتىپ ، ئەنە شۇنداق تىلسىملىق قىلىپ ياساپ چىققانىدى . بىراق ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمالىرى بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمىدى .

بۇ ئىشلاردىن كېيىن ، ئىسكەندەر ئۆز كۆڭلىدە : « مېنى بۈيۈك تەڭرى شۇنچە كۆپ ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئىگە قىلدى . يەنە يۈزلىگەن ھۆكۈمالار خىزمىتىمدە بولۇۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كامالەتكە يەتكەن ئا-

لىم ، ھەممىسى ۋايىغا يەتكەن دانا كىشىلەر . ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەلەك سىرلىرىنىڭ مۇشكۇللىرىمۇ ئاساندۇر . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، مەنمۇ نېمىشقا ھېكمەت ئەھلى بىلەن بىرلىكتە بىرەر ئىش قىلمايمەن . مەنمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ ، بۇ چىن ئەينىكىنى بېسىپ چۈشكۈدەك بىرەر تىلسىمنى پەيدا قىلاي » دەپ خىيال قىلدى . ئۇ ھېكمەت ئەھلىنى چاقىرتىپ بۇ ئىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى . ھۆكۈمالار دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا مۇنداق دېدى :

— ئەي پەلەكتەك ھەشمەتلىك پادىشاھ ، سەن بۇ ئىشقا قاچان ئەمر قىلساڭ ، بىز شۇ ھامان تۇتۇش قىلىپ ، ئىلىم - ھېكمەت بىلەن تىلسىم ئىشلەپ چىقىمىز . بىزنىڭ ياسىغانلىرىمىز بۇ چىن ئەينىكىدىن ياخشىراق بولىدۇ .

شۇندىن كېيىن ھېكمەت ئىگىلىرى ئىككى جامائەت بولۇپ بۆلۈنۈپ ، ئىككى ئىشقا تۇتۇش قىلدى . ئەفلاتون ، سوقرات ، ھۇرمۇس ، بەلىناس باش- چىلىقىدا ئىككى يۈز ھۆكۈما بىر تەرەپ ، ئەرەستو ، بۇقرات ، ئەرشەمەند باشچىلىقىدا ئىككى يۈز ئۆلىما يەنە بىر تەرەپ بولدى . جەمئىي تۆت يۈز ئالىم كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماستىن كېڭەش - مەسلىھەت قىلىپ ، بۇ ئىشقا تۇتۇشتى . ئىسكەندەرمۇ ئۇ ئىككى ئارىدا ئارام تاپماستىن ئالىملارغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى . ئۇ ئىككى جامائەتتىن بىرى ئاسمان سىرلىرىنى بىلىدىغان ئالىملار ئىدى . يەنە بىرى يەر يۈزىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئىگىلىگەن دانىشمەنلەر ئىدى . شۇ بۇ ئىككى جامائەتتىن بىرى ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ، پولاتتىن بىر يۇملاق ئەينەكنى ياساپ چىقتى . يەنە بىر جامائەت ئاسمان ھە- قىقەتلىرى ۋە سىرلىرىغا تەدبىقلاپ ، پۈتۈن ئىستېداتىنى ئىشلىتىپ ، مىستىن بىر دۈگىلەك ئۇستۇرلابنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى . ئىسكەندەر ھەر ئىككىلا تە- رەپكە ياردەم بەردى . ئۇ ئالىملارنىڭ بەزى تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، يەنە بەزى لايىھەلەرنى رەت قىلىپ ، بەزى ئىشلار ھەققىدە ھەممە ئالىملارنىڭ پىك- رىنى ئېلىپ ، بەزىلىرىگە ئۆزى مەسلىھەت بېرىپ ، ئاخىر بۇ ئىشنى تاماملىدى .

ئەلقىسسە ، ھۆكۈمالار ئىسكەندەر ھۇزۇرىدا بۇ ئاجايىپ ئىككى نەر-

سىنى تەييار قىلدى. ئۇنىڭ بىرى ئۇستۇرلاب، يەنە بىرى ئەينەك ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككى مۆجىزىدىن ئالەم خەلقىنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلىدى. ئۇستۇرلابتىن پەلەك ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولىدىغان قائىدە قانۇنلىرى نامايان بولاتتى. پەلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە باشقا نۇرغۇن ئەھۋاللار بۇ ئۇستۇرلابنى كۆرگەن كىشىگە ئېنىق مەلۇم بولاتتى. بۇنىڭغا «ئۇستۇرلابى مەخفى نەما» (يوشۇرۇن سىرلارنى نامايان قىلغۇچى ئۇستۇرلاب) دەپ ئات قويدى. ئەينەكتە بولسا، يەر يۈزىنىڭ ئەھۋالاتلىرى ۋە جاھان مەملىكىتىنىڭ ھەقىقەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا نەزەر سالغان كىشىگە پۈتكۈل جاھاندىكى ھەممە ئىشلار ئايان بولاتتى. بۇنىڭغا «ئايىنەئى گىتىنەما» (جاھاننى كۆرسەتكۈچى ئەينەك) دەپ ئات قويدى.

ۋاقىتكى، قۇياش ھەمەل بۇرجىغا كىردى. قىش كۈنلىرى ئاخىرلاشتى. ئىسكەندەر تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ، خاقان بىلەن بەزمە تۈزدى. بارگاھ ئىچىگە نازۇ نېمەتلەرنى تولدۇرۇپ، شاھانە سورۇن ھازىرلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەرنىڭ تەڭداشسىز دانا ئالىملىرى ئىككى توپ بولۇپ كىردى. ئىسكەندەر ئۇلارغا ئىززەت ــ ئىكرام قىلىپ، تەخت ئالدىدا ئورۇن بەردى. ھەممەيلەن ئورۇن ئېلىشتى. بۇ بەزمە ئالىملار بىلەن تېخىمۇ زىننەت تاپتى. پۈتكۈل خالايىق شاد ــ خۇراملىققا چۆمدى. ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بىر پەس ئۆتكەندە، مۇلازىملار ئۇستۇرلاب بىلەن ئەينەكنى ئېلىپ كىردى. ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بايان قىلىشتى. بۇ ئىككى جامائە ھۆكۈمانىڭ بىرىدىن پەلەك ئىشلىرى ئايان بولۇپ، توققۇز پەلەكنىڭ ھەقىقەتلىرى ئاشكارا بولدى. يەنە بىر جامائە ئالىملاردىن يەر يۈزىنىڭ ئىشلىرى، يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەقىقەتلىرى نامايان بولدى. خاقان بۇ ئىككى ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەيرانلىق ئىلكىدە قېتىپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، ئىسكەندەرگە ئاپىرىن ئېيتقان ھالدا مۇنداق دېدى.

ــ ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ، سەندەك ھۆكۈمرانىنى بۇ پىرقىراۋاتقان

پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. بۇ جاھاندا سەنسىز تاج ـ تەختنىڭ كېرىكى يوقتۇر. سىنىڭ مۇلازىملىرىڭمۇ تەڭداشسىز ئالىملاردىن ئىكەن. ئۇلار ئۇلۇغ ئىشلاردا ساڭا ياردەمچى ئىكەن. ئالەمدە ھېچكىم سىنىڭدەك قابىل ئەمەس. سىنىڭ نامىڭ بۇ جاھاندىن ئەبەدىي ئۆچمىگەي.

ئۇ ئالىملار بۇ ئىشتا ناھايىتى كۆپ رەنج ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. شۇڭا ئىسكەندەر ئۇلارنى نۇرغۇن مال ۋە خەزىنىلەر بىلەن تارتۇقلىدى. ئان- دىن ئۇلارغا خاقانىي چىنمۇ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئل ـ جاۋاھىرلارنى ئىنئام قىلدى. ئالىملار ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بايلىققا ئىگە بولدى.

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر بۇ ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى. ئاندىن شاد ـ خۇراملىق ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە مايىل بولدى. نىكاھلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ سوقراتقا پەرمان قىلىپ:

— ئۇستۇرلابتىن مېنىڭ نىكاھ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ باققىن، — دېدى.

سوقرات ئۇستۇرلابنى قولىغا ئېلىپ، ياخشى نەزەر سالغانىدى. پە- لەكنىڭ گەردىشىدىن مۇنداق ئەھۋال ئايان بولدى: ئىككى ئاي كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان يۇكسەكلىكىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسكەندەرنىڭ ئىقبال قۇياشى بۇ ئىككى ئايغا نۇر چاچتى. بۇ ئىككى ئاينىڭ بىرى دارانىڭ قىزى رەۋشەنەك بولۇپ، دارا ئۇنى ئىسكەندەرگە جۈپ بولسۇن دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. يەنە بىرى شاھ مەللۇنىڭ قىزى مېھرىناز ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇستۇرلابتىن بۇ ئىككى گۈزەلنىڭ نىكاھى ئىسكەندەر بىلەن بولىدىغانلىقى ئايان بولدى. ھۆكۈمالار ئىسكەندەرگە مەسلىھەت كۆرسىتىپ:

ـ مەرىكە تۈزۈپ، خالايىققا نازۇ نېمەتلەرنى تارتايلى. سەن رەۋشە- نەكنىڭ جامالىدىن كېچىلىرىڭنى نۇرلاندۇرغىن، مېھرىنازنىڭ ۋىسالىدىن كۆڭلۈڭنى ئارام تاپقۇزغىن. چۈنكى بۇ جاھاندا تەختۇ تاجىغا ئىگە بولغان ھەرقانداق كىشىنىڭ بىرەر پەرزەنتى بولمىسا بولمايدۇ. پەرزەنت بولسا شاھنىڭ بۇ ئالەمدىن كېتەر ۋاقتىدا قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئىز باسارىدۇر. قۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشمۇ غەربكە غايىب بولىدىغان چاغدا ، ئۆز ئورنىدا ئاينى ئورۇن باسار قىلىپ قويۇپ كېتىدۇ . ئەگەر باغدىن قېرى دەرەخ يوقالسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىدا ياش كۆچەتلەر قېپقالسا ، ئۇ باغنىڭ زىنىنىتىگە نۇقسان يەتمەيدۇ . كۆچەت دەرەخنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، خالايىققا سايە ۋە مېۋە بېرىدۇ ، — دېيىشتى .

دانىشمەنلەرنىڭ بۇ نەسىھەت ۋە مەسلىھەتلىرى ئىسكەندەرگە ماقۇل كەلدى . ئۇ دۆلەت كاتتىلىرىغا پەرمان قىلىپ :

— بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقلىرىغا تۇتۇش قىلىڭلار ، — دېدى .

ئىسكەندەرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن پۈتكۈل دۆلەت ئۇلۇغلىرى توي تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى . نەچچە كۈن جىددىي تۇتۇش قىلىپ بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتكۈزدى . چىن مەملىكىتىنى شۇ قەدەر زىننەتلىدىكى ، گويا جەننەتنىڭ ئۆزى بولدى . بۇ توي ئەسلىھەلىرىنى بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەك يۈز يىل ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ يۈزدىن بىرىنى بىلىپ بولالماس ۋە مىڭدىن بىرىنى بايان قىلالماس ئىدى . پۈتكۈل ئەيش - ئىشرەت ۋە راھەت - پاراغەت ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلىپ ، توي ئىشلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك لاۋازىمەتلىرىنى ھازىرلىدى . شادلىق ۋە خۇشاللىق بەزمىلىرىنى باشلىدى . بۇ ئىشلار باھار پەسلىگە توغرا كەلگەنىدى . گۈل كېلىنچەكلىرى زىننەتلىنىپ ، بۇلبۇللار سايراشقا باشلىغانىدى . ئەنە شۇنداق گۈل پەسلىدە توي بولدى . بۇ چاغدا شەھەر - سەھرالار ، يېزا - بازارلارنىڭ ھەممىسى گۈلشەنگە ئايلانغانىدى . **ساقىينامە** :

ئاياقچى ، كېتۈر جامنى لەب - بەلەب ،
كى توي ئول دەم ئەييامى ئەيشۇ تەرەب .
كى بۇ سۆز ئېرۇر ئەلەم ئەفرۇز ھەم ،
خۇسۇسەن ئېرۇر فەسلى نەۋرۇز ھەم .
مۇغەنني چېكىپ جەڭگى ئورنىدا چەك ،
نەۋا چەڭگى ھەي - ھاي ، ئۆلەك ھاي ئۆلەك .

دېسەڭ سەنكى جان قولداشىم يار ـ يار ،
مەن ئايىتايكى مۇڭلۇق باشىم ، يار ـ يار .
نەۋائىكى سەر مەنزىلنىڭ چىنگەدۇر ،
سۇرۇدۇڭ داغى سۆز ئارا چەڭگەدۇر .
ئايالغۇڭ نېچە يار ـ يار ئولغۇسى ،
مېنىڭ يىغلارىم زار ـ زار ئولغۇسى .

**بۇلبۇلنىڭ ھېكايىتى . قاغا بۇلبۇلنىڭ خۇش ناۋاسىدىن زېرىكىپ ، خۇددى بالاغەت ئەھلىگە كېچە ھىندىسى بىمەنە سۆزلىگەندەك تاپا ـ تەنە قىلدى . ئەمما ئۇ بۇلبۇلنىڭ پاساھەتلىك جاۋابىدىن ئۆزگىچە ئەھۋالنى بىلدى**

مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم :

باھار كېلىپ ، گۇل ئېچىلغاندا بىر باغنىڭ ئىچىدە بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئەۋجگە چىقىپتۇ . بۇ باغدا دائىم تۇرۇشلۇق بىر قاغا بۇلبۇلنى ئەيىبلەپ تاپا ـ تەنە قىلغىلى تۇرۇپتۇ :

ـــ ھەي بىھۇدە سۆزلەيدىغان ساراڭ ، ـــ دەپتۇ ئۇ بۇلبۇلغا ، ـ سېنىڭ ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ ، بىر ئاي ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ بۇ چىمەننى غەمكىن ۋە خامۇش ھالدا كېزىسەن . پەقەت بىر ئايلا نالە ـ زار ، غەلۋە ـ غوۋغا قىلىسەن . سەندە بىرەر ئىشقا سالماقلىق ، مۇقىملىق دېگەن نەرسە بارمۇ ؟ مۇشۇنداق يەڭگىلتەكلىكىڭ ۋە تۇراقسىزلىقىڭ بىلەن چىمەن قۇشلىرىدىن ئۇيالمامسەن ؟!

ـــ ئەي ئەقىلسىز ، ـــ دەپتۇ بۇلبۇل قاغىغا جاۋاب بېرىپ ، ـــ سەن ئىشق دېگەننى چۈشەنمەيسەن . مېنىڭ كۆيۈپ ، ئۆرتىنىشلىرىمنى قانداقمۇ سېزەلەيسەن ؟! باغدا ئۇن بىر ئاي گۇل يوق . شۇڭا بۇ كۇنلەردە مېنىڭ تىرىكچىلىكىم خۇددى سېنىڭ رەڭگىڭدەك قارا بولىدۇ . مەندە غەم ـ غۇسسە ۋە دەرد ـ ئەلەم كېچە ـ كۈندۈز كەم بولمايدۇ . ئەمما باھار شاماللىرى

ئەسكەندە گۈل ئېچىلىپ، جىلۋىلىنىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى چىن ئىپارىدەك خۇش پۇراق چېچىشقا باشلايدۇ. چىمەننىڭ گۈزەل ھۆسنى ماڭا ئىشق ئوتىنى زىيادە سالىدۇ. پەرياد ـ پىغان بىلەن ناۋا قىلىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. چىمەندىن چوغ كەبى گۈل كېتىپ قالغاندا مەن باغدا كىم بىلەن ھەمراھ بولىمەن؟ ساڭا ئوخشاش كۆمۈر بىلەنمۇ؟! ساڭا ئوخشاش قارا قوڭغۇزنىڭ ھاياتىغا گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى دەخلى قىلىسا كېرەك. سەن ئاشۇ ھالىتىڭ بىلەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى قاچانمۇ چۈشىنەرسەن؟! شۇڭا ساڭا سۆزلىگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى، سەن بىلەن سۆزلەشمىگىنىم ياخشىراق.

بۇلبۇل ئىشق دەردىنى يۇقىرىقىدەك بايان قىلغانىكەن، قاغا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالماي قارىداپ كېتىپتۇ. قاغا بەئەينى قىش كۈنلىرىدىكى بۇلبۇلدەك جىمىپلا كېتىپتۇ.

**ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن: «ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى نېمە سەۋەبتىن باھار گۈللىرىگە شۇنچە مايىل بولىدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ۋە ئەرستونىڭ ھېكمەت باھارىدىن جاۋاب شامالىرى ئەسكەنلىكى**

ئۇ دەۋرانىنىڭ داراسى بولغان ئىسكەندەر ئەرەستودىن مۇنداق دەپ سورىدى:

ــ ئەي پەلەك مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلغۇچى ئالىم، ئىنسان بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكتۇر. قاچانكى باھار مەۋسۇمى يېتىپ كەلسە، بارلىق ئادەملەر شاد ـ خۇراملىققا چۆمىدۇ. كۆڭۈلنى قىش غۇنچىدەك قىلسا، باھار پەسلى گۈلدەك ئېچىلدۇرىدۇ. بۇ پەسىلدە مۇنچىۋالا خۇشاللىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ خۇشاللىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئەرەستو بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ بۇ ھەقتە ھۆكۈمالار ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى قىلىشقان، بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىمىسەممۇ جانابىڭغا ئايان. ئادەمنىڭ تەبىئىتىنىڭ گۈلگە

مايىل بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭ كەلسە ، بايان قىلاي . ئالىملار مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئىتىنى تۆت قىسىمغا بۆلگەن . بۇلارنىڭ بىرى ئىسسىق ، يەنە بىرى سوغۇق ، بىرى ھۆل ، يەنە بىرى قۇرۇق . بۇلار يەنە قۇرۇق ئىسسىق ۋە قۇرۇق سوغۇق قاتارلىق بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ . تۆت پەسىلمۇ يۇقىرىقى تۆت خىل تەبىئەتكە ماسلاشقاندۇر . باھار پەسلىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ ، بۇ ھاياتلىق تەبىئىتىدۇر . شۇڭا بارلىق مەۋجۇداتلار باھارنى تىلەيدۇ . قالغان ئۈچ پەسىلنىڭ تەبىئىتى ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇنى سەپرا ، سەۋدا ۋە بەلغەم دېيىشىدۇ . بۇ ئۈچ خىل تەبىئەتنىڭ روھىيەتكە زىيىنى بار . شۇڭا ، باھار پەسلى ھەممە پەسىلدىن يېقىملىق ، ھەممە كىشى باھارغا ھېرىسمەن ، بارچە خالايىق ئاشۇ گۈل پەسلى بولغان باھارغا مايىل . باھار پەسلى ھاياتلىقنى ياشنىتىدىغان بولغاچقا ، ھەممە جانلىق ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا تەلپۈنىدۇ .

ئەرەستۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئىسكەندەرنىڭ جىسمىغا يېڭى روھ پەيدا بولۇپ ، شادلىقتا چۆمدى .

**ئىسكەندەرنىڭ ئۇ ئىككى پاك ئەتىرگۈلنىڭ ، ياق ، بەلكى ئۇ ئىككى نازلىق باھارنىڭ ۋىسالىدىن مۇراد تاپقانلىقى ، مېھرىنازنىڭ نازلىرىدىن بىتاقەت بولۇپ گۈل پەسلىدە ئۇنىڭ گۈلدەك جامالىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى ، مېھرىنازنىڭ رەۋشەنەككە كۆندەشلىك قىلىپ ( بۇ سۆيۈملۈك نازىنىنلارنىڭ ئادىتىدۇر ) ، شامدەك باشتۈگلۈق بىلەن قاتتىق ـ يىرىك سۆزلەپ ، كېچە خىلۋەتخانىسىنى قىزىتقانلىقى ، ئىسكەندەرنىڭ ئۇ ۋىسال خىلۋەتگاھىدىن چىقىپ ، چىن مەملىكىتىدىن مەغرىب دىيارىغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئۇ دىيارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىدىن ھايرانۇھەس قالغانلىقى**

تارىخشۇناسلار بۇ تارىخىي ئەھۋالنى مۇنداق ئايان قىلدى :

ئىسكەندەر چىن مەملىكىتىدە ئىككى نەپەر گۈزەل قىزنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇنىڭ بىرى رەۋشەنەك، يەنە بىرى مېھرىناز ئىدى. ئىسكەندەر يىگىتلىك باھارىغا قەدەم قويغان بۈيۈك پادىشاھ ئىدى. ئۇ ھېكمەت ئىلمىدىمۇ دانا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە دانىشمەنلىكى بىلەن شۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىكى، بۇ ئالەمدە ھەرقانچە كاتتا پادىشاھ بولۇپ ئۆتكەن كىشىمۇ ئاخىر تۇپراققا كىرىپ ئارام تاپىدۇ. ھېچ كىشى بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسىنى ۋە مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، كۆڭۈللەرنى شاد - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشتىن باشقا نىمە ھالاۋەت بولسۇن؟! ئىسكەندەر مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئويلاپ، بىر نەچچە كۈن شادلىق بەزمىلىرىدىن مەستخۇش بولدى. ئاندىن ئۇ ئىككى سەرۋى قامەتلىك قىزدىن مۇرادىغا يېتىشنى كۆزلەپ، كەچلىك خىلۋەتگاھىدا ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن رەۋشەنەكنىڭ خىلۋەتخانىسىدا ئورۇن تۇتتى. رەۋشەنەك بارلىق ھەرەم ئەھلىگە سەردار ئىدى. دائىم ئىسكەندەر بىلەن بىر يەردە ئولتۇراتتى. ئەمما مېھرىناز مەرتىۋە جەھەتتە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇراتتى. ئۇ تەختنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، گاھى ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ خىزمىتىنى قىلسا، يەنە بەزىدە ناز - كەرەشمە بىلەن شاھنىڭ جىسمىغا ئوت سالاتتى. رەۋشەنەك ئىسكەندەرنى مېھرىنازدىن دائىم كۈنلەپ، يىغا - زارە قىلغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ، مېھرىناز بىلەن ئاز ئارىلىشىپ، رەۋشەنەك بىلەن كۆپ بىللە بولاتتى. مېھرىنازنىڭ ناتىۋان كۆڭلى بۇ ئىشتىن كۆپ بىئارام بولاتتى. بىراق ئىسكەندەرنى تالىشىپ غوۋغا قىلىشقا ھەددى ۋە ھوقۇقى يوق ئىدى. ئىسكەندەر مېھرىنازنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆڭلىدە شۇ قەدەر مەخپىي ساقلىماقتا ئىدىكى، بۇنىڭدىن ھەتتا مېھرىنازنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ خاراب بولغان غەمكىن جېنى ۋە جىسمىدا مېھرىنازنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى چوڭقۇر يوشۇرۇنغانىدى. ئىسكەندەر رەۋشەنەك بىلەن ئىككى

كـۇن ھەمـسۆھبـەت بـولـسـا ، مـېھـرىـناز بىلەن بىر كۈنلا بىللە بولاتتى . بۇ ئەھۋالـدىـن مـېـھـرىنازنىڭ كۆڭلى رەنجىپ ، نازۇك بەدىنى كېسەلمەن بولۇپ قـالـغانىدى . رەۋشەنەكنىڭ كۈندەشلىكىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى ، شـاھنىـن رەنجىپ ، ئەلدىن خىجىل بولۇپ يۈرەتتى . بىر كۈنى ئىسكەندەر مېھـ- رىـنـازنـىـڭ ھۇجـرىسىدا بولدى . ئۇ مېھرىنازنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى :

— ھەي ، قـاچـانـغـىچە سېنىڭ يوشۇرۇن ئىشقىڭ بىلەن ئۆرتىنىمەن . قـاچـانـغــىچـە مـېـھـىـر - مۇھەببىتىڭنى ئەلدىن يوشۇرۇپ ، كۆيۈپ - پىشىپ ئۆتـــمەن ؟! يوشۇرۇن ئىشق - مۇھەببىتىڭ مېنىڭ جېنىمدىن ئۆتتى . ئەمدى مەن ساڭا بۇ مەخپىي سىرلىرىمنى ئېيتمىسام بولمىدى .

ئـىـسـكـەنـدەر شـۇ سـۆزلـەرنـى دەپ ، مـېھرىناز بىلەن بەزمە تۈزۈشكە تـۇتـۇش قـىـلدى . راھەت پاراغەت بىلەن شاراب ئىچىشكە تۇتۇش قىلدى . بۇ شـوخ گـۈزەلـنـىـڭ بـۇگـۈنـكـى ئولـتـۇرۇشـنى قىزىتىشنى ئۆتۈنىدى . بىراق مـېـھـرىـنازنىڭ كۆڭلى يوشۇرۇن دەرد - ئەمەلدىن چىگىلگەنىدى . ئۇ كۆرۈ- نـۈشـتـە ئـىـسـكـەنـدەرنـىـڭ رايـىـغـا بـېـقىپ ، تەكەللۇپ بىلەن شاھقا خىزمەت قـىـلـىـۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قوشۇملىرىدىن يوشۇرۇن غەم - غۇسسە ئالامەتـ- لـىـرى كـۆرۈنـۈپ تۇراتتى . ئىسكەندەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بـولـسىمۇ ، لېكىن ئۇ گۈزەلدىن خۇش خۇي مۇئامىلە ۋە سۆزلەر كۆرۈلمىدى . شـاھ قـانـچـە ئاجـىـزلـىـق ، تۆۋەنلىك بىلەن يېلىنغانسېرى ، ئۇنىڭدىن ناز ۋە پـەرۋاسـىـزلىق ھالەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى . ئۇ قانچە باش بەرمىگەنـ- سېرى ، شاھنىڭ كۆڭلى شۇنچە پەرىشان بولماقتا ئىدى . شاھنىڭ تاقىتى تاق بـولـۇپ ، سـەۋدايىلىق بىلەن رەسۋايى ئالەم بولۇشقا يۈزلەندى ، ئۇنىڭغا ئىشق سەۋدايىلىقى چاپلاشتى . بۇ سەۋدايىلىق ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى يەر بىلەن يـەكـسان قىلدى . شۇڭا شاھقا نە ئىلىم - ھېكمەت ، نە ئەقىل - ئىدراك ياردەم

www.uyghurkitap.com

قىلالمىدى. ئاخىر ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا مېھرىنازغا:

— ئەي نازىنىن، ماڭا مۇنچىۋالا ئاداۋەت قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئالدىڭدا مەن قانچە ئاجىز ۋە بىچارە بولغانسېرى، سەن شۇنچە دۈشمەنلىك قىلىسەن؟! بۇنداق قىلىدىغانغا مەن بىچارىدىن نېمە گۇناھ ئۆتتى؟! — دېدى ۋە ئاشىقانە ھالدا بىر نەچچە بېيىت ئوقۇدى. **بېيىت:**

ۋەفاسىز جەفاكار، ئەي نازەنىن،
نەدىن بىزگە قىلدىڭ ئەيان مۇنچە كىن؟
نەدۇر ئەجزىم ئالىدا تەۋسەنلىغىڭ،
ئاڭا كىم ئېرۇر دوستۇ دۇشمەنلىغىڭ؟
نې جۇرم ئەتتىم ئېركىن مەنى كاكسار،
نېدىنكىم قىلۇرسەن كۆڭۈلنى فىگار؟
نې خەسكىم ئوتۇڭدىن كۆيەر لاغ ـ لاغ،
نە ھاجەت يەنە قويماق ئول ئوتغە ياغ؟
چېبىنكىم ئېرۇر شەھدىگە پاي بەند،
تاپانچە بىلەن ئاڭا نەدۇر گەزەند؟
ۋەفا ئەيلەكىلكىم جەفاكار ئەمەن،
بۇ زۇلم ئەيلەمەككە سەزاۋار ئەمەن.
چۈمەن ئىشق ئارا ئۆلگۈم، ئۆلتۈرمەگىل،
قەتىلىمغە تىغى جەفا سۇرمەگىل.
نىيازىمغە باق، ئەسرۇ ناز ئەيلەمە،
تەئەددى كۆيۈ لۇتف ئاز ئەيلەمە.

ئىسكەندەر يۇقىرىقىدەك بېيىتلار بىلەن ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، مېھرىناز شىرىن تىللىرىدىن شېكەرنى تۆكۈپ، كىنايە قىلغان ھالدا

بىرنەچچە بېيىت ئوقۇدى، **بېيىت**:

كى شەھ ئەيشىنى ھەق مۇدام ئەيلەسۇن،
ئىشىن دىلبەرى بىرلە كام ئەيلەسۇن.
ئانىڭ لايىقى كەلدى دارا قىزى،
كى كۆز رەۋشەن ئەيلەر ئاياغى ئىزى.
كەنىزىكىم ئول بولسە ھىندۇ نىژاد،
نې ھىندۇ نىژاد، ئايىت كەشمىرزاد.
نې لايىقكى ئانى ئەنىس ئەيلەگەي،
تەكەللۇف يۈزىدىن جەلىس ئەيلەگەي.

ئىسكەندەر بۇ تەنە ـ كىنايىلەرنى ئاڭلاپ، مۇنداق نىدا قىلدى:
— ئەي جېنىمنىڭ ئاپىتى، تاپا ـ تەنە قىلىشنى بىردەم توختاتقىن. رەھىم قىلغىن، مېنى تولا قىينىمىغىن. ماڭا رەۋشەنەك ھەققىدە تولا تەنە قىلما، مېنى ئەپۇ قىلىپ، كۆڭلۈمنى خۇشال تۇتقىن، رەۋشەنەكنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش زۆرۈر. چۈنكى ئۇ بۈيۈك پادىشاھ بەھمەن تاجىسىنىڭ گۆھىرىدۇر، كەيقۇباد ئاسمىنىدا پارلىغان يېگانە يۇلتۇزدۇر. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇكسەكتۇر.
مېھرىناز ئىسكەندەرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شېرىن سۆزلەر بىلەن:
— ئەي يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھەنشاھى، سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭنىڭ مۇھەببەت بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. چۈنكى ئىشق ـ مۇھەببەتتە پادىشاھ بىلەن گادايىنىڭ پەرقى يوق، — دېدى ـ دە، كىنايە قىلغان ھالدا بىر نەچچە بېيىت ئوقۇدى. **بېيىت**:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەسەب بىرلە بولسە ئاگا شاھلىق ،
ھەسەب بىرلە يەتمىش ماگا ماھلىق .
ئانىڭ تاجى كىشۋەرغە بولسە خىراج ،
مېنىڭ تاجىمە باش قويار ئەھلى تاج .
ئاگا فەخر نىسبەتتە جەمشىددىن ،
ماگا ئار ھۆسن ئىچرە خۇرشىددىن .
ئاگا مۈلك ئەگەر بولسە فەرمان پەزىر ،
ماگا زار ئېرۇر يۈز تۈمەن مۈلكگىر .
ئەگەر ئول خىرەد بىرلە ئەفسانەدۇر ،
ماگا يۈز خىرەدمەند دىۋانەدۇر .
گەر ئول بولسە ئافاق ئېلىگە ئەزىز ،
سالۇرمەن مەن ئافاق ئارا رۇستەخىز .
ئاگا گەر ئېرۇر پىشە جان ئۆرتەمەك ،
ماگا شىيۋە بولمىش جەھان ئۆرتەمەك .
گەر ئول غەمزەدىن ئوقنى پەرران قىلۇر ،
مېنىڭ كىرپىكىم تىيرى باران قىلۇر .
گەر ئول قەتل ئىشىگە قىلۇر ئېھتىمام ،
مېنىڭ تىغى ئىشقىم قىلۇر قەتلى ئام .
ئاگا گەر فۇسۇن ئەيلەمەك ۋىرد ئېرۇر ،
ماگا بارچە كەشمىر شاگىرد ئېرۇر .
ئاگا غەمزە بولسە جەھان ساھىرى ،
ماگا بولدى گۇساله يۈز سامىرى .
ئانىڭ شۇھرەتى گەر ئېرۇر ئام ئارا ،
مېنىڭ قوزغالانىمدۇر ئىسلام ئارا .

گەر ئول خەلقنى قەتل ئېتەر دەم بەدەم ،
ماڭا كەلدى تىزگۆرمەك ئايىنى ھەم .
ئانىڭ قىلسە زۇلفى يىلاننى فۇسۇن ،
فۇسۇنۇم قىلۇر ئەجدىھانى زەبۇن .
ئانىڭ زۇلفى گەر چەكسە ئىمان رەگىن ،
مېنىڭ تار لەئلىم چېكەر جان رەگىن .
قاچان سۇنبۇلۇم ئۆرسە گۇل ئۆزرە تاب ،
ياپار يۈزەگە خۇرشىد تۈندىن نىقاب .
قاشىم يايىنى ھەركىم ئەيلەر خەيال ،
ئۇياتدىن كۆزىگە كۆرۈنمەس ھىلال .
ئېرۇر كىرپىكىم ئوقىغە جان ھەدەف ،
نىشانە ئاتارغە مەگەر چەكتى سەف .
كۆزۈمگە قاچانكىم بولۇر ئۇيقۇ كام ،
بولۇر ئالەم ئەھلىغە ئۇيقۇ ھەرام ،
يۈزۈ مەردۇمەكۋار خالىم سۆزى ،
دېگىل گۇل ئۆزە تۈشتى بۇلبۇل كۆزى .
چېكىلكەچ ئۇزارىم قىراغىغە نىل ،
ئېرۇر تەقۋىيۇ ئەقل كۆرىگە مىل .
گەجەكدەككى زۇلفۇم ئارا تابدۇر ،
كۆڭۈللەرنى تارتارغە قۇللابدۇر .
لەبى لەئلىكىم جەۋھەرى جان ئېرۇر ،
سۇ ئول لەئل ئارا ئابى ھەيۋان ئېرۇر .
تىشىم رىشتەسىن ژالەئى ناب دە ،
دېمە ژالەكىم ، دۇررى سىيراب دە .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوق ئاغرىم بولۇپ جەۋھەرى بىبەھا ،
نې پەيدا ۋۇجۇدۇ ئاڭا نې بەھا .
ئىكى لەئلىم ئەتكەچ تەكەللۇم پەيدىد ،
قىلىپ ئاغزىمە ئەل تەۋەھھۇم پەيدىد .
ئانى خەلق يوق يەردە ئەيلەپ گۇمان ،
ئەگەر بولسە ھەم ئول ھەمان يوق ھەمان .
يۈزۈمدە دېمە سىيمدىن غەبغەبى ،
كى ئاي ئىچرە خۇرشىدۋەش كەۋكەبى .
نې كەۋكەبكى ، نۇرى ئانىڭ بىگىران ،
قۇياش بىرلە ھۇسن ئىچرە ئەيلەپ قىران .
لەبىم پىشەسى جان فەزايەندەلىق ،
كۆزۈم شىيۋەسى دىلرەبايەدەلىق .
دېمە رۇھ قەددىم كۆرۈپ لال ئولۇپ ،
كى رۇھۇل ـ ئەمىن داغى بىھال ئولۇپ .
خىرامىم قىلىپ رەۋزە سەرۋىنى مات ،
ئاڭا ماجەرا قىلدى ئابى ھەيات .
جەمالىم قۇياشنى سالىپ تابغە ،
تەنىم شىيمى تىنترەتمە سىيمابغە .
بىلىم تارىن ئولكىم خەيان ئەيلەبان ،
ھەمانا خەيالى مەھال ئەيلەبان .
جەمالىم بەشەر ئىچرە غەۋغا سالىپ ،
مەلائىككە ھۇسنۇم ئەلالا سالىپ .
كۆرۈنگەن زەمان سۇرەتىم پەيكەرى ،
خەلايىق كۆزىگە كۆرۈنمەي پەرى .

لەبىمدىن تەكەللۇمدىن ئارتۇق قۇسۇن،
قۇسۇندىن داغى ھۇسنۇ نازىم قۇزۇن.
قۇياش قوزغالىپ ھۇسنۇم ئاشۇبىدىن،
فالەك پەست مېھرىم لەگەدكۇبىدىن.

— لېكىن، — دېدى ئۇ گۇزەل بېيىت ئوقۇشنى توختىتىپ، — تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى ؟! پادىشاھى ئالەمگە مېنىڭ ھەسسىلىمۇ ئاچچىق بىلىنىدۇ. دانىشمەنلەر: « ئازراق بەخت — تەلەيمۇ كۆپ گۈزەللىكتىن ياخشى » دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. شۇڭا مەن پادىشاھىمدىن شىكايەت قىلمايمەن. پەقەت ئۆزۈمنىڭ بەختسىزلىكىم ۋە بىتەلەيلىكىمدىن ئۆكۈنۈپ، ئاھ — پىغان قىلىمەن، ھەسرەت — نادامەت چېكىمەن.

مېھرىناز شېرىن لەۋلىرىدىن ئاشۇنداق ئوتلۇق نىدا قىلغىنىدا، ئىسكەندەرنى ئۇنىڭ ئىشق — مۇھەببىتى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ مېھرىنازنىڭ سۆزلىرىگە جېنىنى پىدا قىلغۇدەك بولدى. مېھرىنازنى جېنى ئىچىگە تارتتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بويىنىغا قول سېلىپ، قوينىغا تارتتى. شىر كېيىكنى ئوۋلىدى. بۇ ئوۋلىنىشقا كېيىكمۇ سۆيۈندى. ئىسكەندەر بۇ خىلۋەتكە مەپتۇن بولۇپ قالدى. پەرى سۈپەت مېھرىنازمۇ ئىسكەندەرنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولدى. ئىككىسى بۇ ھۇجرىدا بىر نەچچە كۈن بىللە بولدى. ئۇ يەردە قانداق ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلمىدى. ئاشىققا ۋىسال مۇيەسسەر بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ئىسكەندەر بىر نەچچە مەزگىل ئۇ يەردە راھەت — پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۇ: « ئۆمرۈم بىھۇدە زايا بولۇپ كەتمىسۇن » دەپ ئويلاپ، ئەقىل — پاراسىتىنى ئىشقا سالدى. ئىسكەندەر جاھان مەملىكىتىنى

www.uyghurkitap.com

قولغا ئېلىشقا ئۇتۇش قىلغاندا ، مەغرىب زېمىنى ئېلىنماي چالا قالغانىدى . ئۇ يەرنى قولغا ئېلىشنى كۆزلەپ ، لەشكەرلەرگە خەير ـ ئېھسانلارنى قىلىپ ، مائاش ۋە راسخوتلىرىنى كۆپەيتتى . ئاندىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ، لەشكەرلەرىگە يۈرۈش قىلىش پەرمانىنى جار سالدۇردى . ھەرقانداق پادىشاھ يۇرتىنى ئاۋات ، خەلقىنى باياشاد قىلسا ، ئۇنىڭغا دۈشمەندىن ھېچقانداق ۋەھىمە بولمايدۇ . ئەگەر ئۇ ئۆز خەلقىنى خۇشال قىلمىسا ، ئۇنداق شاھنى دۈشمەن ئەمەس ، بەلكى ئۆز خەلقى يوقىتىدۇ . خەلق پادىشاھتىن ساخاۋەت ۋە ياخشىلىقنى كۆزلەيدۇ . سىياسەتمۇ ئۆز لايىقىدا بولغىنى ياخشى .

ئەلقىسسە ، ئىسكەندەر شۇنداق بۈيۈك شاھەنشاھ ئىدىكى ، ئۇ شاھلىقنىڭ بارلىق توغرا قائىدىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى . ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى خەير ـ ئېھسانلار بىلەن خۇشال قىلغاندىن كېيىن ، خاقان بىلەن خوشلاشتى . ئۇ چىن ۋە خىتا مەملىكەتلىرىنى خاقانغا قالدۇرۇپ ، خاقانىنى « ئاتام » دەپ چەكسىز ھۆرمەت قىلغان ھالدا ۋىدالاشتى . لەشكەرلەرنى باشلاپ چىن مەملىكىتىنىڭ سىرتىغا ، يەنى مەغرىب ئېلىگە قاراپ يۈزلەندى . خاقان ھەمراھ بولۇشنى ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىسكەندەر ئۆزرە ئېيتىپ ، قوبۇل قىلمىدى . خاقانغا بىرقانچە يوشۇرۇن سىرلارنى ئېيتىپ ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قايتۇردى .

ئىسكەندەر مەغرىب زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن ، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىغا قاراپ يول ئالدى . ھىندىستان چېگرىسى ئىچىگە كەلگەندە رايى ھىندىغا ناھايىتى كۆپ ئىززەت ـ ھۆرمەتلەرنى قىلىپ ، ئۇنى ئۆز ئېلىدە قالدۇردى . رايى ھىندى ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى . ئىسكەندەر مەغرىب دىيارى تەرەپكە ئات سالدى . ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بارلىق ئاپەتلەردىن سالامەت ئۆتۈپ كەجرات مەملىكىتىگە كەلدى . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ، شور دەرياسىنىڭ كانارىسىغا يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى . بۇ ئارىلىقتا

ئۇ يەردىكى بارلىق كېمىلەرنى ئوردا ئالدىغا يىغىپ تەق قىلدى. ئاندىن لەشكەرلەر بىلەن كېمىگە چۈشۈپ، سۇ ئۈستىدە يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. ئۇ گاھى كېمە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يۈرسە، گاھى قۇرۇقلۇققا دۇچ كېلىپ ئاتلىق يۈردى. شۇنداق قىلىپ زور نىرىشچانلىقلار بىلەن قوشۇنلارنى كۆز-لىگەن مەنزىلگە ئېلىپ كەلدى. تەڭرىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ئۇلار مەغرىب زېمىنى ئىچىگە كىردى. بۇ ئىقلىمنىمۇ قولغا كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئارغىمىقىنى مىنىپ، نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەرنى قولغا ئالدى. بارلىق شەھەرلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئارىغا ئادەم سېلىپ، باج - خىراج بېرىشنى قوبۇل قىلىپ، پەر-مانبەردار بولدى. ئىسكەندەر بۇ ئىقلىمنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، رۇم دۆلىتىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بۈيۈك تاغلار بىلەن ئوچۇق دەشت-لەرنى كېزىپ، ھېچ يەردە توختىماي، مەنزىلمۇ مەنزىل ماڭماقتا. خىلمۇ خىل دىيارلارنى بېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى. بىراق بۇ ئىقلىمدا ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرگە دۇچ كېلىپ، ئىسكەندەر ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، رۇم شە-ھىرىگە يۈرۈش تومسۇنلۇققا ئۇچراشقا باشلىدى:

ئىسكەندەر بۇ يۈرۈشتە بىر دىيارغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دىيارنىڭ باياۋانىغا كەلگەندە، پۈتكۈل دەشتنى ئىنتا ئوخشايدىغان جانىۋارلارنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇ جانىۋارلارنىڭ تولىلىقى چۈمۈلىدىنمۇ زىيادە ئىدى، ئۇنىڭ قول - پۇتلىرى چۈمۈلىگە ئوخشايتتى. لېكىن ھەر بىرى-نىڭ چوڭلۇقى بىر شىردىنمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئالدىدا شىر، يولۋاسلار بىر چۈمۈلىچىلىكمۇ يوق ئىدى. بۇ مەخلۇقلار ئىس-كەندەرنىڭ قوشۇنىغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن كىمكى ئالغا قاراپ ئات سالسا، بۇ چۈمۈلە سۈرەتلىك جانىۋارلار ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. چۈمۈلىلەر ھۇجۇم قىلغاندا بولسا، ئىسكەندەرنىڭ ھەر قاتتا باتۇرلىرىنىمۇ يەردىن تېرىپلا ئېلىپ كەتتى. ئىسكەندەر بۇ يەردىن ئۆتمەس-

www.uyghurkitap.com

لىنىڭ ئۇچۇن لەشكەرلىرىگە پەرمان بەردى. «ھېچكىم چۇمۇلىلەرنى رەنجىتمىسۇن، ئۇلار ساقلىنىپ قالسۇن» دەپ جار سالدۇردى. ئاندىن ئۇ دىيارنىڭ ئادەملىرىنى يىغىپ، بۇ ھەققە ناھايىتى كۆپ سۆھبەتلەشتى. كۆپ سوئاللارنى سورىدى.

ئۇ كىشىلەر جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ شۇنداق جايدۇركى، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغان كىشىنىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىدۇ. بۇ باياۋان توغرىسىغا بىر ياغاچلىق يولدۇر، مۇشۇ ئارىلىقتا بۇ چۇمۇلىلەر ئورۇنلاشقان. ئۇلار بۇ يەردە ئالەمگە شورى قىيامەت سېلىشىدۇ. بۇلارنىڭ نېرىسىدا جەننەت بېغىدىنمۇ ياخشىراق بىر ۋادا بار. ئۇ يەردە بىر گۇرۇھ مەخلۇقلار جايلاشقان. بىز ئۇلاردىن داۋاملىق زار ـ زار قاقشاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئالەم ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ئەجدىھادەك، ھەر بىرىنىڭ جىسمى بىر زور تاغدەك ناماياں بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىگە يۈزلەنگەن گۇرۇھلارمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئۇلار كۈچ ـ قۇۋۋەتتە شىر ـ يولۋاسلاردەك كۈچتۈڭگىر مەخلۇقلارنى چۇمۇلىدەك ناتىۋان قىلالاتتى. ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاڭقارغىلى بولمايدۇ. ئاڭقىرىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ دېيىدىغىنى ھاقارەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلاردىن ئون كۈنلۈك يىراقلىقتا يەنە بىر ۋادا كۆرۈنىدۇ. ئۇ ۋادىنى پەلەككە تاقاشقان ئىككى تاغ ئىككى تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ. بىر تاغ قىزىل ئالتۇندىن پۈتكەن. ئۇ قۇياشتەك يالتىراپ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. يەنە بىر تاغ كۈمۈشتىن پۈتكەن بولۇپ، خۇددى ئايدەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ھەربىر تېشىنىڭ باھاسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىراق ئاشۇ مەخلۇقلار بۇ خەزىنىگە خۇددى ئەجدىھادەك مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇ مەخلۇقلارنىڭ ئاجايىپ بىر ئادىتى باركى، ئۇلار بىر ئۇخلىسا ئون كۈنگىچە ئويغانمايدۇ. ئويقۇلۇق ۋاقتىدا ھېچقانداق ئىشقا مەشغۇل بولمايدۇ. ئون كۈن توشقاندا يەنە ئۆز ھالىغا كېلىدۇ. شۇ ئويغانغىنىچە يەنە ئون كۈنگىچە ئۇخلىمايدۇ. دەل ئون

كۆن تۇشقان چاغدا يەنە ئۇيقۇغا كېتىدۇ . ئەگەر كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىنى بىلەلىسە ، ئۇ مەخلۇقلارغا زەربە بېرەلىشىدىن ئۈمىد بار . بىراق ئۇ نىپىسىلەر ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدۇ . چۈنكى ئۇلارغا مۇشۇ چۈمۈلىلەر خەۋەر يەتكۈزۈپ ، مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدۇ . ئۇ مەخلۇقلار ئاشۇ خەزىنىلەرگە كۆزەتچىلىك قىلىدۇ .

ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، بۈيۈك تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ ، بىر ئورۇننى تاللاپ ، لەشكەرلەرنى چۈشۈردى . ئۆزى ھۆكۇمالارنى ھۇجرىغا يىغدى . ئۇلارغا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تېپىشنى مۇراجىئەت قىلدى . بىراق ئۇ ئىشلارغا كۆڭۈل قويۇپ پىكىر قىلىدىغان بولسا ، تەڭرى تائالانىڭ ئاجىز بەندىلىرىنىڭ ئەقلى لال بولاتتى . بارلىق ئۆلىما ۋە ھۆكۇمالار ئىلىم-ھېكمەت بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي ئاجىز بولدى . ھەممەيلەن ھەيرانلىق ۋە بىچارىلىك ئىلكىدە قالدى . **ساقىينامە:**

كەتۈر ، ساقى ، ئول رۇھ سەرمايەسىن ،
كى مەئدۇم ئېتەي ئەقل پىرايەسىن .
كى قول تۇتمادى ئەقلۇ ھېكمەت ماڭا ،
ۋەلې قەسدى جان ئەتتى ھەيرەت ماڭا .
مۇغەننىي ، غەرىبانە ئۈن چەك ھەزىن ،
كى مەنزىلگە ھىم بولدى مەغرىب زەمىن .
ساچاي باشىڭ ئۈززە زەرى مەغرىبى ،
قۇياش مەغرىبىدە ساچقان كەبى .
نەۋائى ، چۇ غۇربەتدە سەن شاد بول ،
ۋەتەن يادى رەنجىدىن ئازاد بول .
ئەگەر شەرقۇ غەرب ئولسە مەنزىل ساڭا ،
نې غەم ، كەم ئەگەر بولسە ھاسىل ساڭا .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سۇ ئىستەپ دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان بېلىقلارنىڭ ھېكايىسى . ئۇلار لەھەڭگە يەم بولغىنىدا ئۆزلىرىنىڭ سۇدىن ئايرىلغانلىقلىرىنى بىلىشتى

. ھېكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسى ماڭا گۆھەر مەسەللىك مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بەردى :

بىر دەريادا نۇرغۇن بېلىقلار توپى بار ئىدى . ئۇلار ھەممىشە سۇ ئىچىش ئۈچۈن تەشنا بولۇپ يۈرۈشەتتى . ئۇلار سۇغا ئېرىشىشنىڭ ئارزۇسىدا : « سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى قانداقتۇ ؟ ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى بەكمۇ كۆرگۈمىز بار » دېيىشەتتى . ھەممە بېلىقلارنىڭ جىسمى ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمان ئوتلىرىدا كۆيەتتىيۇ ، لېكىن ھېچبىرى سۇغا ئېرىشكەندەك ئەمەس ئىدى . ئاخىر بىر بېلىق ئۆكۈنگەن ھالدا : « دېڭىز دولقۇنىدا بىر چوڭ ياشلىق لەھەڭ بار . ئۇمىدىم شۇكى ، ئۇ بىزگە سۇ بار جاينى ئېيتىپ بېرىپ بىزنىڭ مۇشكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلغۇسى » دېدى . ھەممە بېلىقلار سۇغا يېتىش ئارزۇسىدا دېڭىز تەرەپكە قاراپ يول ئالدى . ئۇلار نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق دېڭىز دولقۇنىغا يېقىنلاشتى . ئۇلار دولقۇن ئەتراپىغا يىغىلغاندىن كېيىن ، ئۇ يەردىكى پىرقىراۋاتقان پەلەكتەك قاينامنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . بۇ يەردىكى دولقۇن ۋە قايناملارنىڭ تىنىك كۆتۈرۈلۈشلىرى سەۋەبىدىن ، بېلىقلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە بېرىپ چۈشۈپ ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى . ئۇلار قورقىنىدىن تال ياپرىقىدەك تىترەشكە باشلىدى . شۇ چاغدا دېڭىز قاتتىق چايقالدى . ھېلىقى لەھەڭ پەيدا بولۇپ ، بۇ يەردىكى بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولغان بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇپ ، قورسىقىغا يىغدى . ئۇ بېلىقلار لەھەڭنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئىلگىرى ئۆز ئۆمرىنىڭ پۈتۈنلەي سۇ ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى بىلدى . ئەمما ھەسرەت ـ نادامەت قىلغان

بىلەن پايدىسى بولمىدى . ھەممىسى لەھەڭنىڭ قورسىقىدىكى ئوتقا غەرق بو-
لۇپ ، كۆيۈپ كەتتى .

شۇنى بىلگىنكى ، ھەر بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بىر يوشۇرۇن خەزىنە
بار . سېنىڭ تەبىئىتىڭ ئۆزۈڭدىكى بۇ خەزىنىنى بىلىشكە ئاجىزدۇر . ئۇ خە-
زىنە سەندە پىنھان ئەمەس ، بەلكى سەن ئۇ خەزىنە ئىچىدە يوقالغاندۇرسەن .
لېكىن نادانلىقىڭ تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشىنەلمەيسەن . سەن ھە-
سەتخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قاينامىلىرىدا ماكان تۇتساڭ ، يوقلۇق لەھەڭگە
يەم بولىسەن . ئۇ چاغدا بۇ ئەھۋال ئايان بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭدىن ساڭا
نېمە پايدا . پەقەت ئەزەلدىنلا ئۆز تىلىكىڭ ئىچىدە غەرق بولۇپ
ئۆتكەنلىكىڭنى بىلىپ قالىسەن ، خالاس . سەن ئاجايىپ ـ غارايىباتلارغا يول
تاپىمەن دەپ ئاززۇ قىلىسەن ؟! ئاگاھ بولغىنكى ، ئاجايىپ ـ غارايىباتلارنىڭ
ھەممىسى ئۆزۈڭدە . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بىلگىن ـ دە ، توغرا يولغا قە-
دەم قويغىن . ئۇنداق قىلماي كېيىن نادامەت چەككەنىڭ پايدىسى يوق .

**ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن : « ئىنساننىڭ ئەسلى مەقستى ھەققىي ئىدراكتىن خالىيدۇر . شۇنداق تۇرۇپ ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ » دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن :
ـــ ئىنسان پۈتكۈل مەخلۇقلاردىن شەرەپلىك ۋە ئەلادۇر . چۈنكى
ئۇنىڭ زاتى ۋۇجۇدىدا تەڭرىنىڭ سىرلىرى يوشۇرۇنغاندۇر . بىراق بۇ نۇردىن
ئىنساننىڭ كۆزى روشەنلەشمىگەن بولغاچقا ، ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى خەزى-
نىلەرنى كۆرەلمەيدۇ . ئۇنى بىلمەيدۇ . شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن
ماھىيەت جەھەتتە ئىنسانلار يەنىلا باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرى-
دۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى .

www.uyghurkitap.com

— ئىنسان ئەگەر ئىزدىنىدىغان بولسا، ھەرقانداق نەرسىنىڭ نېگىز — ماھىيىتىگە يېتەلەيدۇ، — دېدى ئەرەستو جاۋاب بېرىپ، — شۇڭا ئۇ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك. ئەمما باشقا ھايۋانلار بۇنداق سۈپەتلەردىن خالىيدۇر. بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان سىرلار پۈتكۈل جاھان ئەھلىنىڭ بىلەلەيدىغىنىدىنمۇ كۆپرەكتۇر. بىراق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە بىلەلىگىنىنى بىلىدۇ، بىلەلمىگىنى توغرىسىدا ئارتۇقچە ئىزدەنمەيدۇ. ئىنسانلار گەرچە ئۆزىنى ئوبدان بىلمىسىمۇ، لېكىن تاشقى دۇنيا ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمىمۇ ئۇلارنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. تەلەپكارلىق رەنج — مۇشەققىتى ۋە ئېرىشەلمەسلىك شىددىتى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئەزىز ۋە شەۋكەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ — ئىستەكلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرى تېپىلغۇسىز گۆھەردۇر.

**ئىسكەندەرنىڭ چۈمۈلىلەر گۇرۇھىنى ئۆۋلاش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى جەڭ سەپلىرىگە تىزغانلىقى، ئۇ دىۋە سۈپەت گۇرۇھىنىڭ ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ قارشى تەرىپىدە سەۋدايىلاردەك سەپ تۈزگەنلىكى، بۇ گۇرۇھ ئىچىدىن بىر پالۋان سەپ ئالدىغا چىقىپ، ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىنى ئاجىز قىلغانلىقى، ئۇ چىن كېيىكىدەك گۈزەل، مەھرۇ شىردەك مەيدانغا كىرىپ، ئەجدىھا ئوۋلىغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ئۇ چىن كېيىكىنى ھەرەم كېيىكى قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوۋلىغان ئولجىسىنى ياخشىلىق بىلەن يەنە قايتا ئوۋلىغانلىقى، ئۇ بېرىپ ئۆز ئوۋلىرىنى ئېلىپ مەجلىسكە كەلگەنلىكى**

تارىخشۇناسلار بۇ تارىخنى قەغەز سەھىپىسىگە مۇنداق يازدى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئاتلىرىنى ھەيدەپ چۈمۈلىلەر

دەشتىگە يېتىپ كەلدى . ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئالدى . ئىسكەندەر ھۆكۈمالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بۇ مەخلۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئامالىنى كېڭەشتى . ھۆكۈمالار بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دېيىشتى :

— لەشكەرلىرىمىزنىڭ تولىلىقى سان - ساناقسىز ، پالۋانلىرىمىزنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىزدۇر . لەشكىرىمىز بىر نەچچە رەت جەڭ سەپلىرىنى تۈزۈپ ، ئۇ چۈمۈلىلەر دەشتىگە چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلغاي . چۈمۈلىلەر تۈپى ھەرقانچە تولا بولسىمۇ ، ئۇلار ھەتتا يولۋاسنىڭ كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلغان تەقدىردىمۇ نېمىگە ئەرزىيتتى . ئاخىر شىر دېگەن شىر ، چۈ-چۈلە دېگەن يەنىلا چۈمۈلىغۇ ؟

بۇ مەسلىھەتكە بىنائەن يۈرۈش باشلاندى . ئىسكەندەر لەشكىرىنىڭ تولىلىقىدىن چۈمۈلىلەر گۇرۇھى قورقۇپ ، تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كەتتى . ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ ، دېۋە سۈپەت گۇرۇھ تەرىپىگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى . ھۆكۈمالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، تەڭرىنىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشىدىن ئۈمىدۋار بولدى . قوشۇن بۇ يەرگە يەتكەندە ، قۇياش مەغرىبكە يوشۇرۇندى . جاھان قاپقارا چۈمۈلىلەر توپىدەك قاراڭغۇ بولدى . ئىسكەندەر ۋەھىمە قىلماستىن ئۇ دەشتتە قونۇشنى قارار قىلدى . لېكىن چۇۋۇلغان چۈمۈلىلەرنىڭ قايتىپ كېلىپ ، ئۇيقۇدا ياتقان لەشكەرلەرگە تالا-پەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن بىرمۇنچە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى .

ۋاقىتىكى ، تاڭ ئېتىپ ، قۇياش نامايان بولدى . ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنى يىغىپ ، سەپ تۈزدى . ئاندىن سۇرەن سالغۇچىلارنى يىغىپ شۇنداق قاتتىق چوقان كۆتۈردىكى ، پۈتكۈل ئالەمنى قىقاس - چوقان ئاۋازلىرى بىر ئالدى . شاۋقۇن - سۈرەنلەر يەر يۈزىنى قاپلاپ كەتتى . بۇ دەھشەتلىك

سادالاردىن دىۋىسىمان مەخلۇقلارغا ۋەھشەت ۋە قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئۇلار: «بۈگۈن قىيامەت ئاشكارا بوپتۇ» دەپ ئويلىدى. بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇ مەخلۇقلار كۆردىكى، بۇنچىۋالا كۆپ لەشكەر شۇ قەدەر خەتەرلىك چۆلۈللەر دەشتىدىن ئۆتۈپ، بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ تولۇقلىقىدىن يەر يۈزى كۆرۈنمەي قاپتۇ. ئۇلار پۈتكۈل تاغ - ئېدىرلار ۋە تۈزلەڭلىكلەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئالەمنى زىلزىلىگە ساپتۇ. بۇ لەشكەرلەرنىڭ تۈزگەن جەڭ سەپلىرى پۈتكۈل ئەتراپنى ئالەمدە نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ مەخلۇقلارمۇ دەرھال سەپ تۈزۈپ، جەڭگە تەييار بولدى. بۇ مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى دىۋىگە ئوخشاپ كېتەتتى. كەركىداندەك كۈچلۈك، پىلدەك قامەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر ئەھرىمەن دىۋىدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. كۆزى كۆك، ساقاللىرى سېرىق ئىدى. ھەممىسىنىڭ ماڭلىيىدىن مۈڭگۈز ئۈنۈپ چىققانىدى. ئۇلار قۇلۇن، كېيىك ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىشكەنىدى. يېمەك - ئىچمىكىمۇ ئاشۇنداق ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن ئىدى. ئۇلار قوللىرىدا ئېغىر تۆۋرۈكتەك ياغاچلارنى كۆتۈرۈۋالغان. بۇ ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا تۆمۈر ئىلمەكلەر بېكىتىلگەنىدى. ئۇلار مۇشۇنىڭ بىلەنلا جەڭ قىلاتتى. باشقىچە جەڭ قىلىشنى بىلمەيتتى. ئۇلار مۇشۇ يوسۇندا سەپ تۈزۈپ، مىڭ نەپەر مەخلۇق ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى ئالدىدا روبىرو بولدى. ئۇلاردىن بىرى مەيدانغا چىقىپ، ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ، قان تۆكۈش ئۈچۈن پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەپتىنمۇ بىر تاش بەدەنلىك تاغ يارار پالۋان چىقىپ مەيدانغا كىردى. بۇ پالۋان ئىسكەندەرنىڭ نۇرغۇن جەڭلىرىدە دۈشمەنلەرنىڭ جەڭ سەپلىرىدىن چاك چىقىرىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ چاڭ توزانلىرىنى پەلەككە يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ جىسمىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىمۇ قارشى تەرەپتىن مەيدانغا كىرگەن مەخلۇقنىڭ

قامىتى بىلەن باراۋەر كېلەتتى . لېكىن نەرە تارتسا ، بۇنىڭ ئاۋازى ئۇ مەخلۇقنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەتتى . ئۆزى پىلدەك ، مىنىدىغان ئېتى بولسا كەركىدانىدەك ئىدى . پالۋانلار ئارىسىدا ئۇنىڭ لەقىمىنى « رەئىدە » ① دېيىشەتتى : چۈنكى دائىم چاقماقتەك تاش ئارىسىدا تۇراتتى .

ئۇ ئەركەك شىردەك مەيدانغا كىرگەندە ، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى پالۋانمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئات سالدى . ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىنلاشقان زامان ، خۇددى ئىككى تاغ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندەك شىددەت بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۇلار بىر - بىرىگە ھەددى - ھېسابسىز زەربىلەرنى بەرمەكتە ، يەنە بۇ زەربىلەرنى ئۆز ماھارەتلىرى بىلەن رەت قىلىشماقتا ئىدى . ئاخىر ئۇ دىۋە سۈپەتلىك ۋەھشىي مەخلۇق ئىسكەندەرنىڭ پالۋىنىغا ئىلمەكلىك تۆۋرۈكنى سالدى . ئىلمەك مەھكەم بولغانلىقتىن بۇ پالۋاننى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈردى . قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى . ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ ئىلمەك بىلەن تۇتۇپ ، دەرھال ئۆز توپىغا ئېلىپ بېرىپ تاپشۇردى .

ھايال ئۆتمەيلا ئۇ مەخلۇق يەنە قايتىپ كېلىپ ، پالۋان تەلەپ قىلىپ نەرە تارتتى . بۇ تەرەپتىن يەنە بىر قورقۇمسىز پالۋان مەيدانغا كىردى . ئۇ پالۋان بېلىگە قىلىچ ئاسقان ، قىيا تاشتەك ئاتقا مىنگەنىدى . ئۇ قارىماققا خۇددى تاغ ئۈستىگە مىنگەن ئەجدىھادەك كۆرۈنەتتى . باھادىرلار ئارىسىدا ئۇنىڭ لەقىمىنى « قاقىر » دەپ ئاتىشاتتى . ئۇ مەشرىق زېمىنىنىڭ قىرۋان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغانىدى . بۇ پالۋان ئۇ ئەھرىمەن سۈپەت ۋەھشىي مەخلۇققا قاراپ ئات سالدى . ئۇ مەخلۇق بۇ پالۋاننى كۆرۈپ ئانچە كۆزگە ئىلمىدى . دۈشمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلدى . گاھ ئۇ تېگىش قىلىپ بۇ يېنىپ ، گاھ بۇ ھۇجۇم قىلىپ ئۇ چېكىنىپ ، ۋە گاھى ئۇ قوغلاپ بۇ قېچىپ ،

① رەئىدە — ئوتلۇق ئوقلارنى ئاتىدىغان قورال ، ئوت ئاچىدىغان قورال .

www.uyghurkitap.com

يەنە گاھىدا يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن
جەڭگى ـ جېدەللەرنى قىلىشتى . بىر ـ بىرلىرىنىڭ دەھشەتلىك زەربىلىرىنى
شىددەت بىلەن رەت قىلاتتى . ئاخىر ئۇ ۋەھشىي مەخلۇق ئۇ پالۋاننىڭ
كىيىمىگە ئىلمەك سېلىپ ، يەرگە يىقىتتى . قولىنى مەھكەم باغلاپ ، ئۆز تائى-
پىسىگە ئاپىرىپ تاپشۇردى . ئاندىن يەنە دەرھال قايتىپ كېلىپ ، جەڭ قىلىش
ئۈچۈن پالۋان تەلەپ قىلدى . بۇ تەرەپتىن يەنە بىر پالۋان جەڭ مەيدانىغا
ھازىر بولدى . بىراق ئۇنىمۇ يۇقىرىقى ئىككى پالۋاننى يىقىتقاندەك يىقىتىپ ،
باغلاپ ئەسىر قىلىۋالدى . يەنە بىرى مەيدانغا كىرىۋىدى ، ئۇنىمۇ باغلىۋالدى .
شۇنداق قىلىپ ئۇ مەخلۇق ئىسكەندەر قوشۇنىدىن ئون ئۈچ داڭلىق پالۋاننى
باغلاپ ئېلىپ كەتتى . يەنە نۇرغۇن ئادەتتىكى پالۋانلارمۇ ئۇنىڭ قولىغا ئەسىر
چۈشتى . ھەرقانداق پالۋان مەيدانغا كىرسە ، ئۇنىڭ ئۇ مەخلۇقنىڭ بوينى ۋە
قولىغا چۈشۈپ ئالدىدا ئاجىز ۋە بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ مەخلۇق
مەيدانغا چۈشۈپ ، يەنە كۈچ سىنىشىشقا پالۋان چاقىردى . بۇ ئىشتىن بارلىق
لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشتى . ھېچكىم مەيدانغا كىرىشكە
پېتىنالمىدى . بۇ ئەھۋالدىن ئىسكەندەر تىت ـ تىت بولماقتا ئىدى . دۈشمەن-
نىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئىسكەندەرمۇ ئۆز پالۋانلىرىغا مەيدانغا چۈشۈشكە
بۇيرۇق بىرەلمىدى . ئۇ ۋەھشىي دىۋە سۈپەت مەخلۇق بۇ تەرەپكە قاراپ ھەر
خىل ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلماقتا ئىدى . ئىسكەندەر بۇ يەردە نومۇستىن
يېرىلغۇدەك بولدى . يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ئەن-
دىشە قاپلىۋالدى . «بۇ شۇمتەكلەردىن بىرى مەيدانغا چۈشۈپ مۇنچە ئىشلارنى
قىلدى . ئەگەر ھەممىسى بىراقلا باستۇرۇپ كەلسە قانداقمۇ قىلارمىز» دەپ
ئەنسىرىمەكتە ئىدى . ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە يۈز مىڭلىغان پىكىر ـ خىياللار
كەلمەكتە ئىدى . شۇڭا ئىسكەندەر ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ ، ئۇ مەخلۇققا سىي-
لىق ، سىپايە سۆزلەرنى قىلدى . لېكىن ئۇ مەخلۇق پەيلىدىن يانماي

بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ نەرە تارتىشقا باشلىدى .

دەل شۇ چاغدا بىر چەبدەس پالۋان ئات ئوينىتىپ مەيدانغاچۈشتى . ئۇ يۈزىگە چىن ئېلىنىڭ نىقابىنى تارتقانىدى . گويا كۆك ئاسماندىكى قۇياشتەك كۆك تۆمۈر ئىچىگە غەرق بولغانىدى . ئاسماندىكى ئايدەك ، يەردىكى سىمابتەك جەۋلان قىلماقتا ئىدى . ئۇ ئېتىغا چىن يۇپۇقنى يېپىپ ، قولىدا يىلاندەك چىرماشقۇچى سالمىنى ئوينىتىپ ، دۇبۇلغىسى ئۈستىگە چىنچە پۆپۈك چىگىپ ، ئات چاپتۇرۇپ ، مەيداندا قان تۆكۈش ھۈنەرلىرىنى نامايان قىلدى . ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ مەخلۇققا قاراپ ئېتىلدى . لېكىن ئۇنى ئىسكەندەر باشلىق سىپاھ ۋە لەشكەرلەردىن ھېچكىم تونۇمىدى . بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ياش جېنىغا ئىچ ئاغرىتىپ ، كۆڭلىدە ئاھ ئۇرۇشتى . بۇنداق زىبا يىگىتنىڭ دۇشمەن قولىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەت چېكىشتى . ئۇ « يىگىت » مەيداندا ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن شۇنداق تۇتۇشتىكى ، ئات ئايىغىدىن چىققان چاڭ ـ توزانلار پۈتكۈل ئاسماننى قاپلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ چەبدەسلىكى ۋە چاققانلىقى ، جەڭ ئىشلىرىدىكى ماھارىتى بىلەن دېۋىسىمان مەخلۇققا قورقۇنچ سالدى . ئىلمەكلىك تۈۋرۈكتىن ئۆزىنى پەم بىلەن ئاسراپ ، قارشى تەرەپكە ھە دەپ زەربە بېرىشكە باشلىدى . ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە خۇددى بۇ مەككار پەلەكتەك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ ، گاھ چاقپەلەكتەك چۆرگىلەپ ، گاھى ئالدى ـ ئارقىغا سۈرۈپ ، گاھ ھۇجۇم قد-لىپ ، گاھ ئۆزىنى ھىمات قىلىپ خېلى ئۇزۇن ئېلىشتى . قارشى تەرەپ بۇ « يىگىت » نىڭ چاققانلىقى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ ، تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى . « يىگىت » ئەپچىل پۇرسەتنى تېپىپ چىرماشقۇچ سالمىنى دۇشمەننىڭ بېشىغا تاشلىدى . سالما بېرىپ ، ئۇنى مەھ-كەم باغلىۋالدى . ئاندىن ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ ، ئۇنىڭ جىسمىنى قارا

تۇپراقا ئۆرۈپ، خارۇ زار قىلغان ھالدا، ئىسكەندەر تەرەپكە قاراپ سۆرەپ، تېنىنى ناتىۋان قىلدى. ئاتقا دەسسىتىپ، يارىلاندۇردى. ئىسكەندەر ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە «يىگىت» ئېتىدىن خۇددى قاۋۇل شىردەك سەكرەپ چۈشۈپ، تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئۇ مەخلۇقنى تۇپا ـ چاڭلار ئارىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ ئىسكەندەرگە تاپشۇردى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كۆڭلىنى غەم ـ ئەندىشىدىن پاك قىلدى. ئىككى تەرەپ جەڭ قىلىشنى توختاتتى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈپ، ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. جەڭنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن يۇيۇنۇپ پاك بولغاندىن كېيىن كەچلىك بەزمىنى باشلىدى. ئىسكەندەر بەزمىگە بۇگۈنكى جەڭدە دىۋە سۈپەت مەخلۇقنى تۇتۇپ، زەپەر قۇچقان زىبا «يىگىت» نى چاقىرىشنى بۇيرۇدى.

ئۇ «يىگىت» ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا بارلىق سورۇن ئەھلى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ۋە مەدھىيىلەرنى ئېيتىپ مۇبارەكلەشتى. ئىسكەندەر ئۇ «يىگىت» نىڭ بويىدىن قوچاقلىدى. «يىگىت» ئىسكەندەرنىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلدى، يۈزلىرىنى يەردە قويۇپ، ئىنائەتمەنلەرچە تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ھېسابسىز ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن لەئل ـ جاۋاھىرلارنى چاچتى.

— ئەي ۋەھشىيلەرنى ئۆۋلاپ، دۈشمەنلەرنى ئەسىر قىلغۇچى نىقابلىق يىگىت، — دېدى ئىسكەندەر ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن، — يۈزۈڭنى ئېچىپ، ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىلغىن. ھەممىمىز چىرايىڭنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمىز.

«يىگىت» يۈزىدىن نىقابنى ئالغانىدى، خۇددى يەر تېگىدىن قۇياش تۇغقاندەك بولدى. ئىسكەندەر ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا تونۇدى. ئۇ ئىسكەندەرگە خاقان تەقدىم قىلغان چىن قىزى، خوتەن گۈزىلى مەھرۇ ئىدى.

خاقان ئۇنى چىن ئەينىكى بىلەن بىللە ئىسكەندەرگە سوۋغات قىلغاندى. خاقان ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنى، مىسلىسىز يېقىملىق ئاۋازىنى، ساز چېلىشتىكى يۈكسەك ماھارىتى ۋە جەڭ ئىشلىرىدىكى ئاجايىپ شىجائىتىنى ماختاپ بەرگەندە، بۇ سۆزلەر ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا ئانچە خۇش ياقماي بۇ گۈزەل پەرىزاتقا پەرۋا قىلمىغانىدى. دەرۋەقە ئۇ ھۆر سۈپەت قىز ھۆسن ـ جامالدا تەرىپلىگەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. بىراق ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى كارامىتىنى تېخى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇ پەرىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. قاچانكى جەڭ بولۇپ، ئىككى قوشۇن قاتتىق تىركەشكەندە، مەيدانغا پىدا- كار بولۇپ چۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا ھۈنەر ـ ماھارەتلىرىنى ئاشكارا قىلماقچىدى. ئۇ بۈگۈن دەل پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئىسكەندەر- نىڭ قوشۇنىغا خەۋپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەيدانغا چۈشتى ـ دە، كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق، دۈشمەننى ئەسىر ئالدى. ئىسكەندەر خاقان تەقدىم قىلغان بۇ ئاپتاپ تەلئەت پەرىگە تەڭرىنىڭ بۇ قەدەر ئۇلۇغ خاسىيەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ياراتقۇچىغا شۈكرى ـ سانا، يارال- غۇچىغا ئاپىرىن ئېيتتى.

— جامالىغا نىقابىنى ياپسۇن، — دېدى ئىسكەندەر ئۇ پەرىگە پەرمان قىلىپ، — چۈنكى كېچىدە قۇياش تۇغمايدۇ. بۇ يەردە تۇرماي مېنىڭ خاس ھۇجرامغا كىرىپ ئارام ئالسۇن.

مەھرۇ گويا كى تۈننى يورۇتقۇچى شامدەك، ئىسكەندەرنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىسكەندەر بەزمىنى قىزىتىپ، مەي ۋە مۇزىكا ئارىلاشقان شادلىق سورۇنىنى بەرپا قىلدى. ئۇ كەيكاۋۇس ۋە رۇستەم قائىدىسى بويىچە زىياپەت ھازىرلاپ، مەي ئېچىشكە باشلىدى. ئىسكەندەرنىڭ مېڭىلىرى شارابنىڭ تەسىرى بىلەن قىزىشقا باشلىدى. مەي ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىنى ئىلىگە

ئالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ:

— بۈگۈن ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەن سەركەردىسى دىۋە سۈپەت باتۇرنى بەزمىگە ھازىر قىلىڭلار! — دېدى.

ئەسىرگە چۈشكۈچى ئېلىپ كىرىلدى. ئۇنىڭدەك قەددى ـ قامەت ۋە ھەيۋەتلىك قىياپەت ھېچكىمدە يوق ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ پۇتقول بەدەنلىرى باغلىنىپ، خارۇ زار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەزاسىدىن غول ۋە زەنجىرلەرنى ئالدۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭغا تەخت يېنىدىن ئورۇن بەردى. ناھايىتى كۆپ تائاملارنى كەلتۈرۈپ، نازۇ نېمەتلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلدى. جاملاردا مەي كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىچىمۇ خۇشال قىلدى. ساقىي بىر قانچە تۈۋەت يېنىش يېنىشلاپ مەي تۇتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىسكەندەرنىڭ ئىلتىپاتىدىن چەكسىز سۆيۈندى. بۇ كەيانىي قەدەھتىن ئۇنىڭ جىنىغا يۈز مىڭلارچە خۇرسەنلىك يۈزلەندى. ئۇ پالۋان ئىسكەندەر ھەربىر ئىلتىپات قىلغاندا بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا باش قوياتتى. ئىسكەندەرمۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا ئىلتىپات سىرتمىقىنى سېلىپ، باغلىۋالدى. ئۇ پالۋان مەي ئىچىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

— مەن ئەجدادىمدىن تارتىپ ۋەھشىيلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن. سىنىڭ مەدھىيە ـ ماختاشلىرىڭنى ئادا قىلىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بىراق ساڭا ئېيتىدىغان بىرلا سۆزۈم بار. ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ بايان قىلماقچىمەن.

— ھەرقانداق سۆزۈڭ ۋە ئارزۇيۇڭ بولسا، تارتىنماستىن ئېيتقىن، — دېدى ئىسكەندەر.

ئۇ ۋەھشىي پالۋان ساقىي ئۇزارتقان مەينى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز مۇددىئاسىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— سەن ماڭا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتىڭ، ساڭا قو-

لۈمدىن كېلىشچە، تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن. جانابىڭدىن بىردەم ئايرىلمايمەن ۋە ساڭا زىت كېلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. شۇنى بىلگىنكى، مەن بۇ يەردىكى مەخلۇقلارنىڭ پادىشاھىمەن. ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىپ ئاسرايمەن. سېنىڭ لەشكەرلىرىڭنىڭ چۈمۈلىلەرنى يەڭگەنلىكى ۋە سان جەھەتتە باياۋاندىكى چۈمۈلىلەردىن نەچچە ھەسسە زىيادە ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، سەندىن قوۋمغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزۈم مەيدانغا چۈشۈپ، سەن كۆرگەن ئىشلارنى سادىر قىلدىم. ئەمدى ماڭا بەخت - سائادەت يار بولۇپ، ساڭا ئەسىر چۈشۈپتىمەن. ماڭا سىياسەت قىلىچىنى سۇرمەستىن، بەلكى مۇنچىۋالا ئىنايەت ۋە ياخشىلىقلارنى قىلدىڭ. ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ ئوردامغا قايتىپ، ھايال ئۆتمەيلا يەنە ئالدىڭغا كېلىمەن. چۈنكى خەلقىم ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىم شۇ تاپتا ماڭا ھازا ئېچىپ، ماتەم بىلدۈرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارغا سېنىڭ مەردانىلىقىڭنى ۋە سېخىيلىقىڭنى ئېيتىپ، ھەممەيلەننى خۇرسەن ۋە خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ كېلەي.

ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ قايتىشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇ پالۋان يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك شىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە يۈرۈپ كەتتى. ئىسكەندەرنىڭ بۇ ئىشنى كۆرۈپ سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر قىسما بولۇپ قالدى. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن كۆڭلىدە بۇ ئىشقا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم سۆزلەشكە پېتىنالمىدى. ھۆكۈمالارمۇ بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ قېلىشتى. لېكىن ئىسكەندەر ئۇ خىل ئەندىشىلەرگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا شاد ۋە خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ بەخت - تەلەيى بېشارەت بەرگەن ئىشنى قىلغانىدى. شاھىنىڭ بۇ ئىشىدىن بەزمە ئەھلىنىڭ ھەربىرى بىر خىل گۇمان قىلماقتا ئىدى. ئۇلار خىلمۇ خىل ئەندىشىلەر بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ پالۋان يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەسىر ئېلىۋالغان پالۋانلارنىڭ

ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بىللە ئېلىپ كەلگەندى . ئۇ ئەسىرلەرنى ئىسكەندەرگە تاپشۇرۇپ ، قۇلىقىنى تۇتۇپ ، يۈزىنى يەرگە قويۇپ ، قۇللاردەك باش ئېگىپ تۇردى . ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالدىن ھەددى ـ ھېسابسىز خۇشال بولدى . ئۇ پالۋانغا ناھايىتى كۆپ ئىنئام ـ ئېھسانلارنى قىلدى . ئەسىرگە چۈشكەن پالۋانلارغا بەزمە سورۇنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . بۇ تەكلىپ مۇناسىۋىتى بىلەن ئىسكەندەر بۇ پالۋانلارغا نەزەر سالغانىدى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۈگۈن ئەسىرگە چۈشكەن پالۋانلارلا ئەمەس ، بەلكى ئىلگىرى دارا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا تۇتۇپ كېتىلگەن بارىق بەربەرىمۇ بار ئىدى . ئىسكەندەر ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئاندىن ھەممە پالۋانلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى ۋىسال شادلىقىدىن بەھرىمەن قىلدى . ھەممەيلەن ئۇچرىشىش خۇشاللىقىدا چۇرقىرىشىپ كېتىشتى . بۇ ئاخشام ھەممەيلەن خۇشال ـ خۇرام يەپ ـ ئىچىشىپ ، ئۇخلاپ قېلىشتى .

**ساقىينامە :**

ئاياقچى ، بۇ دەم تۇت ماڭا بىر ئاياغ ،
كى ھىجراندىن ئولدى مۇشەۋۋەش دىماغ .
زەمانى بولۇپ دەفئ قايغۇ ماڭا ،
مەگەر سائەتى كەلگەي ئۇيقۇ ماڭا .
مۇغەننىي ، سۇرۇدى ۋىسال ئەيلە ساز ،
كى ھىجراندا كۆپ تاپتى جانىم گۇداز .
ئانىڭدەككى ئول قەۋم تاپتى ۋىسال ،
ماڭا ھەم نەسىپ ئەيلەگەي زۇلجەلال .
نەۋائى ، ۋىسال ئادەمى كامىدۇر ،
ھەياتى ئەبەد ۋەسل ئەييامىدۇر .
قاچان ۋەسل تاپساڭ نەسىپ ، ئاسرادەم ،
ئەگەر بىردەم ئولسۇنكى ، تۇت مۇغتەنەم .



www.uyghurkitap.com

**مەجنۇننىڭ ھېكايىسى . ئۇ پىراق تېغىنىڭ ئېغىرلىقى تۇپەيلىدىن ئۆزىنى تاغدىن تاشلىماقچى بولدى . بىراق لەيلىنىڭ خېتى ئۇنىڭ قولىدىن ، خەت ئېلىپ كەلگۈچى كىشى كەمىرىدىن تۇتۇۋېلىپ ، ئۆزىنى تاشلىغىلى قويمىدى**

مەجنۇن نەچچە مەزگىل ئىشق ۋە پىراق ئوتىدا كۆيۈپ ، پىشىپ يۈردى . چۈنكى ئۇ لەيلىدىن ئايرىلىپ ، يارىدىن يىراقتا قالغانىدى . جۇدالىق دەردلىرىدىن ئۇنىڭ تېنى سىزىپ ، ياداپ كەتتى . پىراق تېغىنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ ئاجىز جىسمىنى باستى ، ئۇ يۈرىكىدە مۇھەببەت ئوتلىرىنىڭ يالقۇنجاپ كۆيگەنلىكى تۇپەيلىدىن بۇ غەملىك جېنىدىن تويغانىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ھىجران ئازابىدا چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى . جۇدالىق كۆلپەتلىرى ئۇنى ھالاك قىلىشقا يېقىنلاشقانىدى ، مەجنۇن ئاخىر بىر كۈنى نەجد تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقتى . ئۇ مۇشۇ تاغدىن ئۆزىنى پەسكە تاشلاش ئارقىلىق بۇ ئازابتىن قۇتۇلماقچى بولدى . ئۇ مۇشۇنداق قىلىشنى جۇدالىقتا ئەسىر بولغاندىن ، ھىجران ئازابىدىن كۆپ ياخشى دەپ بىلدى . ئۇ قىيا ئۈستىگە كېلىپ ئۆزىنى تاشلىماقچى بولۇۋاتقاندا ، بىر خەۋەرچى ئۇنىڭغا لەيلىنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلدى . ئۇ لەيلىنىڭ يازغان خېتىنى مەجنۇنغا بەردى . بۇ خەت ئۇنىڭ كۆيۈك ئازابىنى بىر ئاز پەسەيتتى . مەجنۇن ئۇ خەتنىڭ خۇشاللىقىدا ئۆز كۆڭلىنى ، تاغنى ۋە قىيانىمۇ ئۇنتۇدى . ئۆزىنى تاشلىماقچى بولغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى . ئۇ خەت مەجنۇننى ئۆلۈمدىن ساقلاپ ، ئۇنىڭ جېنىنى قوغداپ قالدى . مەجنۇن شۇ خەت بىلەن نەچچە يىل كۆڭلىنى خۇشال تۇتتى . چۈنكى ئۇ خەت مەجنۇننىڭ جېنىغا باغلانغانىدى .

بىر پارچە خەت ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالىغان يەردە ، ۋىسال پەيتى كىشىگە مەڭگۈلۈك ھايات بەخش ئەتسە ئەجەب ئەمەس .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ھېكمەت . ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستودىن : « يالغۇزلۇق جەم بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ . جامائەت ئارىسىدا بولۇش بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدۇ . شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ھېجران ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىپ ، ۋىسال مەدھىيىلىنىدۇ ؟ » دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى**

ئىسكەندەر دانىشمەن ئەرەستودىن مۇنداق سوئال سورىدى :

— ئەي ھېكىم ، جەمئىيەت غوۋغاسىغا ئارىلىشىشنى دانا كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمايدۇ . چۈنكى ئۇلار جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب دەپ قارايدۇ . شۇڭا ئەقىل ئەلدىن يىراقراق تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ . ئەقىل ـ ئىدراك ھېجرانغا مايىل بولىدۇ . بىراق نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ۋىسالنى بەك ياقتۇرىدۇ ؟

ئەرەستو چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ، ئىسكەندەرگە مۇنداق ھېكمەتلەرنى بايان قىلدى :

— ئەقىل گەرچە جامائەتكە ئارىلىشىشنى مەنئى قىلسىمۇ ، لېكىن ئىشق ساھەسىدە ئەقىلنىڭ ھۆكمى ئۆتمەيدۇ . چۈنكى ئەقىل ئىشقنىڭ دۈشمىنىدۇر . ئىشق ـ مۇھەببەت قايسى ئىشنى مۇۋاپىق كۆرسە ، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ئىدراك توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ . توسقۇنلۇق قىلغان تەقدىردىمۇ پايدىسى بولمايدۇ . خالايىققا ھەممە ئىشتا ئەقىل ـ ئىدراك شۇ قەدەر يولباشچى بولىدۇ . ئەمما ئۇلارغا ئىشق مۇھەببەت غوۋغاسى چۈشسە ، ئەقىل قوشۇنى ئىشق لەشكەرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا پايمال بولىدۇ . ئىشق بارچە ئىشتا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ . ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئايانكى ، ئىنسانغا جاندىن ئەزىزرەك نەرسە يوقتۇر . لېكىن ئىشق ساھەسىدە بولسا ئاشىقلار جانانىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇقراق ئەزىز بىلىدۇ . گەرچە جاندىن ئايرىلىش ئۆلۈمگە ئېلىپ بارسىمۇ ، لېكىن جاناندىن ئايرىلىش ئۆلۈمدىنمۇ يامانراق ئازابتۇر . بەدەن جاندىن

ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ كىشىنىڭ جىسمى ۋە تەبىئىتىگە ناھايىتى كۆپ مۇ-
شەققەتلەر يۈزلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۆز ھاياتىنى، جېنىنى شۇ قەدەر
سۆيىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئادەت بويىچە بىر كىشى يەنە بىراۋنى ئۆز
جېنى ۋە جىسمىدىنمۇ ئارتۇقراق سۆيسە ۋە ئەزىز بىلسە، ئۇنىڭ بىلەن دائىم
بىللە بولۇشنى ئىستىشى تەبىئىي. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆلۈمدىنمۇ
ئېغىرراق ئازاب دەپ بىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەرەستودىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ئا-
پىرىن ئېيىتتى.

**ئىسكەندەرنىڭ مەغرىب دىيارىنى ئالغاندىن كېيىن، رۇمغا قاراپ يۈرۈش قىلغىنىدا،**
**قىرۋان ناھىيىسى خەلقىنىڭ يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ زۇلمىدىن شىكايەت قىلغانلىقى،**
**ئىسكەندەرنىڭ بۇ بالا - قازا يوچۇقىنى ئېتىش ئۈچۈن، سېپىل لايىھىسىنى**
**تۈزگەنلىكى، ماھىر بىناكارلار ۋە ھەندەسە ( گېئومېترىيە ) نى پىششىق**
**بىلىدىغان تاشچىلارنىڭ ئوتتەك چاقناپ تۇرغۇچى ئۆلچەملەر بىلەن سېپىل**
**ئورنىغا رەڭ تۆكۈپ بەلگە سالغانلىقى، ئاتارۇتتەك نازۇك پىكىرلىك ئۇستىلار**
**ۋە زۇھەل كەبى ماھىر تۆمۈرچىلەرنىڭ گەج ئورنىغا ئېرىتىلگەن قەلەي -**
**قوغۇشۇن، ئاھاك ئورنىدا سىلىقلاپ يالتىرىتىلغان پولاتلارنى**
**ئىشلىتىپ، سېپىلنىڭ ئۇستىنى پەلەك**
**گۈمبىزىگە يەتكۈزگەنلىكى**

مۇبارەك پىكىرلىك كاتىپ قەغەز كاپۇرى ئۇستىگە سىياھ ئىپارلىرىنى
مۇنداق تۆكتى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر مەغرىب زېمىنىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. ئۇ ئا-
جايىپ دىۋە سۈپەت گۇرۇھىنىڭ ئەسىر بولغان جانلىرىغا ئىسكەندەرنىڭ
كەڭچىلىك ۋە مەرھەمەتلىرى ھىماتچى بولدى. ئۇلار ھەممىسى ئىتائەت قى-
لىپ، شاھىدىن يۇقىرىغىچە ھەممىسى ئىسكەندەرگە قۇل بولۇشنى قوبۇل

كۆرۈپ، پەرمانبەردار بولدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر:

— لەشكەرلەر چۇمۇلىلەرنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزۈپ، چۇمۇلە دەشتىگە قاراپ ئاتلانسۇن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ شۇنداق يوقاتسۇنكى، ئۇ دەشتتە چۇمۇلە تائىپىسىدىن بىرىمۇ تىرىك قالمىسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى.

— ئەي پەلەكتەك شەۋكەتلىك پادىشاھ، — دېدى دىۋە سۆيەت مەخلۇقلار. ئىلتىجا قىلىپ، — ئۇ چۇمۇلىلەر بىزنىڭ كۆزەتچى - قاراۋۇللىرىمىزدۇر. ئۇلار بولمىسا بىزنىڭ ماكانىمىز خەۋپ - خەتەردىن ئەمىن بولالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئاجايىپ - غارايىپراق. بىر ئويغانساق ئون كېچە - كۈندۈزگىچە ئۇخلىماي ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى قىلىمىز. ئەمما بىر ئۇخلىساق ئون كېچە - كۈندۈزگىچە ئويغانمايمىز. بۇنداق چاغدا بىز ھېچ نەرسىنى سەزمەيمىز. ئۇ چۇمۇلىلەر بىز ئۇيقۇغا كەتكەندە بىز قورغانغا كۆزەتچىلىك ۋە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدۇ. مەيلى ئوك، مەيلى سول تەرىپىمىزدىن بولسۇن ھېچقانداق مەخلۇقنى بىزگە يېقىن يولاتمايدۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چۇمۇلىلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بارماس بولدى. لېكىن ئالتۇن، كۈمۈشتىن پۈتكەن ئىككى تاغنى كۆرۈشكە بارماقچى بولدى. بۇ مۇددىئانى ئۇققان دىۋە سۆيەت گۇرۇھ ئىسكەندەرگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، بۇ خىيالنى قويغىن، ئۇ يەرگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردىن ئۇ تاغقا بارغۇچىلىك ئون كۈنلۈك مۇسابە بار. بىز ئۇ تاغنىڭ بار يېرىنى بىلىمىز. ئۇنى بېرىپ كۆرەلىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي يېنىپ كېلىمىز. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۇ يەردىن ھېچبىر مۇرادىنى ھاسىل قىلالماي ھەسرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن-

كەن . چۈنكى ئۇ يولدا بارغان كىشىگە زىيان ـ زەخمەت بەتكۈزىدىغان ھېسابسىز خەتەرلەر بار . يەتتە كۈنلۈك يولدا مۇتلەق سۇ تېپىلمايدۇ . ھېچقانداق گىياھنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ . ئەگەر ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئۇ زەھەرلىك گىياھتۇر . ئۇ يەردە ئوتتەك قىزىق شامال چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇ شامالنى « بادى سەمۇم » ( ھالاكەتلىك، قىزىق شامال ) دەپ ئاتىشىدۇ . بۇنداق شامال تېگىپ كەتسە يۈز جان بولغان تەقدىردىمۇ بىرى ئامان قالمايدۇ . يەنە قالغان ئۈچ كۈنلۈك يول پايانسىز دەشت ـ باياۋاندۇر . ئۇ دەشتتىكى يىلان ـ چايانلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابىنى تەڭرى تائالادىن ئۆزگە ھېچ كىشى بىلمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئىككى تاغنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ساقلايدۇ . ھەرقانداق ئادەملەرنىڭ كۆزى ئۇ يىلانلارغا چۈشىدىغان بولسا ، شۇ ھامان جان بېرىدۇ . ھېچكىم بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلالمايدۇ . بۇنداق بالايىئاپەتلەردىن سالامەت ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس .

ئۇلار سۆزلىرىنى مۇشۇ يەردە تۈگەتتى . ئىسكەندەر ئۇ تەرەپكە بېرىشتىن ۋاز كەچتى .

— بىزنىڭ ئۇ تەرەپكە بېرىشتىكى مەقسىتىمىز ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەمەس ، بەلكى تاماشا قىلىش ئىدى . ئەگەر ئۇنىڭ يولى بۇ قەدەر خەتەرلىك بولسا، ئۇ يەرگە بارمىغىنىمىز ياخشى ، — دېدى ئىسكەندەر بۇ تاماشىدىن يالتىيىپ .

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن بۇ يەردىكى خەلقلەرگە ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆز قورغانلىرىغا ياندۇردى . ئەمما ، ھەيۋەت ـ ھەشەمەت ئۈچۈن ئۇلاردىن بىرنەچچە كىشىنى مۇلازىم قىلىپ ، ئاسراپ ئېلىپ قالدى . ئۇلارنى ئۆز ئىشىكىنى ساقلاشقا قويدى .

ئەلقىسسە ، ئىسكەندەر مەغرىب زېمىنىنى ئېلىپ ، ئاۋات قىلغاندىن كېيىن ، يەنە شىمال تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى . بۇ يۈرۈشتىكى مەقسەت

www.uyghurkitap.com

تاغ ـ دەريا ۋە چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ، رۇم شەھىرىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. تۈركىي چىننىڭ پەرىسى، خوتەن كېيىكى مەيدانىغا كىرگىنىدە شىر، يولۋاسلارنى ئاجىز قىلغۇچى گۈزەل قىز مەھرۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتى ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ پەرىنىڭ چاچلىرى سىرتماق بولۇپ ئىسكەندەرنىڭ بويىنىغا چىگىلدى. ئىسكەندەر ئۇنى جان ـ جېنىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يول بويى مەھرۇ بىلەن مەي ئىچىشىپ، ئۆز ديارى بولغان رۇمغا خۇشال ـ خۇرام ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئىسكەندەر رۇس ۋە پەرەڭ ديارلىرىدىن ئۆتتى. ئۇ ھېچ يەردە توختىمىدى. مەغرىب زېمىنىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان بىر جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا بىر جامائەت پاراكەندە بولغان ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇلار نالە ـ زار قىلغان ھالدا ئۆز بېشىغا كەلگەن زۇلۇم ـ كۈلپەتلەرنى ئىسكەندەرگە بايان قىلدى:

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۇلار زار ـ زار يىغلاشقان ھالدا، — جاھاننى قولۇڭغا ئېلىپ، قەدىر ـ قىممىتىڭ پەلەككە يېتىپتۇ. جاھان مەملىكىتىگە، ئالەم خەلقىگە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئاۋات ۋە باياشاد قىپسەن. بىراق مۇشۇ ديارغا ئادالىتىڭ يەتمىدى. بۇ يەردىكى خەلقلەرنى خۇشال قىلمىدىڭ. بىز بىچارىلەر بۇ يەردە قاچانغىچە ئازاب ـ كۈلپەت چېكىمىز؟!

ئىسكەندەرنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىدى. رەھىم ـ شەپقەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— بۇ مەملىكەت نېمە ئۈچۈن ۋەيران بولدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى نېمىشقا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ؟

ئۇ بىچارىلەر جاۋاب بېرىپ، مۇنداق ئەرز قىلىشتى:

— بۇ يۇرتنىڭ بىر تەرىپى قىرۋان ناھىيىسى بولۇپ، بۇ جاي مەغرىب زېمىنىغا يېقىن. مەغرىب بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدا بىر تاغ بار. ئۇ تاغنىڭ

ئارقا تەرىپى ئاپەتلىك ماكاندۇر. ئۇ ئاپەت دىيارىنىڭ يىراقراق تەرىپى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك جايدۇر. ئۇ زۇلمەتلىك جاينىڭ بىر ئۇچى بۇ يەرگىچە سوزۇلغان. بۇ تاغ بىلەن زۇلمەت دىيارىنىڭ ئارىلىقىدا بىر دەشت بار. ھەر-قانداق يولباشچى ئۇ دەشتكە قاراپ يول يۈرۈپ باقمىغان. چۈنكى ئۇ دوزاخ دەشتىدۇر. يەجۇج ـ مەجۇجلەر تائىپىسى شۇ يەرگە ئورۇنلاشقان. ئۇلاردىن بىزگە بالايىئاپەتلەر يېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىز ھەر تەرەپلەرگە قاچىمىز. تەڭرى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قەھرى ـ غەزىپىدىن ئاپىرىدە قىپتۇ. نۇرغۇنلىغان شەھەرلەر ئۇلارنىڭ زەپتى ـ زۇلمىدىن ۋەيران بولدى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ئەقىل ھەيران، ئۇنى بايان قىلىشقا تىل ئاجىز. ئۇلار تولىلىقتا ھەددى ـ ھې-سابسىزدۇر. سانىغىلى ساناقمۇ يېتىشمەيدۇ. ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئۆز بەدەنلىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بويى بىر غېرىچ، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا ئون غۇلاچ كېلىدۇ. چاچلىرى ئۇلارنىڭ بەدىنىگە كىيىم بوپتۇ. ھەربىرىنىڭ قۇلاقلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىجىس جىسمىنى قۇلاقلىرى بىلەن يېپىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قول ۋە تىرناقلىرى دىۋىنىڭ قولى ۋە تىرنىقىغا ئوخشايدۇ. يىرگىنىشلىك يۈزلىرى بولسا سېرىق رەڭدە بولۇپ، يۈزىنىڭ تۈكلىرى خۇنۇك قىزىل رەڭدە، كۆزلىرى بولسا مايۇنىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار بۇرۇنلىرىنىڭ ئىچىنى تىلى بىلەن يالاپ، شۇنىڭدىن لەززەتلىنىدۇ ۋە خۇشال بولىدۇ. بەزىدە توڭگۇزدەك ئاغزىدىن ئىككى تال ئۇزۇن ئىلمەك چىشلىرىنى چىقىرىپ يەرلەرنى تىلغايدۇ. ئۇلار تىلغىغان يەردىن تاكى قىيامەتكىچە ھېچقانداق گىياھ ئۈنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزى ئىپىكىنىڭ ئۇچىدا بولىدۇ. سۆزلىسە پۈتۈنلەي ھاقارەتلىك گەپلەرنى قىلىدۇ. مەيلى ئەركىكى بولسۇن ياكى چىشىسى بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئەمچەكلىرى يەرگىچە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى تاغنىڭ ئىككى يۈزى شۇ قەدەر سىلىقكى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق گىياھ ئۈنمىگەن. تاغقا ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com

جانلىق يامشىپ چىقالمايدۇ. ئۇ ياندىن بۇ تەرەپكە ياكى بۇ ياندىن ئۇ تەرەپكە تاغ ئارقىلىق ھېچقانداق مەخلۇقات ئۆتەلمەيدۇ. بۇ تاغ كوھىقاپقا تۇتاشقان بولۇپ، بۇ قاپ تاغلىرىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. شۇ تاغنىڭ بۇ تەرىپىدىن بىر قىيالىق جىلغا پەيدا بولۇپ قالغان. بۇ جىلغا يەجۇج - مەجۇجلەرگە ئىمكان تۇغدۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار يىلدا ئىككى قېتىم ئاشۇ جىلغىدىن چىقىپ، خۇددى چۈمۈلىلەر توپىدەك يامراپ، بىزنىڭ شەھەر، يېزا، تاغۇ دەشتلىرىمىزنى خاراب قىلىدۇ. ھەددى - ھېسابىسىز زۇلۇم ۋە پاراكەندىچىلىكلەرنى سالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى بىلمىز، ئۇلار كېلىدىغان چاغدا، يۇرتنى تاشلاپ قاچىمىز، يىراق تاغ - دەشتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىمىز. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغاننى يەپ ۋەيران قىلىدۇ، مەيلى ئادەم، مەيلى مال - چارۋا، ئوت - خەسلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۇلارنىڭ تويماس نەپسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئىسكەندەر ئۇلاردىن:

— ئۇ تائىپىلەر سىلەر تەرەپكە قاچان كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى قانداق بىلىسىلەر، قانداق قىلىپ ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن قېچىپ كېتەلەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ بىچارىلەر جاۋاب بېرىپ:

— ئۇ مەخلۇقلار تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ ياققا قاراپ ھۇجۇم باشلىغاندا ئۇلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى پۈتكۈل ئاسماننى قاپلايدۇ. بىز بۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز - دە، ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىمىز، — دېدى.

— ئۇ ئىش يەنە قاچان يۈز بېرەر؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر.

— يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتسىلا ئۇلار يېتىپ كېلىدۇ.

ئىسكەندەر بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا تەدبىر قوللى-

نىپ ، ئامال قىلىشقا قىزىقىپ قالدى . ئۆزى لەشكەرلىرى بىلەن ئارامگاھ قىلىش ئۈچۈن ، ئۇ يەردىن مۇستەھكەم بىر ئورۇننى تاللاپ قويدى . ئۇ بىچارە كىشىلەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ ، ئىسكەندەرگە مۇنداق ئىلتىجا قىلدى :

— ئەي پادىشاھى ئالەم ، بۇ يەرگە ئورۇنلاشماڭ . ئۇ تائىپىلەرنى جاھان ئەھلىگە ئوخشاتماڭ . ئەگەر ئۇ خەۋپتىن بىرى يېتىپ كەلسە ئۇنىڭغا يۈزلىگەن ، ھەتتا مىڭلىغان لەشكەرمۇ دال بولالمايدۇ . ھالبۇكى ، ئۇلاردىن يۈز تۈمەنىمىڭ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق گورۇھ كېلىپ ، بۇ مەملىكەتكە تولۇپ كېتىدۇ . ئۇلار ئەل قىىننى ئىچىشكە تەشنا بولۇپ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى غەزەپ قاپلايدۇ . گەرچە بىز بۇ دۇنيادا ھالاۋەت كۆرۈپ باقمىغان بولساقمۇ ، لېكىن باشقىلارنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىنى كۆرۈشنى خالىمايمىز .

— بىز ئۈچۈن قايغۇرماڭلار ، — دېدى ئىسكەندەر ئۇلارغا ، — لېكىن سىلەر بۇ يەردە تۇرماي ، نەرسە - كېرەكلىرىڭلارنى دەرھال توشۇپ ، ھېچ نەرسە قويماي ئېلىپ كېتىڭلار . مەن بۈيۈك تەڭرىگە تەۋەككۈل قىلىپ ، ئۇ تائىپىلەرگە چارە كۆرىمەن .

ئۇلار ھەممىسى بۇ يۇرتنى تاشلاپ كۆچۈپ كېتىشتى . ئىسكەندەر قوشۇنلىرى بىلەن كۆچمەي قېپقالدى . ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى چوڭقۇر ، تىك ۋە ئاغزى ئوچۇق خەندەكلەرنى قازدى . ئىسكەندەر پەرەڭ ، رۇم ، رۇس ، سام ۋە باشقا جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇ يەرلەردىكى بارلىق ماھىر ئۇستىلار ، يەنى تاشچىلار ، ياغاچچىلار ، مىسكەرلەر ، تۆمۈرچىلەر ، بىناكارلار ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن ھۈنەرۋەنلەرنى ئەسۋاب - سەرەمجانلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى . پەرمان بويىچە پۈتكۈل ھۈنەرۋەنلەر ۋە ماھىر ئۇستىلار يېتىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئەسۋاب - سايمانلىرىنىمۇ يۈزمىڭ تۆگىگە يۈكلەپ ئېلىپ كەلدى . ھەممە نەرسە ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى خالىغىنىدەك

تەييار بولدى. ئىسكەندەر ئۆزى ئاتلىنىپ، ئۇ تاغنىڭ ئېتىكىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن ئىككى مىڭ تاشچى ئۇستىنى تاغ ئېتىكىدىن تاش تاختايلارنى كېسىپ تەييارلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار تاغ باغرىدا تاشلارنى يونۇپ تاراشلاپ، تاش تاختاي ياساشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سېپىل سوقۇشنىڭ پۈتكۈل ئەسلىھە ۋە قورال ـ سايمانلىرى تەييار قىلىندى. بۇلارنى قىياس قىلىشقا ئەقىل ئاجىزلىق قىلاتتى.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندا، بىر قارا چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل دالىنى قاپلىدى. جاھان قاپقاراڭغۇ بولدى. بۇ يەجۇج ـ مەجۇجلەر كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئىسكەندەر پۈتكۈل خالايىقنى ئەتراپىغا خەندەك قېزىلغان بىخەتەر جايغا سولاپ قويدى. لېكىن قوشۇن ئىچىدىكى جەڭگە ماھىر پالۋانلاردىن بەش مىڭ كىشىنى ئۇ تائىپىلەرگە ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تاغ باغرىدا يوشۇرۇپ قويدى. خەندەك ئېغىزىنى ساقلاش ئۈچۈن ئون نەپەر دىۋە سۈپەت مەغرىبلىكنى ئورۇنلاشتۇردى.

دەل شۇ چاغدا يەجۇج ـ مەجۇجلەر گۇرۇھ ـ گۇرۇھ، توپ ـ توپ بولۇپ تاغ ئارقىسىدىن چىقتى. ئۇلار پۈتكۈل تاغۇ دەشتنى قاپلاپ كەتتى. شۇ چاغدا يوشۇرۇپ قويۇلغان پالۋانلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىدىن زېمىن تىترەپ كەتتى. پالۋانلار بۇ تائىپىلەرگە شۇنداق ئۇرۇلدىكى، ھەددى ـ ھېسابسىز تائىپىنى تىغ ئاستىدا ھالاك قىلدى. يەجۇج ـ مەجۇجلەر بۇ پالۋانلارنىڭ غالىب كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئۇلارغا قاراپ يۈگۈرۈلدى. گويا دەرياغا شاۋقۇن چۈشكەندەك بولدى. ئۇ مەخلۇقلار پۈتكۈل تاغ ۋە تۈزلەڭلىكنى قاپلاپ كەتتى. شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ بولدىكى، ئۇلاردىنمۇ نۇرغۇنى ھالاك بولدى. پالۋانلاردىنمۇ بىر مۇنچىسى نابۇت بولدى. لېكىن ئۇ تائىپىلەر باغانسىرى قەھرى ـ غەزەپكە كې-

لىسپ ، قىلىچتەك ئىتتىكلەپ كەتتى . پالۋانلارنى ئاتلىرىدىن يىقىتىپلا ئۇلارنى ئېتى بىلەن قوشۇپ ئولاش – چولاش يەۋېتەتتى . ئۇ تائىپىلەر ئايرىپ ئولتۇر- ماستىن يىقىلغانلا جانلىقنى يەيتتى . ئۆز تائىپىسىدىكىلەر يىقىلسىمۇ ئوخشاشلا تالىشىپ يەپ تۈگىتەتتى . كەچ بولدى . پالۋانلار ئاخىر ئۇلاردىن قېچىپ ، خەندەك بىلەن قورشالغان جاي ئىچىگە كىرىۋالدى . يەجۈج – مەجۈجلەر پالۋانلارنى قوغلاپ خەندەك ئېغىزىغا كەلگەندە ، دىۋە سۈپەت پالۋانلار ئۇلار- نىڭ ئالدىنى توستى . بۇ دىۋە كەبى پالۋانلار ھىيلە – مىكىر ئىشلىتىپ ، ئۇ تائىپىلەرنى جەڭ قىلىشتىن ۋاز كەچتۈردى . يەجۈج – مەجۈجلەر تاغ ۋە سەھرالارغا يېيىلدى . ئۇلار خەندەك ئەتراپىنى ئايلىنىپ تاڭ ئاتقۇچە غوۋغا سالدى . ئۇلار ئېغىزلىرىدىن غالجىر ئىتتەك شالىسىنى ئېقىتاتتى . ئۇلارنىڭ سانى يەنىلا ئىتنىڭ تۈكىدىنمۇ كۆپ ئىدى .

پالۋانلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . ئىسكەندەر بۇ جەڭدە غايىب بولغان پالۋانلارغا مۇسىبەت تۇتتى . ئۇ ئۆزى قىلغان بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلدى . لېكىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيتتى . ئىسكەندەر بۇ دىشۋارچىلىق ئىچىدە ئىنتايىن پەرىشان بولدى . ئەمما ئۇ تائىپىلەرگە تەدبىر قوللىنىشقا ھېچقانداق ئامال تاپالمىدى .

— بىر نەچچە كۈن بۇ يەردە سەۋر – تاقەت قىلىپ تۇرايلى ، — دېدى ئىسكەندەر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ ، — قىلىدىغان ئىشنى ئالدىرىماي ئويلىشايلى . بۇ شۇم لەنىتى يەجۈج – مەجۈجلەر بەلكىم بۇ يەردىن يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشى مۇمكىن . شۇندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ بىر ئىلاجىنى قىلايلى .

ئەھۋال ئىسكەندەرنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى . يەجۈج – مەجۈجلەر يې- مەك – ئىچمەكتىن قىسىلىپ ، ھەممىسى كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا ياندى .

ئۇلار جىلغىغا پېتىشمىغان ھالدا قىستىلىشىپ يۈرۈپ، تاغ ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاۋارىچىلىك ئەمدى ئۇ تائىپىلەرگە يۈزلەندى. زامانە ئىسكەندەر پۇقرالىرىغا زۇلۇم سېلىشنى ئۇنتۇدى.

ئىسكەندەر بارلىق دانىشمەنلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئاتلاندى. ئۇستىلار بىلەن كېڭەش ـ مەسلىھەت قىلغاچ، ئۇ تاغ جىلغىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەيۋەت قەد كېرىپ تۇرغان ئىككى تاغنى كۆردى. بۇ تاغ خۇددى خالايىقنىڭ ئېيتقىنىدەك تىك ۋە خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار تاغ ئارىلاپ مېڭىپ، بۇ جىلغىنىڭ ئەڭ تار يېرىنى تاپتى. تاناپ سېلىپ ئۆلچەپ كۆرگەندى، ئون مىڭ گەز ① چىقتى. مۇنەججىملەر ياخشى سائەتنى تېپىپ چىقتى. ئىسكەندەر دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ سېپىلغا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ئەسۋاب ـ سايمانلارنى بۇ يەرگە تۆكتۈردى. ئىسكەندەر ئىش باشلاشنىڭ ياخشى سائىتىدە سېپىل ئورنىغا رەڭ تۆكۈپ، بەلگە سېلىپ، سېپىلنىڭ ئۇلىنى تۇنجى بولۇپ ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەردى. مىڭ ئورۇندا دۇكان راسلىنىپ، كوررەكلەرنى بېسىپ، سېھىر ـ ھېكمەتلەر بىلەن ئىش ئېلىپ بارماقتا. ئۇستىلار گەج ئورنىدا ھەپتجۇش ② لارنى ئېرىتمە قىلىپ، سېپىل قىلماقچى بولغان يەرگە تۆكۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش تاختايلارنى باسماقتا ئىدى. مانىيدەك ئۇستا بىناكار ئۇستازلار تاشلارنى قىرى ـ قىرىغا كەلتۈرۈپ ھەپتجۇش ئۈستىگە تىزاتتى. بۇ سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون مىڭ گەز، كەڭلىكى بەش يۈز گەز ئىدى. سېپىل ئۈستىدە تۆمۈردىن لاي ئېتىدىغان مىڭلىغان تۆمۈرچىلەر ۋە باشقا ئۇستىلار تىنىمسىز ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇلار

---

① گەز ـــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ھەر بىر گەز تەخمىنەن بىر مېتىرغا تەڭ.

② ھەپتجۇش ـــ يەتتە خىل مېتاللىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن مېتال (قېتىشما)، ئەبجۇش.

تاش تاختا ۋە ھەيتجۇشتىن بۇ سىپىلنى شۇ قەدەر پۇختا ياسىدىكى ، بىر قىل پاتقۇدەكمۇ يوچۇق قالدۇرمىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەمچىلەرنىڭ ۋە ياردەمچىلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى . ئۇلارنى قىياس قىلىپ بولغىلىمۇ بولمايتتى .

نەچچە مىڭ سەنئەتكار ئۇستازنىڭ زور تىرىشچانلىقى ، جاھان خەلقىنىڭ ئالتە ئايغىچە كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلىشى نەتىجىسىدە بۇ « سەددى ئىسكەندەرىي » ( ئىسكەندەر سېپىلى ) ياسىلىپ پۈتتى . تارىخچىلار مۇنداق دېيىشىدۇ : ئۇ سېپىل ئۈچ يۈز قېرى ئېگىزلىكتە قىلىپ ياسالدى . بۇ تەرەپتىن سېپىل ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن ، سېپىلنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىككى چوڭ پەلەمپەي ياسالدى . ئۇ پەلەمپەيلەر خۇددى تاغدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . سېپىلنىڭ كۈنگۈرىلىرىنى مىس ، قەلەي ، قوغۇشۇن ، چويۇنلارنى ئېرىتىپ قۇيۇپ ، پۇختىلاپ ياسىدى . قاراۋۇللارنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن سېپىل ئۈستىدە ئىككى ئۆي ياسىدى . ئۇ ئۆيىنىمۇ پۈتۈنلەي تاش تاختايلار بىلەن تۆمۈر لايلاردىن پۈتكۈزدى . يەجۇج ـ مەجۇجلەر ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇش ئۈچۈن سېپىل ئۈستىگە شۇ قەدەر كۆپ ئۇيۇل تاشلارنى توشۇدىكى ، ئۇنى بايان قىلىشقا ئەقىل ئاجىز ، تىل ناقىس ئىدى . ئىسكەندەر سېپىل ئۈستىگە قاراۋۇللۇق قىلىش ئۈچۈن نەچچە يۈزلىگەن پالۋانلارنى تەيىنلىدى .

ۋاقىتىكى ، ھەممە ئىش تەييار بولدى . ئىسكەندەر سەجدە قىلىپ ، تەڭرىگە شۈكرانە بەجا كەلتۈردى . دەل شۇ چاغدا يەجۇج ـ مەجۇجلەر تاغۇ دەشتلەرنى لەرزىگە سېلىپ ، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى . ئۇلار كۆز ئالدىغا بۇ ھەيۋەتلىك سېپىلنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، چىشلىرى بىلەن غاجىلاپ ، تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ باقتى . قانچە قېرىشقان بولسىمۇ ھېچبىر پايدىسى بولمىدى . ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كەتتى . پەرمانغا بىنائەن ئىسكەندەر

لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ بېشىغا تاش ياغدۇردى. ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۇزۇلۇپ، خۇددى تاشنەك يەرگە تۆكۈلدى. پەرياد ـ پىغانلىرى پەلەككە يەتتى. لېكىن بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمىدى. تىرىك قالغان تائىپىلەر ئاخىر جانلىرىنى ئېلىپ قېچىشتى. ئۇلار خۇدانىڭ بەندىلىرىگە سالغان زۇلۇملىرىنىڭ جازاسىنى كۆردى. كىشىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا پەلەكتىن ئەنە شۇنداق تاش ياغىسا، بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگۈلۈك ئەمەس. يەجۈج ـ مەجۈجلەر شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە نۆۋەت كەلگەن بولسىمۇ، ئەدىبىنى يەپ، ئاخىر بۇ تەرەپكە قاراشنى خىيالغا كەلتۈرمەيدىغان بولۇشتى.

ئىسكەندەر يەجۈج ـ مەجۈجلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بۇ سېپىلنى سېلىپ پۈتكۈزدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، سىپاھلىرى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى ياد ئېتىپ يولغا چىقتى. نەچچە كۈنلەپ چۆل ـ باياۋانلار ۋە تاغۇ دەشتلەردە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر رۇم شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆز تەختىدە ئورۇنلاشتى. **ساقىينامە:**

كەتۈر، ساقى، ئول جامى تەقۋى شىكەن،
كى كۆڭلۈمگە تۈشمىش ھەۋايى ۋەتەن.
تىلەرمەن كېزىپ رۇبئى ئەتلالنى،
دېسەم رەنجى غۇربەتدەغى ھالنى.
مۇغەننىي، چۇ تاپتىم مەقامىمدا كام،
تۈزەت كام ئىلەسەن داغى بىر مەقام.
قىلىپ فەھم ئول ئاھەڭگىنىڭ رەڭگىنى،
يانا تەرك ئېتەي سەير ئاھەڭگىنى.
نەۋائى، ۋەتەن بولدى مەنزىل ماڭا،
بۇ مەنزىلدىن ئەمما نى ھاسىل ماڭا.
كى ھەركىمكى بار ئېردى يارۇ قەرىن،
بولۇپدۇر ئەدەم سارى غۇربەتگۇزىن.

## پادىشاھنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن قەسرىگە ئەسىر بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ بۇزۇق ئۇۋىسىدىن ئورۇن ئالغان ۋە بايقۇشنىڭ ۋەيرانە ئىچىدىن راھەت-پاراغەت خەزىنىسىگە ئېرىشكەن بىر كەپتەرنىڭ ھېكايىتى

مەن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىدىم:

بىر خەۋەرچى كەپتەر بار ئىكەن. ئۇ بىر ئاشقىنىڭ خېتىنى مەشۇقىغا يەتكۈزىمەن دەپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، غۇلاچلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىكەن. تۇساتتىنلا بىر پادىشاھ ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇپ تۇتۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى مەجرۇھ قىلىپ، ئۆيىگە سولىۋاپتۇ. پەلەكنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ كەپتەر بىرنەچچە يىل سولاقتا يېتىپتۇ. گەرچە ئۇنىڭ سولانغان جايى جەننەتتەك گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەپتەرنىڭ نەزەرىدە زىنداندىنمۇ بەتتەررەك ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ كەپتەر پادىشاھنىڭ قەسرىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇشال-خۇرام ھالدا ھاۋادا پەرۋاز قىلىپتۇ. ئۆزىنىڭ دىيارىنى ئىزدەپ، تەرەپ-تەرەپلەرگە نەزەر سېلىپ، كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپتۇ. نەچچە كۈنلۈك يولنى بىردەمدىلا بېسىپ، ئۆز دىيارىغا يېتىپ كەپتۇ. لېكىن دەۋران زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ يۇرتى ئۆزگىرىپ ۋەيران بولغانىكەن. كەپتەر بۇ يەرگە مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتتە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۆيىنى تاپالماپتۇ. لېكىن كەپتەر ئۇچۇشتىن قانات ياپماستىن، ئۆز ئۆيىنىڭ خارابىسىنى ئىزدەپتۇ.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تام ئۈستىگە دانلارنى چېچىپ، ئۇ كەپتەرنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، تالايلىغان قاپقان-تۇزاقلارنى قۇرۇپتۇ. ناھايىتى كۆپ تىرىشىپ بېقىپتۇ. لېكىن كەپتەر ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ ئىلتىپات قىلماپتۇ. توختىماستىن قانات قېقىپ نەچچە نۆۋەت دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ، ئۆز ئۇۋىسى-

نىڭ تېمىسىنى ئىزدەپتۇ . ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئىزدەپ ، ئاخىر بۇزۇلغان ئۆۋىسىنىڭ تېمىنى تېپىپتۇ ـ دە ، ئۇ يەرگە قونۇپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆ-مۈپتۇ . ئۇ كەيتەرگە تونۇشلۇق بۇ ۋەيرانە ئۆۋا شاھنىڭ ناتونۇش ئالتۇن قەسىرىدىن مىڭ مەرتە ئەلادۇر . ھەقىقەت كۆزى بىلەن نەزەر سالىدىغان بول-ساڭ ، قۇشلار ئۈچۈن ياقۇت ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن قەپەستىن تىكەن ـ چاتقاللار بىلەن ئورالغان ئۆز ئۆۋىسى ياخشىدۇر .

**ھېكمەت . ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن : « كىشىلەر تەبىئىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە مۇرادىغا يېتىشى ۋە ئۆزى كۆنۈپ قالغان تونۇشلۇق ئورۇندا ئارام تېپىشىنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ »**
**دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ، ئەرەستۇنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق دەپ سورىدى :

ـــ قەيەردە راھەت ـ پاراغەتلىك گۈزەل قەسىر ـ ئايۋانلار بولسا كى-شىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭغا مايىل بولۇشى كېرەك ئىدى . بىراق تەپەككۇر قىلىپ كۆزىتىپ باقسام ، ئادەملەرنىڭ بۇنىڭغا خۇشى يوقكەن . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىنداندەك ۋەيرانە كۈلبىسى بولغان تەقدىرىدىمۇ ئۇنى شاھ قەسىرىدىن ، ھەتتا جەننەت بېغىدىنمۇ ئەلا بىلىدىكەن . بۇنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتىنى بايان قىلىپ باقساڭ .

ئەرەستو بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى :

ـــ دانالار بۇ ھەقتە خىلمۇ خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىدۇ . لېكىن ئەڭ ئۆتكۈر ۋە نازۇك پىكىرلىك ھۆكۈمالار بۇ ھەقتە مۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلگەن : ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىگە ئەدەتلىنىپ قالسا ، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ . ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان خۇشال بولىدۇ . گادايلار ئۆزى ئادەتلىنىپ قالغان ۋەيرانە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارنى ئارزۇ قىلىدۇ . شاھلار بولسا قەسىر ـ ئايۋانلارغا مايىل كېلىدۇ . بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق . ھەرقانداق كىشىنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىنى ئادەت قىلغان بولسا ، ئۇ ئادەت كۆپەيگەنسېرى ۋە كونارغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ

تەبىئىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلى، مىجەزى ۋە تەبىئىتى دەل ئۆز تەبىئىتىگە تارتىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارى ئەمەس، بەلكى تەگرىنىڭ قىسمىتىدۇر. شۇڭا بىر ئورۇنغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشى ئۇ يەردىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ يەرگە قانچە كۆنۈپ قالغان بولسا، شۇنچە ئېچىكىپ كېتىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. ئۇنىڭغا ئۆز تەبىئىتىنىڭ مايىللىقىدىن ئۆزگە چارە يوق.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئەرەستودىن مەمنۇن بولدى.

**ئىسكەندەرنىڭ قۇياشتەك جاھانگىرلىك قىلغاندىن كېيىن، دەريالارنى بويسۇندۇرۇش**
**ئۈچۈن، ئارزۇ كېمىسىگە چىقىپ، ھەۋەس يەلكىنىنى تارتقانلىقى، ئۇنىڭ ھۆكۈمالار**
**بىلەن بىرلىكتە رۇم دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ئالەم مەملىكىتىنىڭ ماھىر ياغاچچىلىرىنى**
**يىغىپ، ئۇلارغا كېمە ياساش ھەققىدە پەرمان قىلغانلىقى، ھىلال ئايدەك ئەگىم**
**كېمىلەردىن ئۈچ مىڭ دانىسى ياسىلىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇ كېمىلەرنى**
**پالاقلار بىلەن خۇددى قاتتىق يايدىن چىققان ئوقتەك تېز**
**يۈرگۈزگەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ ئۇ كېمىلەردە ئولتۇرۇپ سۇ**
**سەھىپىلىرىدىكى دولقۇن خەتلىرىدىن دېڭىزلار**
**زەپەرنامىسىنى ئوقۇغانلىقى**

بۇ دېڭىز ئىچىدىكى گۆھەر چاچقۇچى غەۋۋاس سۆز ئۈنچىلىرىنى مۇنداق ئاشكارىلىدى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر پۈتكۈل ئالەمنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئۆز مەملىكىتىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. نەچچە كۈنگىچە ئۆز ۋەتىنىدە شادىمان بولۇپ، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە شاد - خۇراملىق بەزمىلىرىنى قىزىتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇياشتەك چېھرىسى بىلەن ئۆز يۇرتىنى شەرەپ بۇرچىدەك نۇرلاندۇردى. پۈتكۈل ئالەم ئەھلى شاد - خۇراملىققا ئېرىشىپ، راھەت پەيزىنى سۈردى. بولۇپمۇ رۇم خەلقى بۆلەكچە شادىمانلىق كەيپىياتىغا چۆمدى. ئۆلار بىر - بىرلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئاپىرىن ئېيـ

تىشتى .

ئىسكەندەر بىر مەزگىل كۆكۈلگە ئارام بەرگۈچى گۈزىلى بىلەن بەزمە تۈزۈپ ، مەي ئىچىپ ئارام ئالدى . بىر كۈنى ئۇ كۆكۈل ئىچىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىدا ئىسگە مۇنداق خىيال كېلىپ قالدى : « قادىر ئىگەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشى بىلەن جاھانگىرلىك ھەۋىسىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ، يورۇش قىلىش ئارقىلىق جاھاننى قولۇمغا ئالدىم . جاھاننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاجايىپ - غارايىباتلىرىنى ، ئاجايىپ جانىۋارلار ، غارايىپ ئۆسۈملۈكلەر ، قىسما - قىسما ئېسىل كان ۋە مەدەنلەر ۋە ھەرخىل - ھەر قىسما نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم . تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن يەر يۈزىدە مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى نەزەرىمدىن ئۆتكۈزۈپ ، تاماشا قىلدىم . لېكىن دەريادا سەيلە قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ يەردىكى ئاجايىباتلارنى تاماشا قىلالمىدىم . ئېتىشلارغا قارىغاندا ، دەريا كانلىرىدا ، ئاراللاردا ناھايىتى ئاجايىپ نەرسىلەر بار ئىكەن . دېڭىز تېگىدىمۇ ھەددى - ھېسابسىز مەخلۇقاتلار بار ئىكەن . ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەقىل قىياس قىلىپ بولالمايدۇ . تەڭرى جاھاننى ماڭا تەۋە قىلدى . ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلدى . پۈتكۈل جاھاننى ماڭا مەملىكەت قىلىپ ، مېنى ئۇنىڭغا پادىشاھ قىلدى . ماڭا ھەممە ئىشتا ئىقتىدار بەردى . شۇنداق تۇرۇپ مەن ئۆز مەملىكىتىمدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ، قانداق ئاجايىباتلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمىسام ، مېنىڭ غەپلەت دەرياسىغا غەرق بولغان باشقا كىشىلەردىن نېمە پەرقىم بولسۇن ؟ شۇڭا مەن بۇ يەر يۈزىدىكى قۇرۇقلۇق ۋە دەريالارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشۇم كېرەك . ئەگەر بەخت — دۆلەت ماڭا يار بەرسە ، سەپەرگە چىقىپ ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەممىدىن خەۋەردار بولىمەن . خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇقلۇقنى ساياھەت قىلدىم . ئەمدى ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىشى بىلەن سۇ ئۈستىدە سەيلە قىلىمەن . »

ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە يۇقىرىقىدەك ھەۋەس پەيدا بولغاندىن

كېيىن ، بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا يوقالمىدى . بۇ ئارزۇ ـ ھەۋەس ئۇنى بارغانسېرى ئىلگىگە ئېلىۋالدى . ئىسكەندەر بارا ـ بارا بۇ ھەۋەسنىڭ مەستانىسى بولۇشقا باشلىدى . شۇڭا ئىسكەندەر دانىشمەنلەرنى ۋە باشقا دۆلەت كاتتىلىرىنى يىغىپ ، بەزمە تۈزدى . ئاندىن بەزمە ئەھلىگە كۆڭلىدىكى بارلىق ئوي ـ خىياللىرىنى ئاشكارا بايان قىلدى . بەزمە ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ دەريا سەپىرىگە ھەۋەس قىلغانلىقىنى چۈشەندى . ئۇلار ئاردىدىن بىرەيلەن بۇنى مەنئى قىلىپ سۆزلىگەندى . ئىسكەندەر ئۇنى ناھايىتى چىرايلىق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا رەت قىلدى . شۇڭا دانىشمەنلەر بۇ ئىشتا ئاجىز بولۇپ ، رازىلىق بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىدى . ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ :

— تەڭرى كۆڭلۇڭگە بۇ ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى سېلىپتۇ . شاھا ئۆزى پاسىبان بولۇپ ، بۇ سەپەردە سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي ، — دېيىشتى .

ھەممەيلەن ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلىپ ، دەريا سەپىرىگە ماقۇل بولدى . ئىسكەندەر ئۇلاردىن ئىنتايىن خۇشال بولدى . ئۇ بارلىق ياغاچچى ئۇستىلارنى يىغىپ ، كېرەكلىك ئەسلىھەلەرنى تەييارلاپ ، ئۈچ مىڭ كېمە ياساپ چىقىشقا پەرمان چۈشۈردى . بۇ كېمىدىن مىڭنى ئىسكەندەر بىلەن ئۇنىڭ خاس ياردەمچىلىرى ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەرەم خادىملىرى ئۈچۈن ، يەنە مىڭ كېمىنى دۆلەت ئەركانلىرى ئۈچۈن ، سەككىز يۈز كېمىنى باتۇر پالۋانلار ئۈچۈن تەييارلاش بەلگىلەندى . ئىككى يۈز كېمىنى بولسا بازار قىلىشقا مۇۋاپىق قىلىپ ياساش ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ ھەرەم خادىملىرى ۋە خاس ياردەمچىلىرى ئۈچۈن ياسالغان مىڭ كېمە ئىچىدىن يۈز كېمىنى ناھايىتى چوڭ قىلىپ ياساش ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىر شەھەرلىك قىلىپ لايىھىلەش تاپشۇرۇلدى . شەھەر سىياقىدا قىلىپ ياسالغان چوڭ جاھازدىكى كېمىلەرنىڭ ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلالايدىغان بولۇشى ، ئۇ كېمىلەرنىڭ ھەربىرىدە مەھەللىلەر ، كوچىلار ، چاسۇلار ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بازارلار، ھويلا ـ ئاراملار، سارايلار، مەدرىسلەر، مەسچىتلەر ۋە باشقا لازىملىق ئورۇنلار بار بولۇشى بەلگىلەندى. يەنە ئۈچ يۈز كېمە تەييارلاش، ئۇنىڭ ھەر بىرىگە مىڭ كىشىلىكتىن قوشۇننى ئات ـ ئۇلاغلىرى، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى ۋە قورال ـ جابدۇقلىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇ كېمىلەرگە سەككىز يىلغىچە يەتكۈدەك يەم خەشەك ۋە كېرەكلىك ئەسلىھەلەرنى قاچىلاش بۇيرۇلدى. تاسادىپىي قۇرۇقلۇقتا يۈرۈشكە دۇچ كېلىپ قالغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن، يەنە ئىككى يۈز كېمە تەييارلاپ ئۇنىڭغا زاپاس ئات ـ ئۇلاغلارنى قاچىلاش ئۇقتۇرۇلدى. سۇ ئۈستىدە تاڭ شامىلىدەك تېز ماڭغىلى بولىدىغان كىچىك قولۋاقتىن يۈزنى ياساش، ھەيۋەت ـ ھەشەمەت ئۈچۈن ۋە زاپاس ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن زىننەتلىك كېمىدىن ئىككى مىڭنى ياساش بۇيرۇلدى. ئىسكەندەر بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، پۈتكۈل جاھان خەلقى ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. نەچچە مىڭ نەپەر تەڭداشسىز ماھىر ياغاچچىلار ياغاچ كېسىشكە تۇتۇش قىلدى. يەنە نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىش ئورنىغا توشۇماقتا ئىدى. بۇ ئىشنى ئىشلەيدىغان جاي رۇم دەرياسىنىڭ ساھىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. كامالەتكە يەتكەن ئۇستىلاردىن 10 — 15 مىڭچە كىشى يەنە شۇنچىلىك كۆپ شاگىرتلىرى بىلەن بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ھۈنەر ـ كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي تىرىشىپ ئىشلىدى. يەنە ئۈچ مىڭ كىشى ئىش ئۈستىدە تۇرۇپ ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئىشلەمچىلەر بۇ ساھىلدا شۇ قەدەر كۈچلۈك شەۋقۇن ـ سۈرەنلەرنى پەيدا قىلدىكى، گويا رۇم دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، شىددەتلىك قاينام ھاسىل قىلغاندەك بولدى. كىشىلەر شۇ تەرىقىدە 10 يىل ئىشلىدى. ئاخىرى ئۈچ مىڭ كېمە ۋە باشقا زاپاس كېمىلەر پۈتۈپ دەرياغا كىردى. بەلگىلىمە بويىچە كېمىگە نەچچە يىللىق يول راسخوتلىرىنى قاچىلاپ، ھەركىم نېمىنى خالىسا، شۇنى قالدۇرماستىن كېمىگە ئېلىپ چىقىپ جايلاشتۇردى. ئاندىن ھەممەيلەن ئۆز كېمىسىدە

بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئولتۇردى. كېمىلەر ئاجايىپ كۆركەم قىلىپ بېزەلدى.

ئىسكەندەر دەريا كەبى، ياق، بەلكى يۇكسەك ئاسماندەك ھەرىكەتلەنىپ ئوردىدىن چىقتى. ئۇ مەملىكەت ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلدى. ئاندىن قىپچاقلىغان ھەرەم بىلەن خوشلىشىپ، دەريا ساھىلىغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ ئېتىنى تېز ماڭدۇرۇپ، رۇم دەريا ساھىلىغا كەلگەندە تىزگىنىنى تارتىپ توختىدى. شۇ چاغدا ھۆكۈمالار ئۇستۇرلابنى ئېلىپ، سەپەرگە چىقىشنىڭ ياخشى سائىتىنى كۆرۈپ بېكىتتى. ياخشى سائەت يېتىپ كېلىشكە يەنە ئازراق ۋاقىت بار ئىدى. شۇڭا ھەممەيلەن يولغا چىقماي كۈتۈپ تۇردى. ئىسكەندەر ئۇزاتقىلى كەلگەنلەرگە قاراپ مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ئەي خالايىق، ھەممىڭلار مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغان ئىدىڭلار. بۈگۈن سىلەردىن ئايرىلىپ، يىراققا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولماقتا. گەرچە مەن ھازىر سىلەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرساممۇ، لېكىن مەن ھەممىڭلاردىن مىڭ مەرتە رازى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، سىلەردىن كۈتىدىغىنىم مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار. ھەر بىرىڭلارنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياكى بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ۋە ياكى يۇرت ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشقا تەيىنلىگەن بولسام، دائىم شۇنىڭ بىلەن بولۇڭلار. ئۇنىڭدىن تاشقىرىغا چىقماڭلار. مېنىڭ تاپشۇرۇقلىرىمنى كۆڭلۈڭلەردە مەھكەم ساقلاپ، ياخشى ئۆتۈڭلار، سالامەت بولۇڭلار. بىزنى پات - پات دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار. ھەممىڭلار بۇ خىزمەتنى ئۇنۇتماڭلار!

ئىسكەندەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پۈتكۈل خالايىقلارنىڭ پەرياد - پىغانلىرى پەلەككە يەتتى، كۆز ياشلىرى يۈزلىرىگە دەريادەك ئاقتى. ئۇلار

دۇئا قىلغان ھالدا ۋىدالىشىپ مۇنداق نىدا قىلىشتى :

— ھەر يەردە بولساڭ سالامەت بولغىن ، قەيەرگە بارساڭ تەڭرى ساڭا يار بولۇپ ، شاد ـ خۇرام بولغايسەن . بۇندىن باشقا ئاق ـ كۆك دېيىشكە بىزنىڭ ھەددىمىز يوق . ئەمدى بىزنىڭ ئايرىلغانلىقىمىز تۇپەيلىدىن غەم يېمەكتىن باشقا ئىشىمىز بولماس . تاكى جان تەندە بولسىلا ، سىنىڭ ئەمرىڭدىن تاشقىرىغا چىقمايمىز . بىز ساڭا دۇئادىن ئۆزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمىز .

دەل شۇ چاغدا ياخشى سائەت يېتىپ كەلدى . ئىسكەندەر ئۇستۇرلابقا قاراپ بۇنى بىلدى ـ دە ، دەرھال كېمىگە كىرىپ جايلاشتى . خالايىقنىڭ كۆز ياشلىرى باھار بۇلۇتىدىن چۈشكەن يامغۇردەك تۆكۈلدى . كېمىلەر تولۇپ ، ھەممەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، كېمىچىلەرگە يۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلدى . دەريا ھەرىكەتكە كەلدى . سۇ ئۈستىدە شۇنداق كاتتا بىر شەھەرىستان نامايان بولدىكى ، بۇنداق ئەھۋالنى زېمىن ۋە زامان كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئىسكەندەر شۇ تەرىقىدە يۈرۈش باشلىغىنىدا دەريانىڭ كۆكسى يېرىلىپ ، پارە ـ پارە بولدى . كېمىلەر سۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى . ئىسكەندەردىن ئىبارەت بۇ مېھمان دەريا ۋە دېڭىزغا كىرگىنىدە ، دەريا ۋە دېڭىزمۇ مېھماندارچىلىقتا تۇتۇش قىلدى . بارلىق سەدەپ ، گۆھەر ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلىرىنى ئاشكارىلاپ ، بۇ مېھمانغا چاچقۇ قىلدى . ھەممە بايلىقلارنى ئىسكەندەرگە پىدا قىلدى . بىراۋنىڭ ئەگەر مۇشۇنداق مېھمىنى بولسا ، ئۇنىڭغا جېنىنى پىدا قىلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ .

**ساقىينامە :**

ئاياقچى ، كەتۈر جامى مەي دۇر مىسال ،
كى بەھر ئىچرەدۇر شاھى دەريا نەۋال .
ماڭا تۇتكى ، چۇن نۇش ئەيلەي تەرەب ،

كى دەريا كەبى بولمىشەم خۇشك لەب .
مۇغەننىي ، تەرانە تۈزەت رىختە ،
ھەزىن رۇدىگە لەھنى ئامىختە .
كى ئەشكىمنى تۆككەي دۇرى نابدەك ،
بۇيۇرغاي ماڭا چەرخى گىردابدەك .
نەۋائى ، تەلەب قىل تەرىقى فەنا ،
كى سۇ ئۈزرەدۇر دەھر ئۆيىنگە بەنا .
كۆڭۈلنى بۇ ئۆي بىرلە شاد ئەيلەمە ،
ھۇباب ئۆيىگە ئېئتىماد ئەيلەمە .

**ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمالاردىن دەريا ـ دېڭىزلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سورىغانلىقى ، سوقراتنىڭ بۇ يۇملاق يەرنىڭ سەھپىسىدە سۇنىڭ قانداق ئورۇن تۇتقانلىقىنى شەرھىلىگەنلىكى ، دېڭىز ئەتراپىدا شاۋقۇن ـ سۈرەن سالغۇچى ، ياق ، بەلكى قانخورلۇق قىلغۇچى ، يەتتە زەڭگەر ئاسماندەك كۆپكۆك يەتتە بۈيۈك دېڭىزنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلغانلىقى ۋە بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئون ئىككى مىڭ ئارالنى سۆزلەپ ئۆتكەنلىكى ، سوقراتنىڭ دېڭىز ۋە سۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئەلنى ھەيران قالدۇرغانلىقى ۋە دەريالارنىڭ ماجىرالىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ساھىلنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى خۇددى دەرياغا ئوخشاش قاندۇرغانلىقى**

ئىسكەندەر دەرياغا كىرگەن كۈنى ھېكمەت ئەھلىنى يىغىپ ، مەجلىس ھازىرلىدى . بۇ مەجلىستە ئىسكەندەر بارلىق ھۆكۈمالارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ، خۇشال قىلدى . ئاندىن ئۇلارغا :

— دەريالارنىڭ ئەھۋالىنى ، دەريا ۋە دېڭىزلارنىڭ يەر يۈزىدە قانداق ئورۇن تۇتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېقىڭلار ، — دېدى .

— سوقرات بايان قىلسۇن ، — دېيىشتى ھۆكۈمالار ، — چۈنكى ئۇ ھېكمەت ئەھلىنىڭ ئۇستازى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىلىم ـ ھېكمەتتىن

پۈتكەندۇر.

ئىسكەندەر سوقراتقا ئىلتىماس قىلىپ، بۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— قۇدرەتلىك تەڭرى يەرنىڭ جىسمىنى يۇملاق شەكىلدە قىلىپ ياراتقان، — دېدى سوقرات سۆز باشلاپ، — لېكىن بۇ يۇملاق جىسىم سۇ ئىچىگە يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان قىسمىنى «جاھان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئاۋاتلاشقان ئاشۇ قۇرۇقلۇق ۋە تاغۇ دەشتىنى «رۇبئى مەسكۈن» (يەرنىڭ تۆتتىن بىرى) دەپ ئاتايمىز. بۇ قۇرۇقلۇقنى «مۇھىيت دېڭىزى» ناملىق بۈيۈك سۇ قورشاپ تۇرىدۇ. سۇ ئىچىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرۇقلۇقلار يەتتە ئىقلىمدۇر. بۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەربىرىنى يەنە ھەر تەرەپتىن بۈيۈك دېڭىز ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ پەلەكتەك بۈيۈك ۋە چەكسىز دېڭىزنىڭ ئەتراپلىرىدا يەنە يەتتە چوڭ دېڭىز بار. بۇ دېڭىزلار قۇرۇقلۇقلارغا ھەر تەرەپتىن قىستاپ كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئاۋات يەرلەردىن تارتىپ تاكى تاغۇ دەشتلەرگە قەدەر سوزۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىك دېڭىزلاردىن ئون ئالتىنىسى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باشقا ـ باشقا ئىسمى بار. بۇ دېڭىزلاردىن باشقا يەنە يەر يۈزىدە يۈزدىن ئارتۇقراق دەريالار بار. خالايىق بۇ دەريالاردىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كوھەك دەرياسى، ھىرات دەرياسى، نىل دەرياسى، فىرات دەرياسى قاتارلىقلار ئەنە شۇ دەريالاردىندۇر. بۇ دەريالاردىن ئالەم ئاۋاتلىشىپ، خالايىق باياشاد بولغاندۇر. بۇ دەريالارنىڭ مەنبەسى بولسا تاغ جەزىرىلەردىكى بۇلاقلاردۇر. ئۇلار ئاخىرى دېڭىزلارغا قۇيۇلىدۇ. يەتتە چوڭ دېڭىزدىن كۆپلىگەن شەھەرلەر ۋە قۇرۇقلۇق ـ ئاراللار ئاۋاتلاشقان. بۇ دېڭىزلار قۇرۇقلۇقلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن بىرى رۇم ۋە پەرەڭ دېڭىزىدۇر. سەن ھازىر مۇشۇ دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان لەھەڭنىڭ ئۆزىسەن. بۇ دېڭىزدىن ئالتە يۈزچە شەھەر، قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللار ئاۋاتلاشقان. ئىككىنچىسى، مەغرىب دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرى ئاۋاتلاشقان. ئاراللىرى مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئەتراپىنى سۇ

ئوراپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى، زەڭگى ۋە ھەبەش دېڭىزى. ئۇنىڭ چوڭراق
ئاراللىرى بىر مىڭ ئۈچ يۈزدىن ئاشىدۇ. بۇ ئاراللارنىڭ كىچىكلىرى ھەددى-
ھېسابسىز كۆپ. تۆتىنچىسى، ھىندى دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مىڭ
ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئاۋات ئارىلى بار. قۇلزۇم دەرياسى بىلەن ئۇممان دەرياسى
بۇ دېڭىزنىڭ ئادەتتىكى بىر شاخاپچىسىدۇر. بەشىنچىسى، چىن دېڭىزى
بولۇپ، ئۇنىڭ ئاراللىرى ئىنتايىن كۆپ. بىرمىڭ يەتتە يۈز ئارال ئۇ دېڭىزغا
خۇددى كۆز قارىچۇقىدەك ئورۇنلاشقان. بۇ ئاراللارنىڭ ھەممىسى ئاۋاتتۇر.
ئالتىنچىسى، دەۋاڭ دېڭىزىدۇر. ئۇنىڭ شەھەر ۋە ئاراللىرى ئىككى مىڭغا يې-
قىنلىشىدۇ. بۇ ئاراللار ناھايىتى ئاۋاتلاشقان بولۇپ، تۈمەن مىڭلىغان كېمىلەر
ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. يەتتىنچىسى، بولسا مەشرىق دېڭىزىدۇر. قۇياش
ئالدى بىلەن ئاشۇ دېڭىزنى يورۇتىدۇ. ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن ئاراللىرى بار. بۇ
ئاراللار جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئەتراپىدا. ئون ئالتە كىچىك دېڭىزنى ۋە
دەريالارنى تەپسىلىي دەپ بولۇش قىيىن. خەزەر دېڭىزى ئاشۇ كىچىك دې-
ڭىزلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن ئاراللىرى ۋە ھېسابسىز ئاجايىپ-
غارايىپ نەرسىلىرى بار. بۇ چوڭ-كىچىك دېڭىزلارنىڭ مەنبەسى «مۇھىيت
دېڭىزى» ناملىق ئاشۇ بۈيۈك دېڭىزدۇر. يۇقىرىقى دېڭىزلارنىڭ ھەممىسى
مۇشۇ بۈيۈك دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ بۈيۈك دېڭىزنىڭ شاۋقۇن
ساداسى ئالەمنى قاپلىغاندۇر. ئۇ شۇ قەدەر چەكسىز ۋە چوڭقۇركى، ئۇنىڭ
ئىچىگە يەتتە قات ئاسمان چۈشكەن تەقدىردىمۇ چۆكۈپ كېتىدۇ. مۇھىيت
دېڭىزى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئارالنى
ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بىراق بۇ دېڭىزدا غايەت چوڭ جانىۋارلار ياشايدۇ. ئۇ
جانىۋارلارنى تەسۋىرلەشكە ئادەمنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن بۇ يەردە
دەريا ۋە دېڭىزلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىچ-تېشىدىن قىسقىچىلا بايان قىلىپ
ئۆتتۈم. ئەگەر ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئارزۇ قىلغۇچىلار بولسا، شۇ جايلارغا بې-
رىپ سەيلە قىلىپ باقسا، ئەھۋال ئايان بولىدۇ.

ئىسكەندەر بۇلارنى ئاڭلاپ، سوقراتقا ھېسابسىز ئاپىرىن ۋە بارىكاللا

www.uyghurkitap.com

ئېيتتى . ئىسكەندەرنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ ، ئالدى بىلەن يەتتە چوڭ دېڭىزغا ، ئاندىن كېيىن « مۇھىيت دېڭىزى » غا يۈرۈش قىلىپ، سەيلە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . ئادەمنىڭ ھەممىنى ئاشقانسىرى ئۈنىڭ ھەممىتىدىن كۆرە غەپلىتى بەكرەك ئاشىدۇ . ئۆلۈم ھېچقانچە ئامان بەرمەستىن ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىرىدىغان تۇرسا ، ئارزۇ ـ ئارمان ئوتلىرىنى مۇنچىۋالا تۇتاشتۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بولار ؟!

**مەشرىقتە خەزىنىگە ئېرىشكەن بىر ئادەمنىڭ ھېكايىتى . ئۇ كىشى مەغرىب خەزىنىسى ھەققىدىكى ئۇچۇر خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، قۇياشقا ئوخشاش يېشىچلاپ مېڭىپ ، مەغرىبكە باردى . ئەمما ئۇ مەغرىب خەزىنىسىنى تېپىش بىلەنلا مەغرىب قۇياشىدەك كۆز يۇمدى**

بىر كىشى مەشرىقتە بىر خەزىنىنى تاپتى . ئۇ خەزىنە پۇتۇنلەي قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار بىلەن تولغانىدى . خەزىنىنىڭ ئىشىكىگە : « بۇ خەزىنىنى تاپقان كىشى مەغرىب دىيارىغا بارسا ، پالان يەردە بۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق بىر خەزىنە بار . ئۇنىمۇ تېپىۋالسۇن . » دېگەن خەت يېزىلغانىدى . ئۇ خام تەمە كىشى بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن « ھەر ئىككىلا خەزىنىگە ئىگە بولاي » دەپ ئويلاپ ، بۇ يەردىكى خەزىنىنى ئۆز جايىدا يوشۇرۇپ قويدى ـ دە ، ھەممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ ، مەغرىب تەرەپكە يول ئالدى . نەچچە يىل دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ ، دەريا ـ دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ ، يۈز مىڭلارچە بالا ـ قازا ۋە جەۋر ـ جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئاخىر ئىزدىگەن يەرگە يېتىپ كەلدى . لېكىن ئۇ خەزىنىنى تېپىش بىلەنلا ئەجىلى توشۇپ ، ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ بىچارە يا بۇ خەزىنىدىن پايدىلىنالمىدى ، ئۆمۈر بويى تالاي جاپا ـ مۇشەققەتنى چېكىپ ، ئاخىرى جېنىدىن ئايرىلدى .

شۇنى بىلگىنكى، دەريا ۋە قۇرۇقلۇقلارنى بويسۇندۇرغان كىشى پادىشاھ ئەمەس، بەلكى تەڭرى بەرگەن نېسىۋىگە ئېرىشكەن كىشى پادىشاھتۇر. كىمكى بۇ مەنىنى چۈشىنىپ يېتەلىسە، شۇ كىشى ئەقىللىق ۋە بەختىيار كىشىدۇر.

**ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ سوقراتتىن: «بۇ يۇمىلاق زېمىننى پۈتۈنلەي سۇ ئوراپ تۇرۇشىدا قانداق سىر - ھېكمەت باركىن؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى، سوقراتنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى**

ئىسكەندەر سوقراتتىن مۇنداق سوئال سورىدى:

- ئەي بۈيۈك دانىشمەن، شۇنى بايان قىلغىنكى، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇ قورشاپ تۇرغان بولسا بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمىشقا ئۇ سۇ پۈتكۈل يەر يۈزىنى بېسىپ كەتمىدى. نېمە ئۈچۈن «رۇبئى مەسكۇن» دىن ئىبارەت بۇ تۆتتىن بىر قىسىم يەرگە كەلگەندە سۇ ئاز كېلىپ قالدى؟ مۇھىيت دېڭىزدىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان يەتتە چوڭ دېڭىز نېمە ئۈچۈن زېمىن يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالمايدۇ؟ بۇنىڭدا قانداق سىر - ھېكمەت بار؟

— ئەي دېڭىز بىلەن تەڭداش پادىشاھ، — دېدى سوقرات جاۋاب بېرىپ، — ھۆكۈمالار ئالدىدا شۇ نەرسە ئايانكى، يەر تۇپتۇز ۋە ياپىلاق بولماستىن، بەلكى ئېگىز - پەس ۋە يۇمىلاقتۇر. سۇ بولسا چوڭقۇز يەرگىلا مايىلدۇر. ئەگەر يامغۇر سەۋەبىدىن سەل كەلسە، ھامان ئۇ سەل ئېگىزدىن پەس يەرلەرگە قاراپ ئاقىدۇ. ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا دېڭىز سۈيىمۇ ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزلارنىڭ سۈيى يەر يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىپ كەتمەيدۇ. بەزى ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەڭرىنىڭ ھېكمىتىدۇر. تەڭرى زېمىننى دېڭىز ئىچىدە خۇددى ئەينەك ئىچىدە ئادەمنىڭ ئەكسىنى ساقلىغاندەك ساقلىدى. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھەممە ئىش ئاساندۇر. تەڭرى ئالەمنى ياراتقاندا يەر يۈزىنى ئىنسانلار ئۈچۈن پائالىيەت مەيدانى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭا يەر يۈزىگە سۇ دەخلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

قىلالمايدۇ . ئەزەل ھېكمىتىنىڭ ھۆكمىگە ھېچ نەرسە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ . تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە ئەقىل ھەيراندۇر . بۇ ھەقتە سۆزلەشكە تىل ئاجىزدۇر . ئىسكەندەر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ سوقراتقا ئاپىرىن ئېيتتى .

**ئىسكەندەرنىڭ يەتتە دېڭىز بىلەن ئون ئىككى مىڭ ئارال شەھەرلىرىنى بويسۇندۇرغانلىقى ، ئاندىن ئۆزى ئەتراپىنى پەرگار ① دەك ئايلىنىپ چىققان ئاشۇ مۇھىت دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى ، بۇ پەردە ياغاچ ئات ( كېمە ) لارنىڭ دېڭىز بورىنى ئىچىدىكى ھەرىكەتلىرى ، ئۇ دېڭىزدا نامايان بولغان سۇ باياۋىنىنىڭ ساماۋىي ھالەتلىرى ، دېڭىز دەشتىدە دولقۇنلاردىن ھاسىل بولغان ھېسابسىز تاغ ـ ئېدىرلىقلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈشلىرى ۋە دېڭىز ئېزىنقۇلىرى تۈپەيلىدىن بۇ يولدا تاش ياغقاندەك ئالامەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ بايانى ، ئىسكەندەرنىڭ مۇھىت دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە يەتكەنلىكى ، ئاندىن پەلەك چاقىنىڭ ئايلاندۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئىسكەندەرىيە تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكى**

ھېكمەت گۆھەرلىرىنى چاچقۇچى غەۋۋاس بۇ دېڭىزدا مۇنداق سەيلە قىلىشقا باشلىدى :

ۋاقتىكى ، سوقرات دەريا ـ دېڭىزلار ۋە ئاراللارنىڭ كەيپىياتىنى شەرھلەپ ئۆتتى . ئىسكەندەر دېڭىز ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ئۇ دېڭىزلارغا بىر ـ بىرلەپ سەپەر قىلىش نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكتى . ئاندىن سوقراتقا :

ــ سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن بىز دېڭىز ۋە دەريالارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۇق . ئەمدى بىزنىڭ ساڭا ئىلتىماسىمىز شۇكى ، سەن بىزگە بۇ سەپەر جەريانىدا يولباشچى بولغىن . بىز پۈتكۈل لەشكەرلەر ۋە كېمىچىلەر

① پەرگار ــ چەمبەر سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ، پەرگار ، سىركۇل .

بىلەن بىللە ساقا ئىتائەت قىلىمىز . قەيەرگە باشلىساڭ ، ساقا ئەگىشىپ شۇ يەرگە بارىمىز ، ــ دېدى .

سوقرات بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ يولباشچى بولدى . ھەممە خالايىق ئۇنىڭغا ئەگەشتى . ئۇ كېمىچىلەرگە باشچىلىق قىلىپ ، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلدى . بارلىق سەپەر ئەھلى سوقراتنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلدى . سوقرات بولسا ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلاتتى . ئۇلار كېمىلەرنى ھەيدەپ دېڭىزغا يېتىپ كەلدى . ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئاراللارنى ئىشغال قىلىشقا باشلىدى . قايسى ئارالنى ئالغۇسى كەلسە شۇنى قولىغا كىرگۈزۈپ ، نۇرغۇن ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى كۆردى .

دېڭىز ئەتراپىنى ئۆلچەپ بىلىش ئۈچۈن ، بىر نەچچە كېمىنى قىرغاق بويلاپ مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇردى . بەزى ھۆكۈمالارنى دېڭىز قىرغىقىدىكى قۇرۇقلۇقلار بىلەن يۈرۈپ ، يوللارغا تاناپ تارتىپ ، دېڭىز يولىنىڭ مۇساپىسىنى تېپىشقا بەلگىلىدى . ئۇلار دېڭىز قىرغىقى ۋە قولتۇقلىرىدىكى تاغ ـ باياۋانلارنى كېزىپ ، ئۆلچەشكە كىرىشتى .

دېڭىز ئىچىدىكى ئۆلچەش ئىشلىرىمۇ جىددىي باشلىنىپ كەتتى . ھۆكۈمالار بىرنەچچە كېمىنىڭ ئىچىگە ئون ئىككى مىڭ قېرى ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچىلارنى قاچىلىغانىدى . ئارغامچا قاچىلانغان كېمە بىر ئورۇندا لەڭگەر قۇرۇپ تۇراتتى . ئۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى يەنە بىر كېمىگە چىگىپ ئۇ كېمىنى ئالغا قاراپ ھەيدەيتتى . ئارقىدا توختاپ تۇرغان كېمىدىكى ئارغامچا تۈگىگەندە ، ئالدىدا كەتكەن كېمە توختاپ ، ئۆز ئورنىدا لەڭگەر سېلىپ تۇراتتى . ئاندىن ئارقىدا لەڭگەر سالغان كېمە يولغا چىقاتتى . ئۇ كېمىمۇ ئالدىدا توختىغان كېمىدىن ئۆتۈپ ئون ئىككى مىڭ قېرى ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچا تۈگىگىچە ئالغا قاراپ ماڭاتتى . ئارغامچا تۈگىگەن ھامان توختاپ لەڭگەر سالاتتى ، ئارقىدىكىسى يولغا چىقاتتى . ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ھۆكۈمالار دېڭىز يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ، ئاراللار بىلەن ئاراللارنىڭ

ئارىلىقىدىكى مۇساپىلارنى ئۆلچەپ ئېرىشكەن ھېساباتلارنى خاتىرىلەپ ماڭدى. يەنە بەزى ھۆكۈمالار دېڭىزنىڭ توغرىسىغا ئارغامچا تۇتۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچەپ خاتىرىلەپ ماڭدى. بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسەن ھېسابدانلار ھەربىر دېڭىزنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ۋە دېڭىز يۈزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى ھېسابلاپ چىقىشتى. ئىسكەندەر ھەر بىر ئارالنى ئېلىپ بولغىچە ھۆكۈما ۋە ھېسابدانلار ئۇ دېڭىز ۋە ئارالنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى، ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك مۇساپىلىرىنى ئۆلچەپ، ھېساباتلىرىنى چىقىرىپ خاتىرىلەپ، تەق قىلىپ تۇراتتى. ئۇ خاتىرىنى ئىسكەندەرگە كۆرسەتكەندىن كېيىن، خەت قىلىپ يېزىپ، رۇمدىن ئېلىپ كەلگەن كەپتەرنىڭ ئايىغىغا چىگىپ قويۇپ بېرەتتى. ئۇ كەپتەرلەر ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا رۇم تەرەپكە قاراپ پەرۋاز قىلىپ، رۇم ئەھلىگە خەۋەر يەتكۈزەتتى.

ئىسكەندەر شۇ تەقلىتتە يۈرۈپ، يەتتە دېڭىزنى كېزىپ چىقتى. ھېسابسىز جەزىرە ـ ئاراللار ۋە ئاجايىپ ـ غارايىباتلارنى كۆردى. ئون ئىككى مىڭ ئارالنى ئىشغالىيىتىگە ئېلىپ، ئۆزگە تەۋە قىلدى. غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن نۇرغۇن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئارغامچا بىلەن ئۆلچەشلەرمۇ تاماملىنىپ، بارلىق دېڭىزلارنىڭ ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك مۇساپىلىرى، ئومۇمىي كۆلىمى، ياخشى ـ يامان تەرەپلىرىدىن خەۋەردار بولدى. ئاندىن بۇ ئەھۋاللارنى خەتكە يېزىپ، كەپتەرلەر ئارقىلىق يەنە رۇم ئەھلىگە ئەۋەتتى.

بۇ يەتتە چوڭ دېڭىز بۈيۈك مۇھىيت دېڭىزىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقاندى. ئىسكەندەر بۇ دېڭىزلارنى كېزىش ئارقىلىق مۇھىيت دېڭىزىنىڭ ئەتراپىنى بىر نۆۋەت ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن پەرەڭ دېڭىزىدىكى بىر ئارالغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ئىشلارغا جەمئىي ئون ئىككى يىل ۋاقىت كەتتى. بۇ ئارالغا كېلىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلار «سەپەر قىلىش تۈگەپ، بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان ئوخشايمىز» دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

ئىسكەندەر سوقراتنى چاقىرتىپ:

— يەتتە دېڭىزنىڭ مۇساپە ۋە كۆلىمى خاتىرىلەنگەن ھېسابات قەغەز-لىرىنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ئۇ قەغەزلەر مەخسۇس بىر كېمىگە قاچىلانغان بولۇپ، ئۇ كېمە مۇشۇ خىلدىكى قەغەزلەر بىلەن لىق تولغانىدى. سوقرات: «ئاستىغا بېسىلغان قە-غەزلەرگە سۇ ئۆتۈپ قېلىپ، خەتلىرى بۇزۇلغان بولسا، قانداق جاۋاب بېرەرمەن» دەپ ۋەھىمىگە چۈشتى. لېكىن ساندۇقلارنى ئېچىپ قارىغانىدى. قەغەزلەر نەم ئۆتمەي، سالامەت تۇرۇپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، ھېساباتچىلار بۇ قەغەزلەردىكى سانلارنى ھېسابلاپ، يەتتە دېڭىزنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ۋە ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك مۇساپىلىرىنى تېپىپ چىقتى. ئاندىن بۇ ھېسابنى توغرىلاپ، ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر بۇ ھېسابلارنى كۆرۈپ، دېڭىز يۈزىدىكى يوللارنىڭ ھېساباتىنى بىلدى. ئاندىن ئۆز قولى بىلەن بۇ سانلارنى قوشۇپ، ئېلىپ، كۆپەيتىپ كۆرۈپ، بۇ يەتتە دېڭىزدىن ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك مۇساپىسىنىڭ نەچچە گەز، نەچچە غېرىچ ئىكەنلىكىگە قەدەر ئېنىقكە ھېسابلاپ چىقتى. يەتتە چوڭ دېڭىز بۈيۈك مۇ-ھىيت دېڭىزدىن ھاسىل بولغان ۋە بۇ بۈيۈك دېڭىزنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانىدى. شۇڭا ئىسكەندەر بۇ يەتتە چوڭ دېڭىزنىڭ مۇساپىسىنى ھې-سابلاش ئارقىلىق، «ئۇلۇغ دېڭىز» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇھىيت دېڭىزنىڭ ئەتراپىنى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي سەپەر قىلسا، توققۇز يىل يەتتە ئايدا ئايلىنىپ بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۇدۇللاپ ماڭسا، ئۈچ يىل نەچچە ئايدا قارشى تەرىپىگە ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدى. مۇھىيت دېڭىزنىڭ مەركىزىگە بېرىش ئۈچۈن ئىككى يىل، قايتىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئىككى يىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتى. ئاندىن كېمىچىلەرگە مۇھىيت دېڭىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا بېرىش ئۈچۈن تۆت

يىللىق ئوزۇق ـ تۆلۈك ۋە باشقا يول راسخوتى تەييارلاشنى بۇيرۇدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق دانىشمەنلەر، لەشكەرلەر ۋە باشقا چوڭ ـ كىچىك ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق نۇتۇق سۆزلىدى:

ــ ماڭا بىر تالاي پىشمىغان خىياللار ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلەر پەيدا بولدى. بۇنى كىشىلەر «ھەۋەس» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەۋەس ئەمەس، تەڭرىنىڭ تەقدىرىدۇر. مەن تەدبىر بىلەن بۇ تەقدىرگە چارە قىلالماي، خالايىقنىڭ جاپا چېكىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. سىلەر مېنى دەپ نۇرغۇن ئېغىر رەنج ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭلار. قارىسام ھېرىپ، سەپەر قىلىشقا ماغدۇرۇڭلار قالمىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر بۇ سەپەرگە رايىڭلار بولمىسا، بۇنىڭدىن رەنجىمەيمەن. چۈنكى سىلەرنىڭ پىكرىڭلار ئورۇنلۇق. لېكىن مېنىڭ ئون ئۈچ يىل دېڭىز ۋە ئاراللاردا سەپەر قىلىشتىن مەقسىتىم ئاشۇ مۆھىيت دېڭىزىنى سەيلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئارزۇيۇم ئازراقمۇ پەسەيگىنى يوق. ھازىرغا قەدەر يەتتە چوڭ دېڭىزنى كېزىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ئاراللارنى ئىشغال قىلدىم. بۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئايىم دېڭىزلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان مۆھىيت دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ مەركىزىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى. ئەگەر تەڭرى يار بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسا، يەنە تۆت يىل كېمىدە ئولتۇرۇپ، بۇ نىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغايمەن. ئىككى يىلدا بېرىپ، ئىككى يىلدا قايتىپ كېلىمەن. ئۇ يەردىكى ئىشلار ماڭىمۇ ئايان ئەمەس، چۈنكى ھېچكىم غايىبنى بىلەلمەيدۇ. ماڭا بەخت ـ دۆلەت يار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەپەرگە چىقماسلىققا ئامالىم يوق. بىلىمەن ھېچكىمنىڭ بۇنداق خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلانغۇسى يوق. سىلەر بۇ سەپەردە مەن بىلەن بىللە بارىمىز دەپ ئويلىماڭلار. مەن سىلەرنى بۇنىڭغا زورلىمايمەن، مەن باشقىلارنى بۇنداق ئۆلۈم خەۋپىگە قانداقمۇ تەكلىپ قىلالايمەن. ھەممىڭلار مەندىن رازى بولۇپ، ئۆز ۋەتىنىڭلەرگە قايتىڭلار.

www.uyghurkitap.com

بۇ خىتابنى ئاڭلاپ، خالايىق تەۋرەپ كەتتى. ئۇلار نالە ـ پەرياد چەككەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى:

ــ ئەي پادىشاھ، بۇ خەلق نېمە گۇناھ قىلدى؟ نېمىشقا ئۇلارنى خىزمىتىڭدىن مەھرۇم قىلىسەن؟! ساڭا خىزمەت قىلىشتا ھەرقانچە نالايىق بولساقمۇ، ياخشى بولساقمۇ، يامان بولساقمۇ بەربىر يەنىلا بىز سېنىڭ قول ـ چاكارلىرىڭ ئەمەسمۇ؟! ھەممىمىز مەيلى شادلىقتا بولسۇن ياكى غەم قايغۇدا، خەۋپ ـ خەتەردە بولسۇن داۋاملىق سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. جېنىمىزغا ئەجەل يەتكەن تەقدىردىمۇ، تېنىمىز سېنىڭ دەرگا. ھىڭنىڭ تۇپىسىغا ئايلىنىپ كېتىشنى تىلەيتتۇق. بۈگۈن بىزنى قايسى گۇناھىمىز ئۈچۈن خىزمىتىڭدىن ھەيدىمەكچى بولدۇڭ؟! بىزنى قوغلىمىغىن، سەن قەيەرگە بارساڭ بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز. سەن نەدە بولساڭ بىزمۇ شۇ يەردە تۇرىمىز. ئۆلسەك، تىرىلسەك بىللە بولىمىز. سەندىن يىراقلاشقىنىمىزدىن كۆرە بىزگە ئۆلۈم ياخشىراقتۇر.

ئىسكەندەر بۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە ھەقىقەتەن سادىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ مۇنداق دېدى:

ــ تەڭرى ھەممىڭلارنىڭ ئىشىنى روناق تاپقۇزسۇن. بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇرادىڭلارغا يەتكۈزسۇن. مېنىڭ سىلەرگە بۇنداق تەكلىپنى بېرىشىمدىكى مەقسىتىم، بۇ مۇشەققەتلىك سەپەر ئالدىدا سىلەرنىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىش ئىدى. سۆزۈڭلاردىن سادىقلى. قىڭلار ۋە ئىخلاسىڭلار ئايان بولدى. كۆڭلۈمدىكى ۋەھىمىلەرمۇ كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىخلاسىڭلار ئۈچۈن ئۇلۇغ تەڭرى سىلەرگە يار بولۇپ، ھەممىڭلارنى ئالەمنىڭ ھاۋادىساتلىرىدىن ئامان قىلسۇن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغادىن كېيىن، ھەممە خالايىق خۇشال ـ خۇرام بو. لۇشتى. ئىسكەندەرگە دۇئا ـ تىلەكلەرنى ئادا قىلىپ، ساداقەتمەنلىك

يوسۇنلىرىنى بەجا كەلتۈردى .

ئىسكەندەر ئوبدان ئويلىغاندىن كېيىن ، ئىككى مىڭ كېمىنى خەلق-لىرى بىلەن ئايرىپ چىقتى . ئۇ خەلقلەرنى ھېسابسىز ئىنئام - ئېھسانلار بىلەن خۇشال قىلدى . ئاندىن ئۇلارغا :

— سىلەرگە تەگرى مەدەتكار بولۇپ ، ئامان - ئېسەن قىلسۇن . سىلەر ھەممىڭلار دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ ، رۇم ئەھلىگە مېنىڭ سالامەت ئىكەنلى-كىمنى خەۋەر قىلىڭلار . يەتتە چوڭ دېڭىزنىڭ خەزىنە - دەپىنىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ، ئون ئىككى مىڭ ئارالنى بويسۇندۇرغانلىقىمىزنى ، ئاندىن پۈتكۈل خالايىق بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى سۆزلەپ بېرىڭلار . ئەمدى مېنىڭ بۈيۈك مۇھىيت دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتىڭلار . « پادىشاھىمىزنىڭ مەقستى ئەسلىدە يۇرت ئېلىش ، ئاراللارنى ئىشغال قىلىش بولماستىن ، بەلكى مۇھىيت دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئىكەن . شۇڭا بىزنى قايتۇردى » دەڭلار ، — دەپ ، بىرمۇنچە سۆز-لەرنى تاپىلىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى رۇم مەملىكىتىگە ئۇزاتتى .

ئىسكەندەر قېپقالغان مىڭ كېمە ئىچىدىن يەنە يەتتە يۈز كېمىنى خەلقى بىلەن ئايرىپ چىقتى . ئۇلارغا مۇنداق پەرمان قىلدى :

— سىلەر تۆت يىلغىچە مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپ ، مېنى كۈتۈڭلار ، قايتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ئەگەر ئاغرىپ ، ياكى زەئىپلىشىپ قايتساق ، سالا-مەتلىكىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، يارىلىنىپ قايتساق تېڭىش ئۈچۈن رۇمدىن دورا - دەرمەك ۋە ماتالارنى كەلتۈرۈپ تەييارلاپ قويۇڭلار . قايتىپ كەلگەندە سىلەرنىڭ دورا ۋە تېڭىقلىرىڭلار بىلەن شىپا تېپىپ ، شاد - خۇرام ھالدا ۋەتەنگە قايتارمىز . ئەگەر بۇ مەككار پەلەك باشقىچە ئويۇن ئوينىسا ، مەن دېڭىزدا غەرق بولۇپ ، لەھەڭلەرگە يەم بولۇشۇم مۇمكىن . سىلەر ، مەن ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا قايتىپ كېلەلمىسەم ، يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ بېقىپ ، ئاندىن مەندىن ئۈمىدنى ئۈزۈڭلار . مېنىڭدىن رازى بولۇپ ، دۇئادا ياد ئېتىپ ،

ۋەتەنگە قايتىڭلار .

ئىسكەندەر قېپقالغان ئۈچ يۈز كېمىگە لازىملىق نەرسىلەرنى قاچىلىدى . هۆكۈمالارنى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلغاندىن باشقا ، يەنە نەچچە مىڭ كىشىنى تاللاپ چىقتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئىلىملىرىگە ماھىر تەڭداشسىز كېمىچى ۋە دېڭىزچى غەۋۋاسلاردىن ئىدى . ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ بۇ خىزمىتىگە ئىنتايىن لايىق كىشىلەر ئىدى . ئۇلار بولمىسا ، ئىسكەندەر دېڭىزدا ھېچقانداق ئىشقا قەدەم قويالمايتتى . ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ بۇ خىزمىتىنى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ ، كېمىگە كىرىشتى . قالغانلار زار ـ زار يىغلاشقان ھالدا ئارالدا قېپقېلىشتى .

ئىسكەندەر بۇ ئۈچ يۈز كېمىنى ئېلىپ ، بۈيۈك مۇھىيت دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە يۈرۈش قىلدى . ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ، تۈزۈكرەك ئۇخلىماي ، تۈزۈكرەك غىزالانماي ، داۋاملىق ئىلگىرىلىدى . ئۇلار ماڭغانسېرى پۈتكۈل قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللاردىن يىراقلىشىپ كەتتى . ئەتراپتا سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . پۈتكۈل ئەتراپتا سۇنىڭ قىرغىقى بىلەن ئاسماننىڭ قىرغىقى بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇددى ئاسماندا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى . قۇياشمۇ سۇدىن چىقىپ ، يەنە سۇغا كىرىپ كېتەتتى . قۇياش سۇنىڭ ئىچىگە كىرگەندە ، ئۇنىڭ مەشرىققە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقى خۇددى سۇ ئىچىدىكى گۆھەردەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قۇياشنىڭ سۇ ئىچىدىكى كۆرۈنۈشى خۇددى پانۇس ئىچىدە يېنىپ تۇرغان شامغا ئوخشايتتى . ئۇ دېڭىز ئاستىغا چۆككەندە ، دېڭىز ئىچىنى يورۇتۇپ ، تۈمەن مىڭلىغان جانلىقلار ئاشكارا نامايان بولاتتى . بۇ تۈمەن مىڭلىغان جانىۋارلارنىڭ كۆزلىرى قۇياش نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ چاقناپ ، دېڭىز ئىچىگە نۇر چېچىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بەئەينى كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى . ئۇ جانىۋارلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېمىلەرگە نەزەر تاشلىغىنىدا

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شوللىرى كېمىلەرگە چۈشەتتى. خالايىق بۇ شوللار

تۈپەيلىدىن كېمىلەرگە ئوت كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەشتى. بىراق كېمىلەر

سۇ قاپلاپ تۇرغاچقا، ئوت كېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى. ئۇ جانۋارلار شۇ قە-

دەر ھەيۋەتلىك جىسمى بىلەن كېمىلەرگە تاشلىناتتىكى، ئۇلارنىڭ

ۋەھىمىسىدىن خالايىقنىڭ يۈرەك - باغرى سۇ بولۇشقا باشلىدى. بۇ جانۋارلار

ھەر تەرەپكە ماڭسا، دېڭىزدا دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى. ئۇ دولقۇنلار كېمە

ئەھلىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سالاتتى. ئۇلار يۈزمىڭلىغان ئاپەتلەرگە دۇچار

بولدى. قۇياش چىققۇچە ئۇلارنىڭ جانلىرى ئېغىزلىرىدىن يۈزمىڭ قېتىم چى-

قىپ، يۈزمىڭ قېتىم كىردى. قۇياش چىققاندا بولسا، ئۇ جانۋارلار كۆزگە

كۆرۈنمەيتتى. لېكىن قايىنام لاردا كېمىچىلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلىشات-

تى. ئۇلار قايىنام ئىچىدە يول - نىشانلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، سەرگەردان

بولاتتى. مۇساپىرلارنىڭ يولىدا بۇنداق قايىناملار پەيدا بولسا، ئۇلارنىڭ ھالى

ھالاكەتتىن بۆلەك نېمە بولماقچىدى. كېمىلەر قايىناملارنىڭ ئەتراپىدا خۇددى

تال ياپرىقىدەك پىرقىراپ يۈرەتتى. قايىناملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قۇياش

يۈسۈپىنىمۇ يۇتۇپ كەتكۈدەك چوڭقۇرلۇقتىكى تېگى يوق قۇدۇقلار ھاسىل

بولغانىدى. سۇ ئىچىدە ھاسىل بولغان بۇ قۇدۇقلاردا سۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ

قىرغاق تاملىرى پۈتۈنلەي سۇدىن پۈتكەنىدى. كېمىلەر ئۇ قايىناملارنىڭ

بىرىدىن قۇتۇلسا، يەنە بىرىگە دۈچ كېلەتتى.

بۇ ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغا، دېڭىزدا بوران چىقىپ، يەنە ئا-

جايىپ - غارايىپ ئاپەتلەر نامايان بولدى. بوراننىڭ شىددىتىدىن سۇ

ئۈستىدە دەھشەتلىك دولقۇنلار پەيدا بولدى. دولقۇنلار گاھ پەلەككە يەتسە،

گاھ سۇنىڭ تېگىگىچە پەسلەپ، پۈتكۈل ئەلەمنى لەرزىگە سالاتتى. دولقۇنلار

بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى مىنگىشىپ كېلەتتى. بۇ دولقۇنلاردىن سۇ يۈزىدە

بەئەينى تاغ تىزمىلىرىدەك ئېگىز - پەس چوققا ۋە جىلغىلار پەيدا بولاتتى.

بوراندا دېڭىز دەھشەتلىك چايقالغانلىقتىن ، دېڭىز جانىۋارلىرى مەيلى بېلىق ، مەيلى تاشپاقا ، مەيلى لەھەڭ بولسۇن ھەممىسى سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقاتتى . ئىسكەندەرنىڭ كېمىلىرى دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە گاھ ئەرشىئەلاغا چىقىپ ، پەلەك ئۆكۈزى ① ۋە بېلىقىغا ئۇرۇلسا ، گاھ تەھتىسارىغا چۆشۈپ ، يەر تېگىدىكى ئۆكۈز بىلەن بېلىققا ② سوقۇلاتتى . كېمە ئەھلى گاھ ئۆلۈپ ، گاھ تىرىلەتتى . ئۇلار ئاشۇ دەھشەتلىك سۇدا تىرىكلىكتىن قوللىرىنى يۇيماقتا ئىدى . كېمىلەر دېڭىز يۈزىدە خۇددى ياغاچ ئاتلاردەك ئۇياق بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى . ئۇلار دولقۇن سەل پەسەيگەندە بىرى مەغرىپتىن ، بىرى مەشرىقتىن كېلىپ بىر ـ بىرلىرى بىلەن تېپىشاتتى . بۇ مۇساپىرلار بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشقاندا ، ئەلەملىك يىغان چېكىپ ، دەردلىك كۆز ياشلىرىدىن دېڭىزغا ئۈنچىلەرنى تۆكەتتى .

ئۇلار شۇ تەرىقىدە گاھ ئاستا ، گاھ تېز مېڭىپ ، بىر يىل توققۇز ئاي ئۆتكەندە مۇھىيت دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى . بۇ يەرگە كەلگەندە ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە غايىبتىن : « ئەي بىھۇدە ئىشلارنى قىلغان ئىنسان ، نەچچە يىل يول يۈرۈپ ، سەپەر قىلىپ ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ ، يەتمەكچى بولغان يېرىڭگە مانا ئاخىر يېتىپ كەلدىڭ » دېگەن ئىلھام

---

① ئۆكۈز ( سەۋر ) ۋە بېلىق ( ھۇت ) ــ كونا ئاسترونومىيە قارىشى بويىچە ، ئەڭ ئېگىز ئاسمان بوشلۇقىدىكى 12 بۇرۇجنىڭ ئىككىنچى ۋە ئون ئىككىنچىسىنىڭ نامى . ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ ئىككىنچىسىدىكى يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ شەكلى ھۆكۈزگە ، ئون ئىككىنچىسىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ شەكلى بېلىققا ئوخشىغاچقا ، ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغان . بۇ يەردە ئاشۇ يۇلتۇزلار كۆزدە تۇتۇلغان .

② قەدىمدە كىشىلەر : « زېمىننى بىر ئۆكۈز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ، ئۆكۈزنى بولسا بىر بېلىق كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ » دەپ قارىغان . بۇ يەردە ئاشۇ ئۆكۈز بىلەن بېلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

پەيدا بولدى. ئۇ سوقراتنى چاقىردى. سوقراتنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئىلياس ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق ئىلھام يەتكەنىدى. سوقرات بۇنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى. ئىككىلەن كۆڭلىدىكىنى دېيىشتى. بۇ ئىشتا شەك - شۈبھە قالمىدى. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان بولدى. ئىسكەندەر باشلىق ھەممەيلەن خۇرسەن بولۇشتى. ئۇلار كېمىلەرنى بىر جايغا يىغىپ، لەڭگەر سېلىپ توختىدى. كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرىنى چۈشۈرۈشتى. ئاندىن ئىسكەندەر خالايىققا:

— سىلەر بۇ يەردە خۇشال - خۇرام ھالدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن دېڭىزنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كۆرۈپ چىقىمەن. مېنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى كۆزدە تۇتقان ئارزۇيۇم مۇھىت دېڭىزنىڭ تېگىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى ئاشۇ مۇرادىمغا يەتمەكچىمەن، — دېدى.

لېكىن بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي بۇ ۋەقە ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ھۆكۈمالار شىشىدىن ناھايىتى چوڭ ساندۇق ياسىدى. ئىسكەندەر ئۇ شىشە ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىردى. ھۆكۈمالار ئۇ ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى مۇرەككەپ دورىلار بىلەن مۇستەھكەم ئەتتى. ئاندىن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ھۆكۈمالار تۇتۇپ تۇردى. بۇ ئىشلار پۈتكەندە ئۇلار تەڭرىگە تەۋەككۈل قىلىپ، شىشە ساندۇقنى كېمىدىن چۈشۈرۈپ، دېڭىزغا سالدى. ئىسكەندەر شىشە ساندۇقنىڭ ئىچىدە دېڭىزنىڭ تەكتىگە چۆكتى. ئۇ سۇ تېگىدە نەچچە ئايغىچە يۈرۈپ، دېڭىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى تاماشا قىلدى. سۇ تېگىدىكى ھەممە نەرسىنى كۆردى. يۈز كۈندىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەنىدىن كېيىن، ھۆكۈمالار ئارغامچىنى تارتىپ، ساندۇقنى چىقىرىۋالدى.

ئەمما ، ئەھۋال بۇ رىۋايەتتىكىدەك بولۇشى ناتايىن . مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىسكەندەرنىڭ سۇدىن سالامەت چىقىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ .

بۇ ھەتتە يەنە بىر رىۋايەتمۇ بار . رىۋايەتچىلەر بۇ رىۋەيەتنى ئىپتىراپ قىلىدۇ . ماگىمۇ مۇشۇ رىۋايەت ئىشەنچلىكتەك سىېزىلدى . بۇ رىۋايەت تۆۋەندىكىچە :

تارىخچىلار ئۆز رىۋايەتلىرىدە ئىسكەندەرنى ھەم پەيغەمبەر ھەم ئەۋلىيا دېيىشىدۇ . ئۇنىڭ ۋەقەسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

ۋاقتىكى ، ئىسكەندەر دېڭىزغا كىرىپ ، سەپەر قىلىش جەريانىدا ھەددى ـ ھېسابسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەكتى . بۇ رىيازەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ تېنى پاك بولدى ، كۆڭلىدە تەگرىنىلا ئويلىدى . سەپەر سۇلۇكلىرى تامام بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ كامالەتكە يەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە يېتىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى پەيغەمبەرلىك نۇرلىرى يورۇتتى . ئاشۇ ئەۋلىيالىق شولىسى ۋە ئەنبىيالىق چىرىغىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ ، نەگە قارىسا جىمى نەرسىنى كۆرەلەيدىغان بولدى . پۈتكۈل يوشۇرۇن سىرلار ئۇنىڭغا ئاشكارا بولدى . دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتا مەۋجۇت بولغان بارلىق جانلىق ، جانسىز مەۋجۇداتلار ۋە پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇنىڭغا سۇدا ئايان بولدى . يەنە ئۇ سۇنىڭ ئىچىدە شۇقەدەر ھەيۋەتلىك زور مەخلۇقلارنى كۆردىكى ، ناۋادا ئۇلاردىن بىرەرسى قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالسا ، ئۇنى كۆرۈپ قورقۇنچتىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت ھالاك بولغان بولاتتى . ئۇ يەردىكى بېلىقلار شۇقەدەر زور ئىدىكى ، ئۇلار ناھايىتى تېز ماگسا ، ئۇلارنىڭ تېنى بىر ئورۇندىن بىر ئايدا ئاران ئۆتۈپ بولالايتتى . ئەنە شۇنداق چوڭ بېلىقلاردىن بىر كۆندە نەچچىنى يەۋېتىدىغان لەھەگلەرمۇ بار ئىدى . بۇ دېڭىزنىڭ تاشپاقا ۋە قىسقۇچ پاقىلىرىمۇ ئاشۇ بېلىقلاردەك چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى .

ئىسكەندەر ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆردى . بەلكى

ئارزۇسىدىن يۈز ھەسسە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلدى. ئەنبىيالىق ئىلھاملىرىدىن خەۋەر تاپتى. پۈتكۈل سۇ ۋە قۇرۇقلۇققا پادىشاھ بولۇپ، ئۆزى ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى بىلىپ يەتتى. ئۇ كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىنى ھەمراھلىرىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ خالايىق ئىسكەندەرنىڭ ئېرىشكەن ئىستىقبال ۋە مەرتىۋىسىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى غالىب پادىشاھ، ئەۋلىيا، پەيغەمبەر ۋە بۈيۈك ئالىم، دانىشمەن ھۆكۈما، دەپ تونۇدى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەرنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاندىن كېيىن، شاد ـ خۇرام بولۇپ، قايتىشقا پەرمان قىلدى. كېمىلەر يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ قوزغالدى. ئۇلار شۇ قەدەر تېز ماڭدىكى، بىر پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئۇلارنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيتتى. ئۇلار ئىككى يىللىق يولنى بىر يىلدا بېسىپ، يەتتە يۈز كېمىدىكى خەلق ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئارالغا كەلدى. ئارالدىكى خالايىق ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈشۈپ، شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. ئىسكەندەر بۇ ئارالدا بىر كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى پۈتكۈل خالايىق بىلەن بىرگە رۇمغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار دېڭىزدا يۈرىدىغان يولنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر يەردىن قىرغاققا چىقىپ، قۇرۇقلۇق سەپىرىنى باشلىدى. لېكىن ئىسكەندەرنىڭ جىسمى بىتاب بولۇپ، مىجەزىدە ساغلاملىقنىڭ ئورنىنى كېسەللىك ئالامەتلىرى ئىگىلىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خالايىقنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلدى. ئاندىن مەملىكەتنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى تۈزدى. ئاندىن قىپالغان زۆرۈر ئىشلاردىن بىرى بولغان تائىپىلەر شاھىنى بويسۇندۇرۇش ئىشىنى ئورۇندىدى. بۇ پادىشاھلىق يەتتە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، مەملىكىتى ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇلارمۇ ئاخىرى ئىسكەندەرگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلدى.

ئىسكەندەر ئاغرىقچان بولسىمۇ، توختىماي يول يۈردى. كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالمىدى، ھېچ يەردە توختىمىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ئارزۇسى ئۆز

ۋەتىنىنى رۇمغا تېزرەك قايتۇۋېلىش ئىدى . ئۇ بىر چۆلدە ھەمراھلىرى بىلەن كېتىۋاتاتتى . ھاۋا باغانسېرى قىزىشقا باشلىدى . قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى تۇ- پەيلىدىن ئۇنىڭ ھېچ ھالى قالمىدى . يۇرۇشكە زادىلا ماجالى يەتمىدى . ئۇ زەئىپلىكتىن جىسمىغا تېترەك ئولاشقان ھالدا قىزىق قۇم ئۈستىگە چۈشتى . ئۇ ئۆزىنى يەلپۈشكە بۇيرۇدى . ھەمراھلار ئۇنى يەلپۈدى . لېكىن كېسەلنىڭ ئې- غىرلىقى تۈپەيلىدىن قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى . سىپاھلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنى تېشىپ ، يەرگە سالدى ــ دە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسكەندەرنى ياتـ قۇزدى . سىپاھلارنىڭ يەنە بىرىدە ئالتۇندىن ياسالغان قالقان بار ئىدى . ئۇ سىپاھ ئالتۇن قالقىنىنى ئىسكەندەرنىڭ ئۈستىگە تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا سايە سالدى . ئىسكەندەر قارىسا يەر تۆمۈرگە ، ئاسمان ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ . ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئىقبالىنى پال كىتابلىرىدىن كۆرگەنىدى . ئۇ كىتابلاردىن ئۆز ھاياتىنىڭ تۈگىگەن مەزگىلىدە يەر تۆمۈرگە ، ئاسمان ئالتۇنغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدى . ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ تېگىدىكى تۆمۈردىن يا- سالغان ساۋۇت ، ئۈستىدە تۇرغان ئالتۇن قالقانىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئاشۇ پال ھۆكمىنى يادىغا ئالدى . بۇ ۋەقەدىن ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بى- لىپ ، كۆزلىرىدىن قايغۇلۇق ياشلىرىنى تۆكتى . بۇ گۇن ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، جاندىن ئۈمىدىنى ئۈزدى . **ساقىينامە :**

كەتۇر ، ساقىيا ، بادەۋۇ قوي نىزائ ،
تولا تۇت ماڭا ساغەرى ئەلۋىدائ .
دەمى مۇغتەنەم ئاڭلا مەيخانەنى ،
كى تولدۇرغۇسى چەرخ پەيمانەنى .
مۇغەننىي ، چېكىپ نەغمە ، قىل بىزنى شاد ،
كېرەك بولسا ئول نەغمەئى خەيرباد .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر مۇڭلۇغ ئىستەر ئىسەڭ ئاندا بەيت ،
نەۋائىنىڭ ئاشۇفتە نەزمىدىن ئەيت .
نەۋائى تاپىپ ساقىئى ماھۋەش ،
ياندا ئانىڭ مۇترىبى نەغمەكەش .
بولۇپ مەستۇ ياد ئەتمە ئاگاھلىق ،
ئەگەر ئىستەر ئېرسەڭ دەمى شادلىق .

**جاھان بەزمىسىنىڭ ساقىيلىرى شۇ قەدەر ھاياسىزكى ، ئۇلار ئۆمۈر پىيالىسىگە ئۆلۈم زەھرىنى قۇيۇشتا غاپىل بىلەن ھوشيارنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ . ھايات بېغىنىڭ باغۋەنلىرى شۇ دەرىجىدە ۋاپاسىزدۇركى ، ئۇلار تىرىكلىك شاخلىرىنى ئەجەل تىغى بىلەن كېسىشتە پادىشاھ بىلەن گادايىنى پەرق ئەتمەيدۇ . بۇ بولسا ئالەمدىن ئىبارەت چاڭ ـ توزاندىن ئىبەك سىلكىشكە ئىشارەت ۋە بۇ ھالاكەت گىرادابىدىن قول ئۈزۈشكە بىشارەتتۇر**

ئەي كۆڭۈل ، بۇ جاھان تۇراقسىزدۇر ، ئۇنىڭدىن ۋاپا كېلەرمىكىن دەپ تەمە قىلما . بۇ جاھان بىر چوڭ كېسەكتىنلا ئىبارەت ، ئۇ كېسەكتىن ئېتىكىڭنى يىراق تارتقىن . جاھاندىن ئىبارەت بۇ كېسەكنى چوڭقۇر دېڭىز ئوراپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى دېڭىزغا غەرق بولغان ، تۆتتىن بىر قىسمىلا سۇ سىرتىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . سەن لايغا بۇلغانمىسۇن دېسەڭ سۇ ئىچىدىكى پالچىقتىن ئېتىكىڭنى تارتقىن ، كۆڭلۈمنى كىر باسمىسۇن دېسەڭ ، سۇ سىرتىدىكى چاڭ ـ توزاندىن يىراق تۇرغىن . بۇ پالچىق بىلەن توزاندىن تېز قاچقىن . چۈنكى ئۇنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان كىشى زادىلا قۇتۇلالمايدۇ . شاھ بەھراممۇ ئاشۇ پاتقاققا پېتىپ كەتكەنىدى ، تاكى قىيامەتكىچە ئۇ پاتقاقتىن چىقالمايدۇ . كەيخۇسرەۋمۇ ئاشۇ توزان ئىچىدە غايىب بولغانىدى . ئۇنى ھېچ كىشى ئىزدەپ تاپالمىدى . ھەرقانداق بىر پادىشاھ جاھان

مەملىكەتلىرىنى ئېلىپ ، كانلار ، دېڭىزلار ۋە خەزىنىلەرنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ ، ئاقىۋەتتە جاھان ئۇلارنى دەردكە مۇپتىلا قىلدى . بەخش ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ ، ھالاك قىلدى .

ئىسكەندەرمۇ شاھلارنىڭ شاھى ئىدى ، ئالىم ، ئەۋلىيا ئىدى ھەم پەيغەمبەر ئىدى ، ئۇ قايسى ئىشقا قولىنى سۇنسا ، ئۇنى قولغا كەلتۈرەتتى ، قايسى ئىقلىمغا لەشكەر تارتسا ، زەپەر قۇچاتتى ، دۈشمەنلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ ، مۇرادىغا يېتەتتى . ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كەيۇمەرس زامانىدىن تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق پادىشاھ قىلىپ باقمىغاندى . ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان ئىشلار ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى . بۇ ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى ، ئۇ يەتتە ئىقلىمنى ئىشغال قىلىپ ، پۈتكۈل قۇرۇقلۇقتا ئات ئوينىتىپ ، جاھاندا ئۆز دەۋرانىنى سۈرۈپ ئۆتتى . سەپەرگە چىقىپ يەتتە چوڭ دېڭىزنى ، بىر بۆيۈك دېڭىزنى ئايلىنىپ ، ئۇ يەرنىڭ بايلىق خەزىنىلىرىنى قولغا چۈشۈردى . ئون ئىككى مىڭ ئارالنى ئىشغال قىلىپ ، ئۆزىگە تەۋە قىلدى . يەنە يەجۈج ـ مەجۈجلەرنىڭ يولىغا سېپىل سوقتۇردى ، ئۇ سېپىلنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ . يەنە تېخى پەلەك سىرلىرى نامايان بولىدىغان ئۇستۇرلاب ۋە جاھانىنەما ياساتتى . ئىلىم تەھسىل قىلىپ جاھان مەملىكىتىدە ئېچىلمىغان نۇرغۇن تىلسىملارنى ئاچتى . كۆپلىگەن يېڭى تىلسىملارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى . يەنە نۇرغۇن دانىشمەن ھۆكۈمالارنى ئۆزىگە يېقىن دوست قىلدى . ئۇ ئالىملارنىڭ ئالدىدا پەلەك مۈشكۈللىرىمۇ ئاسان بولاتتى . ئالەمدە ئۇنىڭ شاھلىق قۇدرىتى تەڭداشسىز ئىدى . ئىلىم ـ مەرىپەتتە ، ئەۋلىيالىق ۋە پەيغەمبەرلىك جەھەتتىمۇ ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئېرىشكەنىدى . ھېچقانداق ئادەمگە نېسىپ بولمايدىغان بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولغانىدى . لېكىن ئاقىۋەت يەنە بۇ جاھان ئۇنىڭغىمۇ ۋاپا قىلماي ، جاپا قىلدى . ئۇنىڭ نازۇك تېنىنى ئەجەل ئۇيقۇسى بىلەن ئاجىز قىلىپ ، قارا تۇپراق ئۈستىگە تاشلىدى .

بۇ مەككار پەلەك ئۇنى ئۆز ۋەتىنىدىن، ئانىسى ۋە پەرزەنتلىرىدىن جۇدا قىلىپ، دەشت ۋە دېڭىزلاردا سەرسان قىلدى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا كۆڭلىگە ئىزتىراپ ۋە ئىشتىياق پەيدا بولۇپ، جۇدا بولغان قاياشلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن شۇ قەدەر تېز ماڭدى. لېكىن يېقىنلاپ كېلىپ مۇرادىغا يېتىدىغان چاغدا ئۆلۈم ئوتى ئۇنىڭ جېنىغا ھارارەت سالدى. تەقدىر ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىپ، خۇددى بېلىقنى قىزىق قۇمغا تاشلىغاندەك ئىش قىلدى. ئۇنىڭ بېشىدا سىرداش قاياشلىرى يوق ئىدى. باياۋان ئىچىدە خەستە جېنى قاتتىق قېينالماقتا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈز تۈمەن دەردلىرىگە بىرمۇ داۋا تېپىلمىدى. بۇ ئىشلارغا ئەقىل ھەيراندۇر. جاھان ئىشلىرىغا ئارتۇقچە ھەۋەس قىلغۇچىلارغا بۇ ئەپسانە مەڭگۈلۈك ئاچچىق ساۋاق، ئەبەدىي ئىبرەتتۇر.

**لوقماننىڭ ھېكايىتى. ئۇ جاھاننىڭ تەئەللۇقاتىدىن قول ئۈزۈپ، بىر ۋەيرانە جايدا خەزىنىگە ئوخشاش ماكان تۇتتى. يەنە مىڭ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ پەلەك ئەجدىھاسىدىن ھادىسە يەتتى**

ئاڭلىشىمچە، لوقمان ھېكىم ئۆز دەۋرىدە ياقا پۇچقاقتىكى بىر ۋەيرانە جايدا ماكان تۇتقانىدى. ئۇ بەئەينى خەزىنىگە ئوخشاش ۋەيرانە ئىچىدە ئورۇنلىشىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنىڭ رەنجى ـ ئەلەمىنى تارتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ جىسمىغا ئۇ بۇزۇق ۋەيرانە دال بولالمايتتى. ئۇنىڭ مىڭ ياشقا كىرگەن چېغىدا، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى:

— ئەي ھېكىم، — دېدى ئۇ ئادەم لوقمانغا، — سەن بۇ قەدەر دانىشمەنلىكىڭ بىلەن ئالەمنى يورۇتقان تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن جاھاننىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە نائىل بولمايسەن؟ نېمىشقا ئوبدانراق جايدا تۇرماي، بۇ خارابە ئىچىدە ماكان تۇتىسەن؟

لوقمان ھېكىم ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ۋەيرانىدە نەچچە يىللاردىن بېرى ھوقۇشتەك ياشاپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن مەقسىتىم بىھۇدە ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، زىيان تارتىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. مەن غەم ۋە ھەسرەتكە قالماي، دەپ بۇ ئالەمگە كۆڭۈل بەرمىدىم ۋە مۇشۇ ۋەيرانە ئورۇنغا ماكانلاشتىم. ھالبۇكى، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كېتىدىغان چېغىمدا بۇ ۋەيرانىمۇ مېنىڭدىن ئېشىپ قالىدۇ. يوقلۇق سەپىرىگە قەدەم قويغىنىمدا، ھەتتا مۇشۇ بۇزۇق كەپىمۇ ماڭا ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. كىمكى بۇ جاھاندىن ئۆزىنى يىراق تۇتسا، ئۇنىڭ رەنجۇ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلىدۇ.

**بىر كىشىنىڭ لوقماندىن: «ساڭا بۇنچىۋالا بىلىمنى كىم ئۆگەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسەڭ» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى، لوقماننىڭ نادان كىشىلەرنى ئىشارەت قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرگەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەنلىكى**

بىر كىشى لوقماندىن:

— زامانداشلىرىڭدىن ھېچقايسىسى بىلىم ۋە دانىشمەنلىكتە ساڭا يەتمەيدىغان تۇرسا، ئەجەبا سەن بۇنچىۋالا ئىلىم - ھېكمەتنى كىمدىن تەلىم ئېلىپ ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىدى.

لوقمان ھېكىم مۇنداق جاۋاب بەردى:

مەن بۇ بىلىم - ھېكمەتلەرنى دانىشمەنلەرگە شاگىرت بولۇش ئارقىلىق ئۆگەنمىدىم. مېنىڭ ئۆگەنگەن بىلىمىمگە نادان كىشىلەر ئۇستاز بولغان. نادانلار قانداق يامان ئىشنى قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلدىم. يامانلىقتىن قېچىپ، ياخشى ئىشلارغا يېقىن بولدۇم. جاھان ئەھلىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى نادانلىقتىن ئىبارەت. كىمكى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتسا، ئۇ كىشى ئىلىم - ھېكمەت ساھەسىگە كىرگەن بولىدۇ. شۇڭا دانالار جاھاندىن قول ئۈزۈشنى ئەلا بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. كىمكى خارابات

www.uyghurkitap.com

خەزىنىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۆز قەسرىنى ۋەيران قىلسا، بۇ بەخت ـ سائادەتىنىڭ بېشارىتىدۇر. جاھاندىن قول ئۈزۈش پادىشاھلىقنىڭ شەرتىدۇر. چۈنكى كۆرۈنۈشتىكى خارابلىقتىن روھىي جەھەتتىكىي، ياق، بەلكى ماھىيەت جەھەتتىكى ئاۋاتلىق ھاسىل بولىدۇ.

**ئىسكەندەرنىڭ ئۆلۈم ئازابىدىن تال چىۋىقتەك تولغانغانلىقى ۋە ئۆزىگە ھازا تۇتماسلىق**
**ھەققىدە ئانىسىغا خەت يازغانلىقى، ئاندىن كېيىن تەقدىر ئىسكەندەرنىڭ ھاياتلىق**
**خېتىنى ئېلىپ، كۆزلىرىگە سۈرتكەنلىكى، خالايىق ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنى**
**كۆتۈرۈپ، ئىسكەندەرىيىگە كەلتۈرگەنلىكى، ئانىسى خەتنى تاپشۇرۇ-**
**ۋېلىپ، تاۋۇت ئالدىغا چىققىنىدا، ئوغلىنىڭ خۇددى بوۋاقلىق**
**مەزگىلىدە ئۇخلاش ئۈچۈن بۆشۈك ئىچىدە ياتقاندەك بۇ**
**تاۋۇت بۆشۈكى ئىچىدە يېتىپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا**
**كەتكەنلىكى، ئانىنىڭ يەر كۆكسىنى خۇددى**
**ئۆز كۆكسىنى يارغاندەك يىرىپ،**
**ئوغلىنى تۇپراققا تاپشۇرغانلىقى** ①

تارىخشۇناسلار بۇ ماتەملىك داستانىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

ۋاقتىنىكى، ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئۇمۇر قۇياشىنىڭ زاۋاللىققا يەتكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ دۇنيادىن كېتىدىغان، جاھانىنى، ياق، بەلكى جانىنى تەرك ئېتىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدى. دەۋرانىنىڭ بۇ داراسى ئەجەل جامىدىن ئۆلۈم زەھىرىنى ئىچىۋاتقان مۇشۇ ئېغىر كۈندە، ئۆزىنى كىچىك ۋاقتىتىن باشلاپ بېقىپ، چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشقان ئانىسىنى يادىغا ئالدى. ئانىسى يادىغا يېتىش بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئوت تۇتاشتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، خالايىققا قاراپ، خۇددى ئەجەل شىۋىرغى-

---

① قول يازمىنىڭ ئاخىرىدىن بىر نەچچە ۋاراق يوقالغان، بۇ بىر ماۋزۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانى ئاساسىدا تولۇقلاپ ئىشلەندى.

نىدەك سوغۇق بىر ئاھ چەكتى . ئاندىن ئانىسىغا خەت يېزىپ ، قەغەز يۈزىنى قارا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋەسىيەتلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ، كاتىپ ، قەغەز ۋە قەلەم كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى .

سەھىپىلەرگە گۆھەرلەرنى چاچقۇچى ، قەلىمى چاققان بىر كاتىپ بۇ دەردلىك سەھىپىنى ئېچىپ ، قەلەمنى تەييارلىدى . ئۇنىڭغا ئىسكەندەر ئۆز ھېكمەتلىرىنى بايان قىلدى . كاتىپ قالدۇرماستىن يېزىشقا باشلىدى . خەت مۇنداق باشلاندى :

« بۇ خەت بولسا پۈتۈنلەي دەردلىك سەھىپىلەردىن ئىبارەتتۇر . تەڭرى بەدەن ئىچىگە جان جەۋھىرىنى سالغۇچى ۋە ئۆزى بەرگىنىنى يەنە قايتۇرۇپ ئالغۇچىدۇر . ئۇ دېڭىزدا يوقالغانلارنىڭمۇ يولباشچىسى ، چۆل ـ باياۋانلاردا ئۆلگەنلەرنىڭمۇ ھىمايىچىسىدۇر . ئۇ گادايلىقنى پادىشاھلىقتىن ئەزىز قىلغان . جاھان شاھلىرى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس پۇچۇق يارماقتۇر . تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەر تاپقاندا ئەمەل ۋە مەنسەپنىڭ ھەشەمەتلىرى ھېچ نېمىگە ئەسقاتمايدۇ . ئۇنىڭ ھەربىر قازا ۋە تەقدىرىگە نۇرغۇن ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان . ئۇنى ئەقىل ھەر قانچە پىكىر قىلسىمۇ بىلىپ بولالمايدۇ . تەڭرىنىڭ ئۆزىلا چەكسىز ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر . ئۇنىڭ ھەم باشلىنىشى يوقتۇر ، ھەم ئاخىرى يوقتۇر . مەن تەڭرىنىڭ ھەمدۇسانالىرىنى مۇشۇنچىلىك بايان قىلدىم . ئەمدى ۋەسىيىتىمنى باشلاي . مەندەك ئەجەل قوشۇنى ئىلكىدە ئاجىز بولغان بىچارە ناتىۋاننىڭ بۇ بۇزۇلغان تېنىمنىڭ جېنى ھەم ۋۇجۇدۇم گۆھەرىنىڭ كېنى بولغان سەن ئانامغا دەيدىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە :

مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ ، يىراق يەرلەردە يۈرۈپ ، سېنى جۇدالىق دەردى ۋە پۇرقەت ئازابىدا قويدۇم . بېشىمغا بىھۇدە خىياللار كىرىۋېلىپ ، مېنىڭ ھۈنىرىم جاھاننى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ، دەپ قارىدىم . لېكىن قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى خام خىيال ئىكەن . چۈنكى كۆڭلۈم ھەۋەس شارابلىرىنى ئىچىش بىلەن مەست بولۇپ قالغانىكەن . مېڭەمگە ھوش ۋە ئەقىل

www.uyghurkitap.com

پەيدا بولغاندا، پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېسىت، سەن ئۈچۈن ئوغۇل بالى-
لىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىسامۇ، ساڭا قۇللۇق بەجا كەلتۈرۈپ ئۆتسەمچۇ!
كاشكى، سېنىڭ بوسۇغاڭدىكى تۇپراق بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئۆزىنى پادىشاھلىق
دەپ بىلگەن بولسامچۇ! مانا ئەمدى مېنىڭ ئۇ ئارمانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇ-
شۇمغا پەلەك ھەسەتخورلۇق قىلىپ، تەقدىر يول بەرمەيۋاتىدۇ. بۇ
خىجالەتچىلىك ئۈچۈن ئەمدى ئۆلەر ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغىنىمنىڭ
نېمە پايدىسى. ئەگەر سېنىڭ رازىلىقىڭ مەن بىچارىنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن
بەرمىسە، مېنىڭدەك ناتىۋاننىڭ ھالىغا ۋاي! يۈز قېتىملاپ ۋاي! مەن گەرچە
سېنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىڭنى تۇتالمىغان بولسامۇ، لېكىن سەن مېنىڭ بۇ
ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلغايسەن: بۇ خېتىم قولۇڭغا تەگكەندە مېنىڭ ھەممە
ئەھۋالىم ساڭا ئايان بولىدۇ. بۇ چاغدا سېنىڭ ھاياتىڭغا ھاياجان چۈشۈپ،
جىسمىڭ پارە ـ پارە بولغىدەك ھالەتكە يېتىشى مۇمكىن. بىراق سەن جاھان
ئەھلى ئىچىدىكى بىر ئەقىللىق ئانا، شۇنداقلا خەلقىم ئالدىدا مېنىڭ
ۋەسىيىتىمنى ئادا قىلغان بىردىنبىر كىشى. شۇڭا تەقدىر ماڭا ھەرقانداق
قىسمەتنى يازسا، ئۇنىڭغا سەنمۇ ماڭا ئوخشاش رازى بولساڭ. كۆڭۈل
رىشتىڭنى مەندىن ئۈزۈپ، تەڭرىگە باغلىساڭ. كاچات ئۆرۈش بىلەن يۈزلە-
رىڭنى ئىپاردەك قارا قىلمىساڭ ۋە بۇ ئىپار ئۈستىگە ئاپئاق چاچلىرىڭنى
كاپۇردەك چۇۋۇمىساڭ. مەن ئۈچۈن ماتەم ئاھاڭلىرىڭنى توۋلاش بىلەن جا-
ھانىنى ماتەم تونىدە قارا قىلمىساڭ. قۇياشتەك ئىچىڭنى ھارارەتكە تولدۇرۇپ،
ياقاڭنى سۇبھىدەك يىرتمىساڭ. قۇياش گويا نۇر رىشتىلىرىنى چاچقىنىغا
ئوخشاش ئاپئاق چاچلىرىڭنى سارغايغان يۈزلىرىڭگە چۇۋۇمىساڭ.
باشقىلاردەك، يەنى ئوغۇل ماتىمى تۇتقان باشقا ئانىلاردەك يۈزلىرىڭنى تا-
تىلاپ، يارا قىلمىساڭ. ئەگەر سەۋر قىلىشقا تاقىتىڭ، تاقەت قىلىشقا
قۇۋۋىتىڭ يەتمىسە، سەن تەييارلىق قىلىپ بىر چوڭ مەرىكە تۈزگىن. ئۇ
مەرىكىگە ھېسابسىز كۆپ لەززەتلىك تائاملارنى تەييارلا. ئاندىن پۈتكۈل

ئەتراپقا جاي سالدۇرۇپ، ھەممە كىشىنى ئايۋىنىڭغا تەكلىپ قىلغىن. ئۇلارنى يىغىلغاندا داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن مۇلازىملارغا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاش تارتىشنى بۇيرۇغىن. ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا ئاش تارتىپ بولغاندا، سەن جاكارچىغا تاپشۇرغىن. ئۇ جاكارچى: ‹ بۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئەسكى گۆھ-بەز ئىچىدە ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرى ئۆلمىگەن كىشى بولسا، ئاشۇ كىشى بۇ ئاشلاردىن يېسۇن › دەپ جاكارلىسۇن. شۇندىن كېيىن سەن داستىخىنىڭغا قاراپ باق. بىرەر ئادەم تائامغا قول سۇنامدۇ - يوق. ئەگەر بىرەر ئادەم ئاشقا قول ئۇزاتالىسا، سەنمۇ مېنىڭ ماتەمىمنى تۇتۇپ ئازاب چەككىن. ئەگەر ئۇ تائاملارغا ھېچكىم قول ئۇزارتمىسا ۋە ئۇنى يېمىسە، بۇنىڭدىن جاھاندا يېقىنلىرى ئۆلۈپ تۇپراققا كىرمىگەن بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولىدۇ. ھاياتنىڭ قائىدىسى شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭگە تەسەللىي تاپقىن. مېنىڭ ماتەمىم دەردىدىن قۇتۇلۇپ، پۈتكۈل ئالەم ئەھلى بىلەن ھەمدەرد بولغىن. سەن ھەر قانچە بەختىيار ۋە يول باشچى بولساڭمۇ، لېكىن يەنىلا باشقىلارغا ئوخشاشلا تەڭرىنىڭ بەندىسسەن. شۇڭا ئۆزۈڭنى بارچە خالايىق بىلەن ئوخشاش بىلگەيسەن. ھەق رىزاسى ئۈچۈن تىرىشقايسەن. مەن خاھى ياخشى بولاي، خاھى يامان، بەربىر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم. ئەجەل ماڭا ئامان بەر-مىدى. گەرچە مەقسەت گۆھىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسامۇ، لېكىن ئەمدى پۇشايمان قىلغىنىم بىلەن پايدىسى يوق. ساڭا بىر نەچچە كۆڭۈللۈك پۇرسەت بولسىلا، ھەقنى ئۇنۇتما. تائەت بىلەن بولغان مۇبارەك ۋاقىتلىرىڭدا بۇ ئۆلگەن غېرىب ئوغلۇڭنى ياد قىلغىن، دۇئا بىلەن روھىمنى شاد قىلغىن.»

ئىسكەندەر پۈتكۈل مەقسەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. بۇلارنىڭ ھەم-مىسى ۋاراق ئىچىگە يېزىلدى. ئاندىن ئۇنى قاتلاپ ئورىغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا بېرىپ، كۆڭۈل تىلەكلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— كېچە - كۈندۈز توختىماي مېڭىپ، بۇ مەكتۇپنى ئانامغا يەتكۈ-

www.uyghurkitap.com

زۇڭلار. ئەمدى مېنىڭ قۇياشىمنى ئىپاردەك قاپقارا بۇلۇت قاپلايدۇ. ئاپتىپىم ئۆچىدۇ. سىلەر مېنىڭ بېشىمدا ئىزتىراپقا چۈشمەڭلار. ھازاماتىمىمنى تۇتىمىز دەپ جاھاننى خاراب قىلماڭلار. جەسىتىمنى تاۋۇتقا سېلىپ، كېچە-كۈندۈز دېمەستىن تېز ئىلگىرىلەڭلار. بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، جەسىتىمنى ئىسكەندەرىيىگە ئېلىپ بېرىڭلار. تىرىك ۋاقتىمدا ئۇ يەر ماڭا ۋەتەن بولغانىدى. ئۆلۈكۈمگىمۇ شۇ جاي دەپنىگاھ بولسۇن. مېنى تاۋۇتقا سالغان ۋاقتىڭلاردا چوقۇم بىر قولۇمنى تاۋۇتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇڭلار. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرەت كۆزلىرى بىلەن، ياق، بەلكى ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالسۇن. قولۇمنىڭ بۇ پەنجىلىرى ۋە قاتار تىزىلىپ تۇرغان بارماقلىرى جاھاندىن ۋە جاھان ئەھلىدىن ئۈزۈلدى. مەن گەرچە بۇ قوللىرىمغا پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ھەم بارلىق دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلارنىڭ بايلىقلىرىنى كىرگۈزگەن بولساممۇ، لېكىن ئەجەلنىڭ قوللىرى ئۆلۈم سەپەرىنىڭ ناغرىسىنى چالغاندا، بۇ جاھاندىن قوللىرىم خۇددى چىنار شېخىغا ئوخشاش قۇپقۇرۇق ھالدا كەتتىم. ھېچ نەرسىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمىدىم. شۇڭا ئالەم ئەھلى مېنىڭ قولۇمنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن. بۇ ئالەمنىڭ بايلىقلىرىغا ئارتۇقچە ھېرىسمەن بولمىسۇن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ تۈگىتىش بىلەنلا كۆز يۇمدى. ئۇ پانىي ئالەمنى ئىشغال قىلغانىدى. ئەمدى باقىي ئالەمنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ روھى يەردىن كۆككە قاراپ سەپەر قىلدى. ماتەمدىن يەر ۋە كۆك ئاستىن-ئۈستىن بولدى. ئۆلۈم شۇئىرغانلىرى جاھاننى كېزىپ، ئالەم يۈزىنى قارا تۇپراق بىلەن قاپقاراڭغۇ قىلدى. بۇ شاھانە دەرەخنىڭ بېشى ئېگىلدى. تاج يەرگە چۈشتى، تەخت يۈز پارە بولدى. ئۈزۈكمۇ ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ يۈزلىرىنى يونۇپ، بۇدۇر-چوقۇر قىلىۋەتتى. سوغۇق شامال بارلىق ھېكمەت كىتابلىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى يىرتىپ ئۇچۇرۇپ كەتتى. كىشىلەرگە پەقەت ساۋات چىقىرىش تاختىسىلا قېپقالدى. پۈتكۈل ھېكمەت ئەھلى

خۇددى كىنابقا ئوخشاش قارا كىيىم كىيدى. ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئوخشاش قارا سىياھ ئىچىگە چۆمدى. يەر ۋە پەلەك ماتەم دەستىدىن چايقىلىپ كەتتى. لېكىن ئارىدىن يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر شاھنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يادىغا ئېلىپ، خالايىققا سەۋر قىلىش ھەققىدە ئاجىزانە خىتاب قىلدى. شۇنىدىن كېيىن ئۇلار ئاھ ـ پىغان چېكىشنى قويۇپ، ئىسكەندەرنى ئۆز ۋەسىيىتىدە ئېيتىلغاندەك تەرتىپ بىلەن تاۋۇتقا سالدى. تاۋۇتنى بولسا مەپىگە سېلىپ، شاھ دېگەن مەنزىلگە قاراپ راۋان بولدى.

ئىسكەندەرنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئالدىن يولغا چىققان كىشى ئۇ خەتنى شاھنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئانىنىڭ مېڭىسىدىن ئەقلى ـ ھوشى چىقىپ كەتتى. ئۇ گويا بىر جانسىز جىسىمغا ئوخشاپ قالدى. بۇ ماتەم ۋە غەمدىن ئانا ئۆز كۆكسىنى يىرىپ، ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى بولدى. ئەمما خەتنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئۆزىنىڭ غەمكىن جېنىغا تەسەللىي بەردى. ئىسكەندەرنىڭ يازغان خېتى بويىچە ئىش تۇتۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ۋەسىيەتنىمۇ بېشىدا توختىتالمىدى. ئۇ ئاھ ئوتلىرى بىلەن جاھاننى، ياق، بەلكى توققۇز قات ئاسماننى كۆيدۈرمەكچى بولاتتى. بىراق يەنە ئوغلىنىڭ سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، پىغان زەھرىنى ئىچىگە يۇتاتتى. بۇ دەرد ئوتىدا يوشۇرۇن ئۆرتىنەتتى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئوتلىرىدا جاھان ئۆرتىنەتتى. جىسمىدىكى تومۇرلار ۋە توقۇلمىلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ، قۇرۇغان سۆڭەكلىرىمۇ كۈل بولۇشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا خالايىق ئىسكەندەرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. پۈتكۈل تاغۇ باياۋانلارنى ماتەمدارلار قاپلىدى. كىشىلەر ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنى يەلكىلىرىدە قويۇپ، ھەر بىر قەدەم يولغا جانلىرىنى پىدا قىلغان ھالدا كەلمەكتە ئىدى. ئانا بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، يۈرەك بۇلۇتىدىن چاقماقتەك

www.uyghurkitap.com

ئوتلۇق بىر ئاھ چەكتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، بىلىنى باغلاپ، قوللىرىغا ھاسا تۇتقان ھالدا، يولغا چىقتى. ئانا بۇ ئالەمنىڭ ئىچىنى داغلاپ، دەردمەنلەرچە قەدەم ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئانىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرۈپ، ئاسمانمۇ ئۇياتتىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئانا يىراقتىن ئوغلىنىڭ تاۋۇتىنى كۆرۈپ، پەلەكنىڭ قىلدىغان جاپالىرىنى قىلىپ، بۇ ھاياتلىق ئۇمىدىنى ئاخىرى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنى بىلدى. خالايىق پەلەكتىن بۇ خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى كۆرۈپ، شۇنداق سۈرەن سېلىشتىكى، پەرىشتىلەرمۇ بۇ ئىشقا ھاياجانلانماي تۇرالمىدى.

ئانا تاۋۇت يېنىغا يېتەكلەندىن كېيىن، دەردمەنلەرچە ئاۋاز بىلەن مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ئەي ئەزىز مېھمىنىم، خۇش كەلدىڭ، كەلگەن قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن. مەن قېرىغان كېنىزەكنىڭ جېنى يولۇڭدا پىدا بولسۇن. بۇ ئالەم سارىيى ساڭا لايىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىزنى غۇربەتتە قويۇپ كېتىپ قالدىڭمۇ؟ بۇ دۇنيادىن ئىبارەت قارا تۇپراق سەندەك پاك نۇرغا قانداقمۇ لايىقىدا ماكان بولالىسۇن؟! شۇڭا سەن ئۇ ئالەم بېغىنىڭ بوستانىنى مۇنەۋۋەر قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتتۇڭ. ئەقىل ـ ئىدراك سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى مۇۋاپىق تاپىدۇ. ساڭا مۇشۇ ئىش بىلەن شادلىق ھاسىل بولغان بولسا، بۇ خۇشاللىقىڭغا بىزنىڭ رازى بولۇشىمىز زۆرۈر. بىراق، ماڭا بۇ پەلەكتىن ۋە بىھايا دۇنيادىن شۇ قەدەر زۇلۇم يەتتىكى، سېنىڭدىن بۇرۇن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ، ساڭا جەننەت ئىچىدە ئورۇن ياساشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. تەقدىر شۇ قەدەر ئاجايىپ ئويۇن ئوينىدىكى، قۇياش غايىب بولۇپ، يەنە قېرى پەلەك قېپقالدى. بۇنداق بولارىنى خىيال قىلغان بولسام، دەرد ـ ئەلەم مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتى. بۇنداق ئىشنى چۈشۈمدە كۆرگەن بولسام، شۇ ھامان يۈرىكىم يېرىلغان بولاتتى. تەقدىر ئىلكىدىن بۇ

ئىش تۇيۇقسىز جېنىمغا تاقالدى . بۇ بالا - قازا سېلى تۇساتتىنلا جىسمىمغا يۈزلەندى . ئەگەر ئاشكارا ماتەمگىنى تۇتالىغان بولسامۇ ، بۇنچىۋالا ئازاب چەكمەس ئىدىم . ئاق چاچلىرىمنى چۇۋۇپ ، گاھ ھوشۇمغا كېلىپ ، گاھ ھۇشسىز بولۇپ ، يۈزلىرىمنى تىرناپ ، بۇ زەپىرانزارغا لالە گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان بولسام ، ياقىلىرىمنى يىرتىپ ، قارا كىگىز كىيىپ ماتەمگىنى قىلسام ، ھازا ئېچىپ ، نالە پەريادلىرىمنى پەلەككە يەتكۈزسەم ، تاۋۇتۇڭ ئالدىدا جان بېرىپ ، زەئىپ جىسمىمنى تېنىڭ ئۈستىگە تاشلىسام . شۇ ئارقىلىق بۇ پەلەك زۇلمىدىن خالىي بولۇپ ، سەن بىلەن بىللە كەتكەن بولسام ئىدى . مېنىڭ غەم مېھنەتلىرىم ۋە دەرد ئەلەملىرىمنىڭ سەۋەبى شۇكى ، سېنىڭ ماتەمگىنى تۇتۇپ ھازا ئاچالمىدىم . بۇ جاننى بېرىپ ، سېنىڭ ئارقاڭدىن بارالمىدىم . چۈنكى ماڭا سەندىن بۇرۇن خېتىڭ يېتىپ كەلدى . ئۇ خەتتە قانداق ئىشلارنى ئىلتىماس قىلغان بولساڭ ، سۆزۈڭنى قوبۇل قىلىش زۆرۈر ئىدى . گەرچە چەكسىز ئازابلىنىۋاتقان بولسامۇ ، لېكىن سۆزۈڭنى ئاڭلىماسقا ھەددىم يوق . چۈنكى ، بۇ خەتتە يېزىلغىنى خاقاننىڭ ياكى قەيسەرنىڭ سۆزى ئەمەس ، بەلكى ئىسكەندەرنىڭ سۆزى . ئاھ ، تېنىم قۇتىسىدىكى پاك گۆھەر قېنى ؟! سۇ ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ شاھى ئىسكەندەر قېنى ؟!

ئانىنىڭ بۇ پىغانلىرىدىن خالايىق ئىچىگە ھاياجان چۈشتى . ئۇلار ئاھۇ - ئەپغان چېكىشكەن ھالدا شاھنى مەڭگۈلۈك ئارامگاھىغا ئېلىپ كېلىشتى . ئۇ تەننى دەپنىگاھقا يەتكۈزدى . ياق ، بەلكى ، روھنى تەنگە يەتكۈزدى . قارا تۇپراقنىڭ باغرىنى يېرىپ ، ئىسكەندەردىن ئىبارەت بۇ قۇياشنى شۇ تۇپراق ئىچىگە يوشۇردى . بۇ كونا پەلەك قۇياشنىڭمۇ قارا تۇپراققا پېتىشى بىر ئادەتتۇر . شۇڭا ، ئىسكەندەرنىڭ نۇرلۇق جىسمىنى قارا تۇپراققا كۆمۈپ ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يۈز تۈمەنلەرچە زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن ياساپ چىقتى . ئۇ قەبرىگە پەلەك ئەتلىسىنى يوپۇق قىلدى . كىشىلەر نەچچە

www.uyghurkitap.com

كۆنگچە نالە ـ پىغان قىلىپ، شاۋقۇن سۈرەن ـ سېلىشتى. لېكىن بۇ دەردكە ھېچبىر داۋا تاپالمىدى. قانچە نالە ـ پەرياد چېكىشكەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئاخىر ھەممىيلەن قازانلىك ھۆكمىگە سەۋر قىلىپ، كۆ-ڭۈللىرىنى توختىتىپ، خۇشاللىق ئادەتلىرىنى داۋام ئەتكۈزدى. **ساقىينامە:**

ئاياقچى، ئىچىم كەلدى غەمدىن بەتەك،
كەتۈرگىل تولا ساغەرى لالەرەك.
كى چۈن بولسا ئانى سۈمۈرمەك ماڭا،
ئىش ئولغاي ھەم ئول دەم ئۆگۈرمەك ماڭا.
مۇغەننىي، كەلۈنەۋھە ئاھەڭگى تۈز،
بۇزۇغ كۆڭلىمىزنى يانا داغى بۇز.
كى ھەم ماتەمى كەلدى، ھەم غەمزەدە،
فىراق ئىچرە بىزنى بۇ ماتەمكەدە.
نەۋائى جەھاندىن ۋەفا ئىستەمە.
تۇتۇپ بىنەۋالىغ، نەۋا ئىستەمە.
بىراۋغە جەھاندىن يېتىشمەس ئەنا،
كىم ئول تۇتسە ئايىنى فەقرۇ فەنا.

责任编辑:乌布力·斯拉木
封面设计:吐尔地卡德尔·纳孜尔

毛拉斯迪克·叶尔坎迪

**赛地伊斯坎德尔**

阿不都克尤木·霍加 整理

策划:新疆维吾尔自治区维吾尔古典文学研究会

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001)
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　9.875印张 5插页
1995年9月第1版　1995年9月第1次印刷
印数:1——1100

ISBN7—228—03470—8/I·1229
定价:平装:17.80元 精装:19.80元